شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدى [illegible] رنال
شىنجاڭ 2 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرنى [illegible] ىشكەن ژۇرنال

HERITAGE UIGHUR FOLK LITERATURE



美拉斯

# ميراس

1
2003

ISSN 1004-3829
02>
9 771004 382027

# كۆكلەم باللىرى

ئابدۇشۈكۈر كېرىم فوتوسى













# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2003 ـ يىل 1 ـ سان


## قانۇنسىز ئەل بولماس

چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراش .......... **ئابدۇلئەھەد ئابدۇرېشىد بەرقى (1)**

## ئەينەك

«ئىنگلىز تىلى»لىقلارنىڭ ھەسرىتى ........................ **رۇەن ۋېي (8)**

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئادەم سۆزىدىن بىلىنەر ........................ **ئېلىس موترىك (ئەنگلىيە) (11)**

ئەپسانە ۋە ئەپسانىشۇناسلىق ھەققىدە ............ **ئابدۇكېرىم راخمان (15)**

قىيادىكى ئوۋچىنىڭ نالە ـ زارى ..................................

.......................... **چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار چاقانوف (20)**

ياپونىيىدىكى شىنجاڭلىقلارنىڭ ئۆگىنىش ھاياتىدىن ئەسلىمە ..................

...................................................... **مەريەم ساقىم (38)**

## دۇنياغا نەزەر

بىزنىڭ تۇرمۇش يولىمىز ............................. **ئېرىخ فروم (49)**




(ئومۇمىي 75 ـ سان)


باش مۇھەررىر:

**يۇسۇپ ئىسھاق**

تەھرىرات باشلىقى:

**بەختىيار باھاۋۇدۇن**

جاۋابكار مۇھەررىرى:

**خۇرسەنئاي مەتمىن**

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى نەشر قىلدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 - 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829

ۋاكالەت نومۇرى: 58 _ 60

باھاسى: 4.00 يۈەن

## مۇشتەرى بولۇڭ

ژۇرنىلىمىزغا ھەر قايسى جاي-لاردىكى پوچتىخانىلار ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق ھەرقانداق چاغدا مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ.

## ئەسەر ئەۋەتىڭ

ئادرىسىمىز: ئۈرۈمچى شەھرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22- نومۇر. بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئادرېسىڭىزنى، كىملىك نومۇرىڭىزنى ئەسەر كەينىگە قوشۇپ يېزىشنى ئۇنۇتماڭ.

## قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 - نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 14 - قەۋىتىدە)

تېلېفون: 4554017 — 0991
پوچتا نومۇرى: 830001

ئامېرىكىلىقلار ئەقىل ساتىدۇ، جۇڭگولۇقلارچۇ؟............ مەي دى (53)

ئەرەب قەلەمىدىكى كۈنلەر ............ ئادىل تۇنىياز (69)

### كۆلكە ـ جان ئوزۇقى

يومۇرلار ............ توپلىغۇچى: ماخمۇت مۇھەممەت (52)

### مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا

ئانىنىڭ بىر قولىدا بۆشۈك، بىر قولىدا دۇنيا تەۋرەر ............
............ رىزائىۋەددىن ئىبىن فەخرىۋەددىن (56)

### مەنىۋىيەت يۇلتۇزلىرى

مەشھۇر ئالىم ئەل پەرغانى ............ ئەزىزى (65)

### ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

تارىخشۇناسلار، خاپا بولماڭلار! .... توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى (70)

«جامائەت پىكرىنىڭ بىردەكلىكى»نىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى ............ (71)

خەلق «بەزى ئادەملەر»چىلىكمۇ بولالمايدۇ؟ ............ (73)

غەربىي شىمال ئاشلىق خەزىنىسىدىكى خىيانەتچىلىك ............ (74)

قەدرى قىممەتلىك «ئۆزرە» ............ (76)

بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ قويۇڭ ............ (77)

**ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، تالانتلىق شائىر، ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى (1923—2003) تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز**



# چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراش

MIRAS

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرېشىد بەرقى

1

ئارىمىزدا «بۆكىنى ئەكەل دېسە، بېشىنى ئەكەپتۇ» دېگەن ئاتىلار سۆزىنىڭ نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلمەيدىغانلار يوق، بۇ سۆزنى «بېگىدىن غالچىسى يامان» دېگەن ھېكمەت بىلەن بىرلەشتۈرسەك، ئۇنىڭ مەنىسى تېخىمۇ يارقىنلىشىدۇ. ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىر نەچچە جۈملە بىلەنلا ئادەمنى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە يەكۈنلەپ، تەپەككۇر خەزىنىسىنى بېيىتىش خەلقىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت دۇنياسىدىكى يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى. يۇقىرىقى ئىككى ھېكمەت بۇنىڭ جانلىق مىسالى.

بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ھۆكۈمران بىلەن ھۆكۈم ئىجرا قىلغۇچىلار ھەققىدە ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە ھالدا بىر نەچچە يەردە توختىلىدۇ ۋە ناچار ھۆكۈم ئىجرا قىلغۇچىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمراننىمۇ مات قىلىپ تاشلىيالايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. «بۆكىنى ئەكەل دېسە، بېشىنى ئەكېلىش» ماھىيەتتە ئىجرا قىلغۇچىنىڭ نادانلىقىغا قىلىنغان كىنايە بولۇپ، ئۇنىڭ قېتىغا ئاچچىق بىر ئىجتىمائىي ھەقىقەت يوشۇرۇنغان. ھۆكۈمراننىڭ ئاقىل بولۇشى، ساغلام جەمئىيەتنىڭ كاپالىتى ئەمەس. ئاقىل ھۆكۈمران بىلەن ئاقىل ئىجراچى بىرلەشكەندىلا، ساغلام جەمئىيەتكە ھۇل سېلىنىدۇ.«تاش ئاقىلنىڭ قولىغا ئۆتسە، گۆھەرگە ئايلىنىدۇ، گۆھەر نادانىنىڭ قولىغا ئۆتسە، تاشقا ئايلىنىدۇ» دېگەن ھېكمەتنىڭ روھى بويىچە نادان ئىجرا قىلغۇچى گۆھەردەك قانۇن ـ سىياسەتلەرنى تاش ئورنىدا ئىشلىتىدۇ، ياكى تاش دەرىجىسىگە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ ئىشلىتىشى مۇمكىن.

«بۆكىنى ئەكەل دېسە، بېشىنى ئەكەپتۇ» دېگەن ھېكمەتنىڭ يەنە بىر قوشۇمچە مەنىسى، ھۆكۈم ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمنى ئىستېمال قىلغاندىكى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشىدۇر. خەلقىمىزدە «مەركەزدە ئىككى بال

شامال چىقسا، ئۈرۈمچىدە تۆت بالغا ئۆزگىرىدۇ، يەنە بىر دەرىجە تۆۋەن جايلارغا بارغاندا سەككىز بال بورانغا ئايلىنىدۇ. بوراننىڭ سۈرىدىن جاھان تىترەپ كېتىدۇ» دېگەن چاقچاقلىرى دەل مۇشۇ مەسىلىگە قارىتىلغان. ئەلۋەتتە، تاغدىن تاش غۇلىغاننى كۆرگەن ئادەملەرگە مەلۇم، تاغدىن تاش غۇلىغاندا تاش پەسكە چۈشكەنسېرى، سۈرئىتى شۇنچە تېزلىشىدۇ. تاشنىڭ زەربىسىدىن نۇرغۇن تاشلار جايىدىن قوزغىلىپ، تەڭ غۇلاپ قورقۇنچلۇق بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. چوققىدىن بىر تاش غۇلىغان بىلەن پەسكە چۈشكىنى بىرەر مىڭ تاش بولىدۇ. كىشىلەر ئاندىن تاش غۇلاش بىلەن مەركەزدىن شامال چىقىشنىڭ قانۇنىيىتىنى ئوخشاش دەپ قارايدۇ. مەسىلە مانا مۇشۇ يەردىن كېلىپ چىققان. بىز تاغدىن تاش غۇلاش بىلەن مەركەزدىن شامال چىقىشنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى كۆزىتىپ باقساق، دەرھال پەرقىنى بايقايمىز، مەركەز قارىماققا چوققىغا ئوخشايدۇ. لېكىن ئوبدان كۆزىتىپ باقساق، ئۇ ماھىيەتتە چوققا ئەمەس، بىر مەركەزدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئۇ تاغنىڭ چوققىسىدىن كۆرە كۆلنىڭ مەركىزىگە (ئوتتۇرىسىغا) بەكمۇ ئوخشايدۇ. چۈنكى بەزىدە مەركەزدە چىققان ئىككى بال شامال يەرلىككە بارغاندا بورانغا ئايلىنالىغان بىلەن، بەزىدە يەرلىككە بارغاندا ئېغىزدىن چىققان تىنىقتەك كۈچى قالمايدۇ. ئەمما، تاغدىن تاش غۇلىسا نەتىجە ھامان ئوخشاش بىر تاش غۇلاپ، مىڭ تاش بولۇپ پەسكە چۈشىدۇ. مەركەزدىن باشلانغان ھەرىكەتنىڭ قانۇنىيىتى ئىككى خىل، بەزىدە تۆۋەنگە چۈشكەنسېرى كۈچىيىدۇ. بەزىدە تۆۋەنگە چۈشكەنسېرى يوقاپ كېتىدۇ. مەركەزدىن تۆۋەنگە پويىز ئەۋەتكەن بولسا، خەلقنىڭ قولىغا تەگكەندە، ئېشەك ھارۋىسى بولۇپ چىقىدۇ. ئەمما، بۇنداق ئىشنى ئاقلايدىغانلار كۆرمىڭ. پويىزنىڭ ئېشەك ھارۋىسىغا ئۆزگىرىپ كېتىشى يەرلىكنىڭ خاتالىقى ئەمەس، بەلكى ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇپ چىقارغان ئىلمىي قارار. يەرلىكنىڭ تېخنىكا كۈچى شۇنداق قالاق، ئۇل قۇرۇلۇش مۇئەسسەسىلىرى پويىزنى قوبۇل قىلالمىغۇدەك تۇرسا، ئېشەك ھارۋىسى تاپشۇرۇۋالماي نېمە تاپشۇرۇۋالساڭ بولاتتى؟ تۆۋەندىكى خەلقمۇ مەسىلە تەھلىل قىلىشقا بەكمۇ ئۇستا. ھەزىم قىلالماسلىقنى ئاشقازىنىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدىن كۆرمەي، تاماقنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن كۆرسەك قانداق بولىدۇ، دەپ چۇرقىرىشىدۇ ئۇلار. ئەمما، ئاشقازاننىڭ كۈچىنى تاماقنى يەپ بېقىپ كۆزەتمەمدۇق، دەيدىغانلارنىڭ سادىسى ناھايىتى ئاجىز. قارىغاندا تەپەككۇر قىلىشتىكى كېسەللىكمۇ ئادەمنى رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىدىن يىراقلىتىۋەتسە كېرەك.

2

بىزدە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش بىر كېسەل بولۇپلا قالماي، سەل قاراشمۇ بىر خىل كېسەل. «كۆزگە ئىلىنمىغان چوماق قاپاقنى يېرىپتۇ» دەپ كۈندە نەچچە قېتىملاپ ئېيتىمىز، لېكىن ھەرىكەتتە ئەمەل قىلالمايمىز. شۇنىڭ بىلەن كۆزگە ئىلىنمىغان چوماقلار ئىزچىل ھالدا قاپىقىمىزنى يېرىپ تۇرىدۇ. سەل قاراشمۇ ئىككى خىل مەنىگە ئىگە بولىدۇ. بىرى، پەرۋاسىزلىقتىن، بوشاڭلىقتىن كېلىپ چىققان سەل قاراش. بۇنداق سەل قاراشنى تاشقى دۇنياغا ۋە باشقىلارغا بولغان ئارتۇقچە ئىشەنچىمىز، ساددىلىقىمىز، قارشى تەرەپنى سەل چاغلىشىمىز كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. باشقىلارغا ئىشىنىش ياخشى ئىش. لېكىن، ئەڭ توغرا ئىشەنچ، ئۆزىگە ئىشەنچ باغلاپ بولغاندىن كېيىن، باشقىلارغا ئىشىنىشتۇر. «مېلىڭنى چىڭ تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما» دېگەن ماقالنىڭ ھېكمىتى دەل شۇ يەردە. بۇ ھەقتە ئىبرەتلىك ھېكايىلەر بار. بىر ئالىم بىلەن شاگىرتى تۆگىلىك سەپەرگە چىقىپتۇ. ئالىم سەپەر جەريانىدا شاگىرتىغا ئاللاغا ئىشىنىشنىڭ ھېكمىتى ھەققىدە تەربىيە قىلىپتۇ:

—ئاللانىڭ ئىرادىسىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. ھەممىنى ئاللاغا تاپشۇر، ئاللاغا ئىشەن، — دەپتۇ ئالىم.

شاگىرتى باش لىڭشىتىپتۇ. كەچتە ئۇلار ھېرىپ-ئېچىپ، بىر قونالغۇغا يېتىپتۇ. ئالىم تۆگىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى شاگىرتىغا تاپشۇرۇپ قونالغۇغا كىرىپ كېتىپتۇ. ھەم ھارغان ھەم ئاچقان شاگىرت ئۇستازىنىڭ كۈن بويى قىلغان ئۆگۈتلىرىنى ئەسلىگەچ تۆگىلەرنى ئېغىلغا سولاپ قويۇشقا ئېرىنىپ:

—ئى ئاللا، تۆگىلەرنى ساڭا تاپشۇردۇم،—دېگىنىچە، قونالغۇغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئالىم بىلەن شاگىرت سىرتقا چىقىپ قارىسا تۆگە يوق.

—ئى شاگىرت تۆگىلەر قېنى؟— دەپ سوراپتۇ.

—ئەي، ئۇستازىم، تۈنۈگۈن كەچ بەك ھېرىپ كەتكەچكە، تۆگىلەرنى ئېغىلغا سولاشقا ئېرىنىپ ئاللاغا تاپشۇرۇپ كىرىپ كەتكەنىدىم،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاگىرت.

—ئەي، ئەخمەق،—دەپتۇ ئالىم،—ئاللاغا ئىشەنگىنىڭ، ئاللاغا تاپشۇرغىنىڭ توغرا بوپتۇ. ئەمما بىلىپ قالغىنكى، تۆگىلەرنى قوتانغا سولاپ قويۇشتا ئاللانىڭ سېنىڭ قولۇڭدىن باشقا قولى يوق.

ئىشەنچ ئۆلۈك نەرسە ئەمەس. ئىشىنىشنى بىلىپ،

قانداق ئىشنىش يوللىرىنى بىلمەسلىك قارىغۇلۇقتۇر، بۇنداق ئېتىقاد قارىغۇ ئېتىقادتۇر.

سەل قاراشنىڭ يەنە بىرى، بىلىپ تۇرۇپ سەل قاراشتۇر ياكى مەقسەتلىك ھالدا سەل قاراشتۇر. بۇنداق سەل قاراش كۆپىنچە ھالدا سەل قاراشنىڭ نەتىجىسى سەل قارىغۇچىغا پايدا ئېلىپ كېلىدىغان چاغدا يۈز بېرىدۇ. ئەمما قارشى تەرەپنىڭ سەل قارىشى قارشى تەرەپكە پايدا ئەكەلگەن بىلەن، ساڭا پايدا ئېپ كېلىشى ناتايىن. مەسىلەن: بەدەندە پەيدا بولغان كىچىك بىر ئۆسمىگە سەل قاراش ئۆسمىنىڭ چوڭىيىپ راكقا ئايلىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش بىلەن باراۋەردۇر. بۇ يەردىكى سەل قاراش ئۆسمىگە پايدىلىق، بەدەن ئىگىسىگە زىيانلىق، ئۆسمە ئۈچۈن توغرا، بەدەن ئۈچۈن خاتا.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرى پۈتۈن دۇنيا گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ ياۋۇز نىيىتىگە سەل قارايدۇ. گېرمانىيىنىڭ چېخسلوۋاكىيىنى يولسىزلارچە يۇتۇۋېلىشىغا سۈكۈت قىلدى. ئاقىۋەت فاشىستلار ھەددىدىن ئېشىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى. دۇنيا تارىختىن بۇيانقى مىسلى كۆرۈلمىگەن تراگېدىيىنى بېشىدىن كۆچۈردى. ناۋادا شۇ چاغدا گېرمانىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق نىيىتى دەل ۋاقتىدا چەكلەنگەن بولسىچۇ؟ بۈگۈنكى تارىخ باشقىچە يېزىلغان، دۇنيانىڭ بۈگۈنكى قىياپىتى باشقىچىرەك بولغان بولاتتى.

«ئۇيغانغان زېمىن» دېگەن روماندا خوجىنىياز ھاجى شىڭ شىسەينىڭ مۇئاۋىنى بولۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە يولغا چىقىش جەريانىدا، تۆمۈر خەلپىنى لى شوفۇنىڭ ئالدىغانلىق تراگېدىيىسىنى ئەسلەپ نەچچە قېتىم ئىككىلىنىدۇ. لېكىن، شىڭ شىسەينىڭ سەممىيىتىگە سوۋېت ئىتتىپاقىدەك بۈيۈك دۆلەتنىڭ بەرگەن ۋەدىسىگە ئىشىنىپ يولغا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر خەلپىنىڭ پاجىئەسى ئىككىنچى قېتىم خوجىنىياز ھاجىنىڭ بېشىدا تەكرارلىنىدۇ. بۇ يەردە بىز سەل قاراش مۇشۇ تراگېدىيىلەرنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى دېمەكچى ئەمەس. ئەمما، خوجىنىياز ھاجى لى شۇفۇنىڭ «قۇرئان» تۇتۇپ قىلغان قەسىمىگە ئىشەنگەن تۆمۈر خەلپىنىڭ پاجىئەسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، «قۇرئان كەرىم» بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى سېلىشتۇرالىغان بولسا، دۈشمەن قۇرئان» تۇتۇپ قىلغان قەسەمگە ئەمەل قىلمىغان، «قۇرئان» تۇتۇپ قىلغان قەسەمنىڭ تۆمۈر خەلپىنى ساقلاپ قالالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئويلىنىپ باققان بولسا، ئەڭ بولمىغاندا پاجىئە ئوخشاش شەكىلدە تەكرارلانماس ئىدى. پاجىئەنىڭ ئوخشاش شەكىلدە قايتا يۈز بېرىشىنى توسۇشنىڭ ئۆزىمۇ غەلىبە.

خەلقىمىز ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى ھەققىدە پىكىر قىلىشقا ئامراق، بەك يۈكسەك نەرسىلەرگە ئېرىشىلىۋېلىپ، ئاددىي نەرسىلەرنى دىققەتنىڭ سىرتىدا قالدۇرىدۇ. قەدىمكى يۇناندا ئۆتكەن ئەڭ بۇرۇنقى پەيلاسوپ تايلىس ھەققىدە بىر ھېكايە بار. ئەينى چاغدا كىشىلەر تايلىسنى بىلمەيدىغان نەرسىسى يوق دەپ قارايدىكەن. بىر كۈنى تايلىس ئاسمانغا قاراپ يۇلتۇزلار ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز بىر ئورىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر «تايلىس يۇلتۇزنى تەتقىق قىلىمەن دېگۈچە يولنى ئۇنتۇشاپ ماڭسىچۇ» دەپ كۈلۈشۈپتۇ. بىز بۇ يەردە تايلىسنى توغرا قىلمىدى دېمەيمىز. ئۇلۇغ ھەققەتلەر ئۈچۈن كۈرەش قىلغاندا ئاددىي نەرسىلەرنىڭ قۇربان بولۇپ كېتىشى تەبىئىي. ئەمما، ئاشۇ ئاددىي نەرسىلەر سەن كۈرەش قىلىۋاتقان ھەقىقەتنىڭ تۈنجى قەدىمى بولۇپ قالىدىغان ئىش بولسىچۇ؟ پەستە تۇرۇپ تاغ چوققىسىغا چىقىشنى ئارمان قىلغان ئادەم ناھايىتى ئۇلۇغ ئادەمدۇر. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى، خىيالى ھەرىكەتكە ئايلانمىغان ئەھۋالدا، خىيالدىن ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، تاغقا چىقىش ئۈچۈن تۇنجى قەدەمنى ئالغان ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئالدىدا چاكىنىلىشىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىنمۇ بىزدە ئۇلۇغ خىيال ئىگىلىرى تولا. لېكىن، ئۇلار تۇنجى قەدەمگە سەل قارىغانلىقى تۈپەيلىدىن كۆزىمىزگە چاكىنا ۋە ئاجىز كۆرۈنىدۇ. قىسقىسى، «دىۋانى تۈرك» ھەرقانچە تەتقىق قىلىنسۇن، بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلمايدىكەن، پايدىسى يوق. «قۇتادغۇبىلىك» ھەر قانچە ماختىلىپ، تەتقىقاتچىلار «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە ھەرقانچە ئىزدەنسۇن، بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلمىسا، بۇ ھەقتىكى ھەرقانداق بىر سۆز چاكىنىلىشىپ قالىدۇ. بۇ ئىككى بۈيۈك قامۇسنىڭ بۈگۈنگە يېتىپ كەلگەنلىكى دەل ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ ئىسپاتى. ئەمما، بۇ ئىككى قامۇسنىڭ شۇ دەۋردىكى ئەھمىيىتى تەكىتلىنىپ، بۈگۈنكى ئەھمىيىتى تەكىتلەنمىسە بۇ بىر تراگېدىيە.

ئۇلۇغ ئىشلارغا سەل قاراش بىزنى ھەددىدىن ئارتۇق پۇچەكلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇلۇغ ئىشلارغا ئېرىشىلىۋېلىپ، كىچىك ئىشلارغا سەل قاراش بىزنى قەدەمدە بىر پۈتلاشتۇرىدۇ. كىچىك ئىشلارغا ئېرىشىلىۋېلىپ، چوڭ ئىشلارغا سەل قاراش ئوبرازىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ. ئۇلۇغ ئىشلار بىلەن كىچىك، ئادەتتىكى ئىشلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ئىگىلىۋېلىش كېرەك. ئۇلۇغ نىيەتتىكى كىچىك ئىشلار

ماھىيەتتە ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ تۈنجى قەدىمىدۇر. بىز ھازىر سەل قارىساق، قەستەن پەرۋا قىلغىلى ئۇنىمىساق، بولىدىغان بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ، دۈشمىنىمىزنىڭ تارتقان زىيىنى. پەرۋا قىلماسلىق بۇ زىياننى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرسا، بۇ بىز ئۈچۈن پايدىلىق ئەمەسمۇ.

3

چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن سەل قاراشنىڭ زىيىنى سىياسەت ئىجرا قىلىشتا ئەڭ گەۋدىلىك ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. سىياسىي مەسىلىلەردە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ئىجتىمائىي پاجىئەلەرنى پەيدا قىلسا، سەل قاراشمۇ يەنە شۇنداق پاجىئەلەرنى پەيدا قىلىدۇ. سىياسەت قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان جەمئىيەتتە تېخىمۇ شۇنداق. جۇڭگونىڭ تارىخىنى ۋاراقلىساق، بۇنداق پاجىئەلەرنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىش مۇمكىن. 1949 ـ يىلى سوتسىيالىستىك جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئوڭچىللىققا قارشى كۆرەش، سولچىللىققا قارشى كۆرەش، چوڭ مىللەتچىلىك ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دەل شۇ سىياسەتتىكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مىساللىرى. بۇنداق چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ھېسابسىز زىيانلارنى كەلتۈردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى تەسىرى تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر تولۇق يوقالغىنى يوق. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرىدە چوڭ بولغان ئادەملەر تېخى ئەمدى قىرانلىق مەزگىلگە قەدەم قويدى. «ياشلىقتا ئالغان بىلىم تاشقا مۆھۈر باسقاندەك، قېرىلىقتا ئۆگەنگەن بىلىم قۇمغا رەسىم سىزغاندەك» دېگەن ماقالىنىڭ ھېكمىتى بويىچە ئېيتقاندا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» سىياسىتىنىڭ تامغىسى ئۇلارنىڭ بېشىدىن ھېلىمۇ ئۆچكىنى يوق. مەلۇم نەرسە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن يەردە، مەلۇم نەرسىگە سەل قارىلىدىغانلىقى تەۋرەنمەس پاكىت. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە گۆدەكلىك ۋە ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان ئادەملەر ھازىر جەمئىيەتنىڭ غوللۇق ئادەملىرىگە ئايلاندى. مەن ئىلگىرى يازغان ماقالىلىرىمنىڭ بىر قانچە يېرىدە بۇ ھەقتە سۆزلىگەنىدىم. بۈگۈنمۇ ماقالە ئېھتىياجى بىلەن يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىندى. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە بەزى ئىدىيىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ياخشى ـ يامان ئادەملەرنىڭ كاللىسىدا قايتا بىخلىنىپ، جەمئىيەتكە تەسىر قىلماقچى بولۇپ تۇرۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەھۋال ئەمەس. شۇڭلاشقا جۇڭگونىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبىرى جياڭ زېمىن ناھايىتى ئاقىلانە ۋە يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن «جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىزچىل، مۇقىم راۋاجلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك» ① دەپ قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى. ھەتتا بۇ مەسىلە 16 ـ قۇرۇلتاينىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى بولدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېيىلدۇ؟ چۈنكى چېكىدىن ئېشىپ كېتىدىغىنى ۋە سەل قارىلىدىغىنى سىياسەت. سىياسەت ئادەملەرنىڭ ئېڭى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئاقىللار ئۇنى گۆھەر سۈپىتىدە ئىشلەتسە، نادانلار كالتەككە ئايلاندۇرىۋالىدۇ. ئەمما، قانۇن ئۇنداق ئەمەس. ئۇ سىياسەتتەك سەل قاتتىق تۇۋلىسا چىڭقىيدىغان، ئاۋازى بوش چىقسا بوشاپ كېتىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ مەركەزدە قانداق تۈزۈلگەن بولسا، ئەڭ چەت جايلارغىمۇ شۇ پېتى يېتىپ بارىدۇ. سىياسەتكە ئوخشاش يا كېڭىيىپ، يا تارىيىپ كەتمەيدۇ. ئادەتتىكى بىر ناھىيە باشلىقىنىڭ بىر ئېغىز گېپى ناھىيىلىك سوتنىڭ ھۆكۈمىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئەھۋالنى ئەتراپىمىزدىن ئىزدەپ تاپماق تەس ئەمەس. قانۇننىڭ نوپۇزى ھوقۇقتىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدىغان، قانۇن گېپى كەلگەندە دۆلەت باشلىقىنىمۇ سوت مەيدانىغا ئېلىپ چىقالايدىغان دەۋرگە كەلگەندە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراش سىياسەت خاراكتېرلىك ئىش ئەمەس، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇش پوزىتسىيىسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر. دېمەك، بۇ دېگەنلىك دۆلەت باشلىقى بىلەن بىر ئادەتتىكى پۇقرا قانۇننىڭ باراۋەر ئىككى ئوبيېكتى. بۇ نۇقتا ھەممىگە مەلۇم، ئەمما قانۇننىڭ بۇ غايىسى ھەرخىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۈگۈنگە قەدەر ئەمەلگە ئاشقىنى يوق. رەئىس جياڭ زېمىننىڭ قانۇن ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتقانلىقىدا گۇمان يوق.

بىز ماقالىنىڭ بېشىدا ئېيتقاندەك چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش مەلۇم نۇقتىدىن ئىجرا قىلغۇچىنىڭ سەۋىيىسىگە باغلىق. ئەمما، ئىجرا قىلغۇچى يېگانە ئادەم ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بەزى يەرلەردە بەكمۇ روشەن، بەزى يەرلەردە ئادەتتىكىچە گەۋدىلىنىدۇ. بۇ ھەممە يەر چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر بىلەن تولغان دېگەنلىك ئەمەس. ھەرقانداق سىياسەتنى قانۇننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئۆز پېتى ـــ يا كەملەتمەي، يا ئاشۇرۇۋەتمەي ئىجرا قىلغۇچىلارمۇ يوق ئەمەس. ئىجرا قىلىشنى چېكىدىن

ئاشۇرۇۋېتىش ئۆز نۆۋىتىدە ھۆكۈمنى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ تونۇشى بىلەنمۇ بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، ئىجرا قىلغۇچى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە مايىل بولسا، ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى ئوبيېكتنىڭ ساپاسى ھەرىكەتنىڭ چەكتىن ئېشىپ كېتىشىگە زور دەرىجىدە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى يۇقىرى يەردە، ھەرىكەت چەكتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن.

4

چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن سەل قاراش ھەققىدە توختىلىشىمنىڭ تۈپ سەۋەبى — يېقىندىن بۇيان جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن ئىسلاھاتقا ئائىت بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىش ئۈچۈندۇر.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇپ، ئاپتونومىيە قانۇنى تۈزۈلۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىغا ئائىت تارماق قانۇنلار تۈزۈلگەن. ئىدارە-ئورۇنلارنىڭ ۋىۋىسكىلىرى، ھەر خىل پىلاكاتلارنىڭ خەتلىرى يېزىلغاندا ئاۋۋال ئاپتونومىيە يۈرگۈزگەن مىللەتنىڭ يېزىقى، ئاندىن باشقا مىللەتلەرنىڭ يېزىقى يېزىلىش كېرەك، دېيىلگەن. بۇ قانۇننى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىدىكى دانالىق دەپ قارىماي مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، شۇ چاغدا بىر نەرسىگە، ئاپتونومىيە يۈرگۈزگۈچى مىللەتنىڭ يېزىقى بىلەن باشقا يېزىقلارنىڭ يېزىلغان ئورۇنىدىكى چوڭ-كىچىكلىكىنىڭ قانداق بولۇشى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېيىشكە سەل قارالغاچقا، ئاپتونومىيە يۈرگۈزگۈچى مىللەتنىڭ يېزىقىنىڭ باشتا يېزىلىشى ھەققىدە بەلگىلىمە ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئۇ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىۋاتقانلار يوق دېيەرلىك بولسىمۇ خەتنىڭ يېزىلىشى، چوڭ-كىچىكلىكى ئۆزگىرىپ، ئاپتونومىيە يۈرگۈزگۈچى مىللەت يېزىقى بارغانسېرى كىچىكلەپ، بىللە يېزىلغان باشقا يېزىقلارنىڭ بالىسىدەك، نەۋرىسىدەك ھالغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقى، ھەتتا بەزى ئىدارىلەرنىڭ ۋىۋىسكىسىغا سىنچىلاپ قارىمىسىڭىز ئاپتونومىيە يۈرگۈزگۈچى مىللەت يېزىقىنى ئوقۇغىلى بولمايدىغانلىقى بىر روشەن پاكىت ئىدى.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارغا قارىتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 2002-يىلى 10-ئايدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل-يېزىق خىزمىتى نىزامى»نى ئېلان قىلدى. بۇ نىزامنامە («1993-يىل 9-ئاينىڭ 25-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4-يىغىنىدا ماقۇللانغان، 2002-يىلى 9-ئاينىڭ 20-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 30-يىغىنىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل-يېزىق خىزمىتى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار»ىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن) ئىدى. بۇ نىزامنىڭ 30-ماددىسىدا: «بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئورگان، تەشكىلات، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تامغىسى، ۋىۋىسكىسى، كىنىشكىسىدە ۋە ئورۇن نامى بېسىلغان كونۋېرتتا قېلىپلاشقان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى، خەنزۇ يېزىقىنى تەڭ قوللانمىغان ياكى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى، خەنزۇ يېزىقىنى تەڭ قوللىنىشتا خەتنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ماسلاشتۇرمىغان، خەتنى قېلىپلاشتۇرمىغان، شۇنىڭدەك رەت تەرتىپىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئەمەل قىلمىغانلارنى، تىل-يېزىق خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ. سۈرۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلەرنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلەيدۇ، قوشۇمچە 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ.» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ «نىزام» 2002-يىلى 10-ئايدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلدى.

يۇقىرىقى نىزامنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى دۆلىتىمىز قانۇنچىلىق ئىشلىرىنىڭ جۈملىدىن «ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىۋاتقانلىقىنىڭ يارقىن ئىپادىسى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت ۋە دىنىي ئەسەبىيلىككە زەربە بېرىش كۈرىشى باشلانغاندىن كېيىن بەزى جايلاردا سىياسەت ئىجرا قىلىش چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىلىپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كىيىم-كېچەكلەرمۇ نادان ئىجراچىلار تەرىپىدىن زەربە بېرىشنىڭ ئوبيېكتى قىلىندى. گەرچە بۇ ھەقتە ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسىمۇ، دوپپا كىيگەنلەردىن گۇمانلىنىپ، ياغلىق ئارتقانلارغا زەربە بېرىشنى ئۆزىنىڭ خىزمەت نەتىجىسى قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان نادانلىقلارمۇ يۈز بەردى.

2002-يىلى يازدا تۇغقان يوقلاپ خوتەنگە بارغاندا ھۆكۈمەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بېشىغا ياغلىق سېلىشى بەزى جايدا ھۆججەتسىز، بەزى جايدا ھۆججەتلىك چەكلەنگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. چەكلىگۈچىلەرنىڭ قارىشىچە، ئاياللارنىڭ بېشىغا ياغلىق سېلىشى دىن مۇرىتلىرىغا خاس كىيىم-كېچەك ئادىتى بولارمىش، بۇ گەپلەر مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى.

كۆپچىلىككە مەلۇم، خوتەن باشقا يۇرتلارغا قارىغاندا سەل ئالاھىدە بىر جاي. تۆت پەسىلنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدا توپا ـ چاڭ ئارىلاش بوران چىقىپ تۇرىدۇ. يامغۇر بەكمۇ ئاز ياغىدۇ. ئەمما، توپا يېغىش ھەممىگە ئايان بىر پاكىت. خوتەننىڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ھاۋارايىدىن مەلۇمات بەرگەندە دۇنيانىڭ ھاۋارايى ئاڭلىتىش تارىخىدىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك «خوتەندە بۈگۈن ئازراق توپا ياغىدۇ» دېگەندەك جۈملىلەرنى ئىشلىتىپ ھاۋا رايىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. دېمەك، ئاسماندىن توپا ياغقانىكەن، خوتەننىڭ قىز ـ چوكانلىرى بېشىغا ياغلىق سالماي، بوستان چاچلىرىنى توپىنىڭ ئاياغ ـ ئاستى قىلىشىغا تۇتۇپ بەرسۇنمۇ!

قەشقەرنىڭ بەزى ناھىيىلىرىنى ئايلانغاندا تېخىمۇ ھەيران قالدىم. جاھاندا قازاننىڭ قۇلىقى تۆت دېگەندەك خوتەندىكى بۇ تەتۈرلۈك قەشقەردىمۇ مەۋجۇت ئىكەن. مەن يېقىندىن بۇيان سىرتتا يۈرۈپ ھۆكۈمەت چىقارغان بەزى يېڭى سىياسەتلەردىن خەۋەر تاپالمىغان ئوخشايمەن دەپ ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ باش كىيىمىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدىم. ئەمما ئۈرۈمچىدە بۇنداق ئەھۋال يوق ئىدى. بۇ يەردە تېخى ھېچكىم كىشىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك كىيىش ئەركىنلىكى ھەققىدە بۇيرۇق خاراكتېرلىك گەپ قىلىپ باقمىغانىدى. مانا بۇ ئوخشاش تۈزۈمدىكى، ئوخشاش قانۇن ئاستىدىكى بىر ئاپتونوم رايوندىكى ئىككى خىل ھالەت، ئىككى خىل سىياسەت، سىياسەتنىڭ چېكىدىن ئاشۇرۇپ ئىجرا قىلىنىشى.

مەن كېيىن بۇنداق چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراش توغرىسىدا جىق ئويلاندىم، نۇرغۇن ئىشلارنى كۆزەتتىم، ھەتتا كاللامدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ۋە سەل قارىغۇچىلار بىلەن تولۇپ كەتتىمۇ نېمە، دېگەن سوئال پەيدا بولدى. چۈنكى ئەتراپتىن چېكىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقان ئىشلارنى تاپماق تەس ئەمەس ئىدى.

ھاراقكەشلىك، كەيىپ ـ ساپا چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ھېچكىم ھاراقنى كۆپ ئىچىش، كەيىپ ـ ساپاغا بېرىلىش ھەققىدە سىياسەت چىقارمىغان بولسىمۇ، بۇ ئىشنى چېكىدىن ئاشۇرىۋەتكۈچىلەر كۆپ.

جىنسىي كېسەل، بولۇپمۇ ئەيدىز كېسىلى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، شىنجاڭ جۇڭگو بويىچە ئەيدىز كېسىلىنىڭ يوشۇرۇن تەھدىتى ئەڭ زور رايونغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئۇنداق بولسا، كىشىلەرنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە ئۈندەۋاتقان نەرسە نېمە؟ يا كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان تورمۇزى بۇزۇلۇپ قالدىمۇ؟ مەن نۇرغۇن ئويلاپ بۇ مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا يۈز بەرگەن سولچىللىق ھەرىكىتىگە باغلىدىم. كىشىلەرنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ياخشى ئەخلاق، ساغلام ئەقىدە قاچىلىنىشقا تېگىشلىك مېڭىسىگە باشقا كېرەكسىز نەرسىلەر قاچىلىنىپ كەتكەچكە، بۈگۈن ئۇلار ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن رايونىمىزغا بۆسۈپ كىرگەن مەدەنىيەت بورىنىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، شۇنداق بىر پاجىئە كېلىپ چىققاندەك قىلىدۇ.

بىر نەچچە يىلدىن بۇيان دەۋرنىڭ قوش تىللىق بولۇشتەك تەرەققىيات تەلىپى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مىللىي سىنىپلىرىنىڭ دەرسلىكلىرىنىڭ تىلى خەنزۇچىلاشتۇرۇلدى. ئوتتۇرا مەكتەپلەردە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەبىئىي پەندىكى سەۋىيىسىنى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن قوش تىللىق تەجرىبە سىنىپلىرى قۇرۇلدى. بىراق، جەمئىيەتتىكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ئىسلاھاتنىڭ بۇ سىناقلىرىدىن كەلگەن ئۇچۇرلارنى خاتا چۈشىنىۋېلىپ، مەكتەپلەرنى خەنزۇچىلاشتۇرۇشنى دولقۇنغا ئايلاندۇردى. بۇ دولقۇن جەمئىيەتكە تەسىر قىلىپ نۇرغۇن كىشىلەر مىللىي تىللىق مەكتەپلەردىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، بالىلىرىنى خەنزۇچە مەكتەپكە بېرىدىغان يۈزلىنىش پەيدا بولدى. ھەتتا شىمالىي شىنجاڭدىكى بەزى مىللىي مەكتەپلەر تاقىلىپ قالدى ياكى تاقىلىپ قېلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالدى. ئۈرۈمچىدىمۇ مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانىدا كۆرۈنەرلىك ئازلاپ كېتىش خاھىشى كۆرۈلدى. بەزىلەر بۇ ئىشنى سىياسەت نۇقتىسىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتسە، يەنە بەزىلەر ھېسسىيات نۇقتىسىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتتى.

دەۋرنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا قوش تىللىق بولۇش جەمئىيەتنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ئۇيغۇردەك مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، جەمئىيەت رىقابىتىدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش، ئىلغار تېخنىكىدا خەنزۇلارغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش تېخىمۇ مۇقەررەر تەلەپ. ئەمما، تىل ئۆگىنىش ئۆگىنىشنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى بولۇپ قالسىچۇ؟ بۇ پاجىئە. تىل پەقەت بىر قورال، بىر ۋاستە. كۆپ تىل ئۆگىنىش ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى كۆپ خىللاشتۇرىدۇ، زېھنىنى ئاچىدۇ. لېكىن، ھەرقانداق ئادەم تۆرەلگەندىن باشلاپ ئۆز ئانا تىلى مۇھىتىدا چوڭ بولىدۇ. شەيئىلەرنى ئۆز ئانا تىلىدا چۈشىنىدۇ. بىر بالىنىڭ تىلى تېخى ئانا تىلىدا ۋايىغا يەتمەي تۇرۇپ، ئانا تىلىنى تولۇق بىلمەي تۇرۇپ، باشقا تىلغا يۆتكىلىشى پاجىئە پەيدا قىلىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر

دەۋردە تۇرۇۋاتقان بالىنىڭ تىل قابىلىيىتى ئىككى خىل تىلدىن كەلگەن ئىككى خىل ئۇچۇرلار ئارىسىدا گاڭگىراپ قالىدۇ. شۇڭا تىلشۇناسلارنىڭ تىل ئۆگىنىش ھەققىدىكى ئورتاق قارىشى ــ ئانا تىلنى پىششىق ئىگىلەپ بولۇپ، ئاندىن تىل ئۆگىنىش. بۇ خىل ئۇسۇل ئىلمىي بولۇپ، بالىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا پايدىلىق. ئەمما ئەكسىچە يول تۇتۇش نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

تىل ئۆگىنىش مۇھىم، ئەمما ئۆز تىلنى قۇربان قىلىپ يەنە بىر تىلنى ئۆگىنىش ئاسىيلىق. چۈنكى ئادەمنىڭ ئۆزى بىر گۆش، ئۇنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭ روھىيەت تىلدا. مىللىي مەدەنىيەتمۇ دەل شۇ تىلدا. ئۆز تىلىنى قۇربان قىلىپ، يەنە بىر تىل ئارقىلىق نىجاتلىق تەمەسىدە بولۇش ئەخمىقانىلىق. سىز ئۇيغۇر تىلىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنسىڭىز ئىنگلىز بولالىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما ئىنگلىز بولۇش، ئىنگلىز تىلى بىلىش نىجات تاپقانلىقمۇ؟ ناۋادا ھەقىقەتەن ئىنگلىزتىلى بىلگۈچىلەر ئىنگلىز تىللىقلار، خەنزۇ تىللىقلار شۇ تىلنى بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا نىجاتلىق تاپىدىغان ئىش بولسا، ئېنگلىز ۋە خەنزۇلاردا مەدىكار، ئوغرى، پاھىشە قاتارلىقلار بولمىغان بولاتتى. بىر ئادەمنى نىجاتلىققا، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغىنى تىل ئەمەس، بەلكى تېخنىكا، بىلىم، شۇ ئادەمنىڭ كىشىلىك ساپاسى.

رۇەن ۋېي ئەپەندىنىڭ «ئىنگلىز تىللىقلارنىڭ ھەسرىتى» دېگەن ماقالىسىدە تىل ھەققىدە بەزى كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ماقالىدە دېيىلگەندەك بىر تىلنى بىلىش ھەقىقەتەن چوڭ بىلىم. ئەمما ئۇ ئۆز ئانا تىلنى بىلىش ئاساسىدا بولسا، بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيەت، شۇنداقلا پايدىلىق بىلىم.

مەن مائارىپىمىزدىكى قوش تىللىق مائارىپنى خاتا چۈشىنىۋالغان، نۇرغۇن چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرگە ۋە سەل قارىغۇچىلارغا (چۈنكى بۇ يەردە بەزىلەر تىل ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئانا تىلنى پىششىق ئۆگىنىش مەسىلىسىگە سەل قاراپ، بىرلا ۋاقىتتا قوش خاتالىق سادىر قىلىۋاتىدۇ) شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: تىل ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئانا تىلنى قۇربان قىلىش ئاقىلانىلىك ئەمەس. ئانا تىلنى قوغدايمەن، دەپ تىل ئۆگىنىشكە قارشى چىقىش تېخىمۇ ئاقىلانىلىك ئەمەس. ئەڭ توغرا يول، ھەر قانداق بىر مەسىلىگە ئىلمىي قاراپ، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراشتىن ساقلىنىش. مەسىلەن: تەتقىقاتچىلىرىمىز، سىياسەتچىلىرىمىز مەكتەپلەرنىڭ تىلنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تىل ئۆگىتىش قىينچىلىقىنى ھەل قىلىمەن دېيىشىنىڭ ئورنىغا قوش تىللىق مائارىپ ھەققىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، ئانا تىلنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا (مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تىلى بولۇشتىن قېلىۋاتقان تىل ئۆلۈۋاتقان تىلدۇر) تىل ئۆگىنىش جېڭى ئېلىپ بارغۇچە ئانا تىللىق شارائىتتا، بىر نەچچە يىل ئىچىدە بىر نەچچە تىل ئۆگىنىپ بولغۇدەك ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىش ھەققىدە باش قاتۇرغان بولسا، جەمئىيەتمۇ رازى بولاتتى، مۇقىملىق تېخىمۇ كۈچىيەتتى، ئىسلاھاتتىكى ئورۇنسىز تىكىپ ـ سۈكۈش نىسبەتەن ئازلىغان بولاتتى.

دۇنيادا قوش تىللىق مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ھېچقايسى مىللەتنىڭ مىللىي ھېسسىياتىغا ئازار بەرمەي، مىللىي تىلنى يوقاتماي، قوش تىللىق بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان دۆلەتلەر كۆپ. مەسىلەن: شۋېتسارىيە كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان بىر دۆلەت. بۇ دۆلەتتە گېرمان، فرانسۇز قاتارلىق تۆت تىل دۆلەت تىلى. ھەر قانداق بىر شۋېتسارىيىلىك ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە باشقا ئۈچ دۆلەت تىلىنى ئۆگىنىپ بولىدۇ. ھەتتا ئۈچ دۆلەت تىلىنى ئۆگىنىپ بولۇپلا قالماي، دۇنيا تىلى سانىلىۋاتقان ئىنگلىز تىلىنى بىلىش يەنە بىر مۇھىم تەلەپ، كانادامۇ شۇنداق. بۇ دۆلەتتە ئىنگلىز تىلى بىلەن فرانسۇز تىلى دۆلەت تىلى. ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپكە چىققۇچە، بۇ ئىككى تىلنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك.

نېمىشقا بىز شۇلارنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆلگە ئالمايمىز؟ بۇ دۆلەتلەر باشقا پلانېتلاردا ئەمەسقۇ.

ھەرقانداق بىر شەكىلدىكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراش ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئالاھىدە تەكىتلىنىۋاتقان شارائىتتا دۆلەت ئۈچۈنمۇ، شەخس ئۈچۈنمۇ پايدىسىز. چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئارقىلىق يۇقىرى ئۆرلەشنىڭ پەلەمپىيىگە ئىگە بولۇشنى تەمە قىلىش خام خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى دەۋر ئۆزگەردى تەپەككۇر ئۆزگەردى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»چە تەپەككۇر قىلىش ھېچكىمگە پايدا ئەكەلمەيدۇ، بۇنى تارىخ ئىسپاتلىغان. ئەڭ توغرا يول ــ قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قانۇننىڭ ئابرۇيىنى تىكلەش، ھەرقانداق مەسىلىنى مەلۇم شەخسلەرنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، ئومۇم تەن ئالغان قانۇننىڭ روھى بويىچە قىلىش. قانۇن بارغانسېرى ئۆز ئىناۋىتىنى تاپقان جەمئىيەتتە ھەرقانداق شەكىلدىكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراشقا ئورۇن قالمايدۇ.

2002 ـ يىلى 29 ـ دېكابىر ئۈرۈمچى

مۇھەررىرى: يۇسۇپ ئىسھاق



# «ئىنگلىز تىلى»لىقلارنىڭ ھەسرىتى

رۇەن ۋېي

80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئەنگلىيەدە بىر تۈركۈم خەنزۇشۇناسلار بىلەن ئۇچراشقان ئىدىم. ئۇلارنى خەنزۇ تىلىدا بەكمۇ ئۆلچەملىك ۋە راۋان سۆزلەيدۇ دەپ قارىغىلى بولمايتتى. (خەنزۇ تىلىدىكى تۆت تون بىلەن بەزى تاۋۇشلارنى توغرا چىقىرىش ئىنگلىزلارغا بەكمۇ تەس كېلىدۇ). لېكىن، ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىل ـ ئەدەبىيات بىلىمى بەزى خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىدىن كەم ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى خېلى كۆپ كىشى خاراكتېر جەھەتتىن خەنزۇلارغا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئىنگلىزچە سۆزلىگەندە تىلى بىلىپ ـ بىلمەي خەنزۇچە تاۋۇشلارغا كېتىپ قالاتتى. بۇ ھالەت ئادەمنى ئىختىيارسىز ھالدا تىل مەدەنىيىتىنىڭ كۈچى نەقەدەر زور ـ ھە! ئۇ ھەرقانداق ئادەمگە تەسىر قىلماي قالمايدۇ، دېگۈزۈۋېتىدۇ. ئۇن نەچچە يىلدىن كېيىن بىر ئەنگلىيىلىكنىڭ ئەنگلىيىدىكى خەنزۇشۇناسلار ھەققىدە يازغان ماقالىسىنى ئوقۇپ قالدىم. ماقالىدە بىلىم قۇرۇلمىسىدا ئادەتتىكى غەربلىكلەردىن پەرقلىنىدىغان تەپەككۇر شەكلى، ئىش ـ ھەرىكىتى، تۇرقى، ھەتتا تەلەپپۇزى خەنزۇچىلىشىپ كەتكەن خەنزۇشۇناسلارنى ئالاھىدە قوۋم ياكى ئىنگلىزلار ئىچىدىكى «خەنزۇ تىلى»لىقلار دەپ ئاتىغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەندە بىر «ناچار» ئادەت پەيدا بولۇپ قالدى ۋە جۇڭگودىمۇ، جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپلەردىمۇ شۇنداق «ئالاھىدە قوۋم» مەۋجۇتمىدۇ، دەپ دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. بىلىۋېلىش زۆرۈر بولغان بىر رېئاللىق، جۇڭگودىمۇ ئىنگلىز تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى كەسىپ قىلغان غايەت زور بىر توپ كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ سانى چەت ئەلدىكى خەنزۇشۇناسلاردىن خېلى كۆپ. نەچچە يىللىق كۆزىتىشتىن كېيىن جۇڭگودىمۇ مىللەت ئىچىدىكى مىللەت دەپ قارىغىلى بولىدىغان «ئىنگلىز تىلى»لىقلار توپىنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. بۇ كىشىلەرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ئادەتتىكى جۇڭگولۇقلاردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلى، تەپەككۇرى، ھەتتا ئىش قىلىش ئۇسۇلى ئادەتتىكى جۇڭگولۇقلارغا قارىغاندا تۈز، ئوچۇق ـ يورۇق، نىسبەتەن غەربلىكلەرگە ئوخشايدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى باشقا كەسىپتىكىلەردىن (ئادەتتىكى جۇڭگولۇقلاردىن) پەرقلەندۈرىدىغان كۆز قاراشلىرىمۇ بار. مەسىلەن، ئۇلار بىر ئىنگلىز تىلىنى كەسىپ قىلغۇچىنىڭ سەۋىيىسىگە باھا بەرگەندە، ئۇنىڭ تەتقىقات ئىقتىدارى ۋە بىلىم سەۋىيىسىگە ئېتىبار قىلمايدۇ. ئىنگلىز تىلى تەلەپپۇزى توغرا، راۋان، ئىپادىلەش كۈچى يۇقىرى كىشىلەرنى ئەڭ سەۋىيىلىك، دەپ قارايدۇ.

ناۋادا ئىنگلىز تىلىنى ياخشى سۆزلىسىڭىز بۇ ئالاھىدىلىكىڭىز ھەممە كەمچىلىكىڭىزنى يوشۇرۇپ قالالايدۇ. كەسپىي تەتقىقات جەھەتتە ھېچ ئىش قىلمىسىڭىزمۇ ياخشى دەپ قارىلىۋېرىسىز. ئىنگلىزچە نۇتقىڭىز ناچارراق بولسا، كىشىلەر سىزنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ. ئەمما، بەزىلەرنىڭ باشقىچە قاراشلىرىمۇ بار. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «ھىندىستانلىقلارنىڭ ئىنگلىز تەلەپپۇزىدا يەرلىك تىلىنىڭ تەسىرى بەكمۇ قويۇق. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىنگلىز تىلىنى ئەمەلىي قوللىنىش ئىقتىدارى بىزدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك. ياپونىيە ۋە كورېيىلىكلەرنىڭ ئىنگلىز تىلى تەلەپپۇزى بىزگە يەتمەيدۇ. شۇنچىلىك غاراڭ ـ غۇرۇڭ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئوقۇش، يېزىش ئىقتىدارى بىزدىن تۆۋەن بولۇشى ناتايىن. ئۇلارنىڭ زامانىۋىلىشىش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسى بىزدىن يۇقىرى، غەرب بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى بىزدىن ئارتۇق» يەنە بىر جانلىق مىسال، ب د ت نىڭ باش كاتىپى ئاناننىڭ ئىنگلىزچە تەلەپپۇزى بەكمۇ ئېغىر، لېكىن كىممۇ ئۇنى ئوبدان سۆزلىيەلمىدى، دەپ باقتى؟ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە«ئىنگلىز تىلى» لىقلار كەسىپداشلىرىغا باھا بەرگەندە تاۋۇشلارنى قانداق چىقىرىشنى ئەڭ مۇھىم ئۆلچەم قىلغان. ئىنگلىزچە تەلەپپۇزىڭىز قانچە چىرايلىق بولسا، ئىنگلىزلارغا ئوخشاش پۇراق بولسا، سىز ئەڭ سەۋىيىلىك ئادەم سانىلاتتىڭىز. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇ ئەھۋالدا سەل ئۆزگىرىش بولدى. لېكىن



كەسپداشلارنىڭ تەتقىقات ئىقتىدارى ۋە بىلىم سەۋىيىسىگە بولغان سەل قاراش ھېلىمۇ ھۆكۈمران ئورۇندا.

ئەلۋەتتە، ئىنگلىزچە ئۆلچەملىك، راۋان سۆزلەش ھەقىقەتەن مۇھىم، پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدۇ. لېكىن، بىز ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ماگىستىرلارغا بۇنداق ئاددىي تەلەپ قويساق بولمايدۇ. ئۇلاردا چوقۇم نىسبەتەن يۇقىرى تەتقىقات ئىقتىدارى ۋە بىلىم بولۇش كېرەك. ئۇلار مۇشۇ ئاساستا خەنزۇ تىلى دۇنياسىدىكى بىلىمنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى، مەدەنىيەتنى يېڭىلاش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم.

«ئىنگلىز تىلى»لىقلارنىڭ كەمچىلىكى تەتقىقات ئىقتىدارى ۋە بىلىم سەۋىيىسىدە ئېغىر دەرىجىدە ئاشكارا بولىدۇ. غەربتىكى «خەنزۇ تىلى»لىقلار ئوقۇتۇش تەتقىقاتىدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ نەتىجىلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى جۇڭگودا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇلۇپ، خەنزۇ تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئارىسىدا زىلزىلە قوزغىدى. غەربتىكى خەنزۇشۇناسلار ئارىسىدا تەلەپپۇزى ئۆلچەملىك بولۇش، راۋان سۆزلەش كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم ئۆلچەم ئەمەس. تەتقىقات ئىقتىدارى بىلەن بىلىم سەۋىيىسى ئەڭ مۇھىم ئۆلچەمدۇر. دەل مۇشۇ نۇقتا بىز بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەلۋەتتە، غەربنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەۋزەل ئورنىنىڭ ئۇلاردىكى خەنزۇشۇناسلارنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرىنىڭ جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب ئىكەنلىكىنى تەن ئالماي تۇرالمايمىز. لېكىن، نېمە دېيىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگودىكى «ئىنگلىز تىلى»لىقلارنىڭ غايەت زور نوپۇسى بىلەن ئۇلار ياراتقان ئىلمىي نەتىجىلەرنىڭ ئاز ۋە بىچارىلىكى بىر روشەن سېلىشتۇرما. بىزنىڭ ئادەتلەنگەن تەپەككۇرىمىز دەل بۇ ئەھۋالنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى. دۆلىتىمىزدىكى ئىنگلىز تىللىقلار تولۇق كۇرس باسقۇچىدا ئىنگلىزچە دەرس ئۆتۈپلا قالماي، ئىلمىي ماقالە يازالايدۇ، ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق باسقۇچىدىمۇ ھەم شۇنداق. لېكىن، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم ماگىستىر، دوكتور، ھەتتا ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى بىلىمى نىسبەتەن ناچار. ئانا تىلىدىكى سۆز بايلىقى ئاز بولۇپلا قالماي، نىسبەتەن مۇرەككەپ ئىش-ھەرىكەتلەرنى ئىپادە قىلىشتا قىينىلىدۇ، يېزىقچىلىق ئىقتىدارى يوق دېيەرلىك. ئۇلار ئەسلىي جۇڭگو ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىلى مەدەنىيىتى، خەنزۇ تىلىنىڭ تارىخى، خەنزۇ پەلسەپەسى ھەققىدىكى بىلىمى بەكمۇ ئاز ۋە يۈزەكى، ئابستراكت تەپەككۇر ئىقتىدارى بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر ئىقتىدارى بەكمۇ ئاجىز، نەزەر دائىرىسى تار. تىل بىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىسى ماھىيەتتىن قارىغاندا، ئانا تىل ئىقتىدارىنىڭ كەم بولۇشى «ئىنگلىز تىلى»لىقلارنىڭ ھايات ھەققىدىكى تۇيغۇسىنىڭ كەم بولغانلىقى بىلەن باراۋەردۇر.

ئەلۋەتتە، بۇ ھەقتىكى سەۋەبنى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئىزدەپ بېقىش كېرەك. ئىنگلىز تىلى كەسپىدىمۇ مەسىلە بار. «ئىنگلىز تىلى»لىقلار بەكمۇ قىيىن بولغان بۇ تىلنى ئىگىلەش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ زېھنىي كۈچ ۋە ۋاقىت

سەرپ قىلىدۇ. بۇ تىلنىڭ خەنزۇ تىلى بىلەن قىلىچە «ئوخشاش»لىقى يوق. ئۆگىنىمەك بەكمۇ قىيىن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئانا تىل ئىقتىدارىنىڭ كەمتۈك بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانماق تەس. بىزمۇ نېمىشقا غەربتىكى خەنزۇشۇناسلاردەك ئانا تىلدا يېزىقچىلىق قىلىشتا چىڭ تۇرمايمىز؟ مېنىڭ ئىگىلىشىمگە قارىغاندا، ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى خەنزۇشۇناسلار مەيلى ماگىستىر، دوكتور بولسۇن، ئىلمىي ئۇنۋان ماقالىلىرىنى ئانا تىلدا يېزىشقان. ھەتتا ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرس ئۈچىنچى - تۆتىنچى يىللىقىدىكى جۇڭگو تارىخى، پەلسەپىسى ۋە ئەدەبىياتىغا ئائىت ئوقۇتۇشمۇ ئانا تىلدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى بەكمۇ ئاددىي. ئانا تىل بىلەن ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغاندا بىلىمنى تېخىمۇ ئوڭاي قوبۇل قىلغىلى، ھەزىم قىلغىلى بولىدۇ. يەنە بىر سەۋەب، ئۇلارنىڭ كەسىپ ئىگىلىرىنى باھالاشتا چوڭ بىلىدىغىنى تەتقىقات ئىقتىدارى ۋە بىلىم سەۋىيە.

ئەلۋەتتە، غەربتىكى خەنزۇشۇناسلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا يېزىقچىلىق قىلىشى، ئۇلارنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولغان ئەمەس. چوڭ دائىرىدىن قارىغاندا، بەلكىم ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىلىدا سۆزلەش سەۋىيىسى جۇڭگودىكى «ئىنگلىز تىلى قوۋمى»نىڭ ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەش سەۋىيىسىگە يەتمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئوقۇش ئىقتىدارى بىزدىن كەم ئەمەس. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئانا تىلىدا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ چەت ئەل تىلىدىكى ئوقۇش ئىقتىدارى، چەت ئەل تىلىدىكى يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم. ياكى ئۇلاردا مەلۇم يېزىقچىلىق ئىقتىدارى بولسىلا كۇپايە. غەرب خەنزۇشۇناسلىرىنىڭ ئاكتىپ ئىقتىدار بىلەن پاسسىپ ئىقتىدارغا بولغان تونۇشى پەرقلىق. ئاكتىپ ئىقتىدار سۆزلەش، يېزىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. پاسسىپ ئىقتىدار ئاڭلاش ۋە تىڭشاش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. قارىماققا بۇ ئىككى خىل ئىقتىدار قارىمۇقارشىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئايرىلماس بىر گەۋدە. ئەمما، ئۇلارنى مەلۇم دەرىجىدە پەرقلەندۈرۈش كېرەك. تەتقىقات ئىقتىدارى بىلەن بىلىم سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە بۇ ئىككى ئىقتىدارنى پەرقلەندۈرمەي بولمايدۇ. تىل ئوقۇتۇش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بىلەن ئادەتتىكى ئىنگلىز تىلى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارغا مەلۇم تىلدىكى ئاكتىپ ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش پاسسىپ ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشتىن قىيىن. شۇڭا نۇرغۇن ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىپ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ئاكتىپ ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشقا ئۇرۇنۇش زېھنىي كۈچنى بىھۇدە ئىشقا سەرپ قىلىشتىن باشقا ئىش ئەمەس. ئەلۋەتتە، ئىنگلىز تىلى كەسپىدىكىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، تىلدىكى ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش ۋە يېزىشتىن ئىبارەت تۆت خىل ئىقتىدار بەكمۇ مۇھىم. ئېغىز تەرجىمانلىرى نىسبەتەن يۇقىرى ئاڭلاش، سۆزلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسا بولمايدۇ. لېكىن، مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، دۆلىتىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى «ئىنگلىز تىلى قوۋمى» ئاكتىپ ئىقتىدار بىلەن پاسسىپ ئىقتىدارنى پەرقلەندۈرمەيدۇ ياكى پەرقلەندۈرۈشنى خالىمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى قاتماللىق، ئىلمىي ساپاسىدىكى ئاجىزلىق، تەتقىقات ئىقتىدارىدىكى تۆۋەنلىك ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر.

مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، ئالىي مەكتەپ ۋە تەتقىقات قاتلىمىدىكى «ئىنگلىز تىلى قوۋمى» ئەڭ ئاۋۋال ئانا تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە پۇختا بولۇشتەك تۈپ ئىدىيىگە ئىگە بولۇش كېرەك. بۇنداق ئىدىيە تىكلەنگەن ھامان ئىنگلىز تىلى ۋە ئەدەبىياتتىكى قاراتمىلىق تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ. مەسىلىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويساقمۇ بولىدۇ، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش بىزنىڭ ئاداققى مەقسىتىمىزمۇ ياكى ئۇ بىر ۋاستىمۇ؟ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشىمىزنىڭ مەقسىتى ئۇنى بىزگە خىزمەت قىلدۇرۇشمۇ ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشمۇ؟ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ئىنگلىز تىلىغا خوجايىنلىق قىلىش ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇنىڭ مالىيغا ئايلىنىش ئۈچۈنمۇ؟

خەنزۇچە «كىتابخانىلىق» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىللىق 12 - سانىدىن بەرقى تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: يۈسۈپ ئىسھاق

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

يېڭى يىللىق سوۋغات سۈپىتىدە بۆلۈمىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق سانلىرىدىن 2002 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلاپ قىلىپ ئىشلىدۇق.

ئېھتىياجى بولغانلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ئالاقىلاشقۇچى: ئەسقەر مەخسۇت

تېلېفون: 4554017 .8997430




ئېلىس. موترىك (ئەنگلىيە)

دۇنيادىكى ھەر بىر تىل ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە يېگانە مۆجىزە. ھەممە تىل ئالاھىدە شەكىل بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تىل كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىغا تەسىر قىلامدۇ؟ كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرگە بولغان تونۇشىنىڭ پەرقىنى تىلنىڭ پەرقى كەلتۈرۈپ چىقارغانمۇ؟ ئالىملار بۇ سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىمەكتە.

سىز سۆزلەۋاتقان تىل تەپەككۇر شەكلىڭىزگە تەسىر قىلامدۇ؟ دۇنيا قارىشىڭىزنىڭ تىكلىنىشى بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ ـ يوق؟ باشقا تىللارنى ئۆگىنىۋاتقان، ھەر بىر ئادەم بۇ ئېھتىماللىقلار ھەققىدە ئويلانماي قالمايدۇ. بۇ ئېھتىماللىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا باشقا مىللەت بىلەن تويلاشقان كىشى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشىنىشى مۇمكىن.

ئويلاپ باقسىڭىز بۇنداق ئوي بەكمۇ ئىشەنچلىكتەك قىلىدۇ. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. ئۈستەلدە بىر نەچچە تال قەلەم بولسا، بۇ قەلەمنى ئوخشىمىغان تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر قانداق ساناپ چىقار؟ مەسىلەن، ئىنگلىزچە سۆزلەيدىغانلار ساناپ بولۇپلا «مانچە ئەكەن» دەپ سانىنى مەلۇم قىلىدۇ. لېكىن، رۇسلار ئاۋۋال «قەلەم» دېگەن سۆزنىڭ ئايالچە تۈسلۈك سۆز ياكى ئەرچە تۈسلۈك سۆز ئىكەنلىكىنى ئايرىپ، ئاندىن «مانچە ئىكەن» دەپ سانىنى مەلۇم قىلىدۇ. ياپونلار بولسا، ئاۋۋال قەلەمنىڭ شەكلىنى (ئۇزۇن ۋە يۇملاقلىقىنى) بىلىۋېلىپ ئاندىن مۇشۇ شەكىلگە ئائىت مەخسۇس سۆزگە «مانچە» دېگەن سانىنى مەلۇم قىلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا سۆز سۆزلەۋاتقان تىل ئىپادىلەشتە قانداق ئالاھىدىلىك پەيدا قىلىشىدىن قەتئىينەزەر قەلەم بەربىر قەلەمدۇر. تىلدىكى بۇ پەرقلەر، ئالاھىدىلىكلەرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىزنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى تەسۋىرلىشىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇنداقتا ئۇلار تەپەككۇرىمىزنى قانداقمۇ ئۆزگەرتىۋېتەلىسۇن؟

نەچچە ئەسىردىن بېرى ئالىملار ۋە پەيلاسوپلار بۇ جىددىي مەسىلە ھەققىدە ئۇزمەي مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. شۇ جەرياندا نۇرغۇن كىشىلەر دۇنيا قارىشىمىز تىلىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قاراپ كەلدى. لېكىن، 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن بۇيان نوم جومىسكى قاتارلىق مۇتەپەككۇر ۋە بىر تالاي تونۇلغان ئالىملار تىل پەرقى بىلەن دۇنيا قاراشنىڭ مۇناسىۋىتى يوق. تىل بىر خىل ئومۇملاشقان، ئىجتىمائىي ھادىسە. بىزنىڭ

سۆزلىشىش ئالاھىدىلىكىمىز بىر خىل ئىرسىي ئالاھىدىلىك. ئۇنىڭ تۈرلۈك تۈمەن مەدەنىيەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، دەپ قاراشتى. لېكىن، بۈگۈن پسىخولوگلار بۇ مەسىلە ھەققىدە قايتا ئىزدىنىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى باشقا بىر يۆنىلىشكە بۇرىۋەتتى.

## ئوخشىمىغان تۈرگە ئايرىش شەكلى

كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بۇكېل تارماق مەكتىپىدە ئىشلەيدىغان دەن سلوبىن «تىل بىر خىل بەلگە. چوڭ مېڭە تەجرىبىنىڭ مەھسۇلى» دەيدۇ. سلوبىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قاراشتىكى كىشىلەر «تىلدىكى پەرقلەر، ھەتتا قارىماققا ناھايىتى ئەرزىمەس ۋە كىچىك كۆرۈنىدىغان پەرقلەرمۇ شۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى كۆز قارىشىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ» دەيدۇ. ماساچۇس تېخنىكا ئىنستىتۇتىدىكى بەيلى بورجىسكى مۇنداق دەيدۇ: «بەزىلەر تىل پەقەت كىشىلەرنىڭ دىققەت نۇقتىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. لېكىن، سىز دىققەت قىلىۋاتقان مەسىلە سىز قوبۇل قىلغان ۋە ئەستە قالدۇرىدىغان نەرسىنى ئۆزگەرتىپ تاشلايدۇ». قىسقىسى، ئۇ سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىزنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

ئاۋۋال بىر ناھايىتى ئاددىي، بەلكىم بەكمۇ ئەرزىمەس كۆرۈنىدىغان مىسال كەلتۈرەيلى. ئاۋادا سىز بىر خىل ئالاھىدە بەلگىلەنگەن تىل بىلەن مەلۇم مەسىلە ھەققىدە سۆزلىسىڭىز چوقۇم مەلۇم نەرسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، باشقا نەرسىلەرنى ئېتىبارسىز قالدۇرىسىز. مەسىلەن، كورېيىدە باشقىلار بىلەن تىنچ - ئامانلىق سوراشسىڭىز چوقۇم قارشى تەرەپنىڭ سىزدىن چوڭ - كىچىكلىكىنى بىلىۋېلىشىڭىز كېرەك. ھەتتا چوڭ - كىچىكلىكتە بىر كۈنلۈك پەرق بولسىمۇ پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى مۇھىم. ئىسپان تىلىدا سۆزلەيدىغان ئادەم تىنچ - ئامانلىق سوراشقاندا يېقىنلىق دەرىجىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم «سىز» ياكى «سەن» دېگەن ئاتالمىنى قوللىنىش كېرەك. ياپون تىلىدا «مەن» دېگەن سۆزنىڭ نەچچە شەكلى بولۇپ، قايسى شەكلىنى تاللاپ ئىشلىتىش سىزنىڭ يېشىڭىز، قارشى تەرەپنىڭ يېشى، جىنسىڭىز ۋە قارشى تەرەپنىڭ جىنسى قاتارلىق مۇرەككەپ مەسىلىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن بې-كىتىلىشى كېرەك.

بۇ جەريان دەل سلوبىن ئېيتقان «تىل تەپەككۇرى» دۇر. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ تەرەپ بىز مۇھىم دەپ قارىغان نەرسىگە، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرىدا بىزنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى كۆز قارىشىمىزغا تەسىر قىلىدۇ.

گوللاندىيىدىكى ماركس فرانىك تىل پسىخىكىسى تەتقىقات ئورنىدىكى يوھان لۇشىننىڭ قارىشىچە، سىز سۆزلەۋاتقان تىلنىڭ ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبيېكتىنىڭ شەكلى، ماھىيىتى ياكى ئىشلىتىش ئورنىنى ئالاھىدە تەكىتلىشى سىزنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزگە تەسىر قىلماي قالمايدۇ. ئۇ مۇشۇ مەقسەتتە ئامېرىكا ئىنگلىز تىلى بىلەن مېكسىكىنىڭ يوكاتان ئارىلىدىكى مايا تىلىنى سېلىشتۇرىدۇ. بۇ ئىككى تىلنىڭ نۇرغۇن پەرقلىرى بار. شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلىدىمۇ پەرق بار. ئىنگلىز تىلىدا نۇرغۇن شەكلى بار شەيئىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ مەنىسى شەكىل مەنىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. شەكىلسىز نەرسىلەر (مەسىلەن شېكەر) نىڭ مىقدارىنى تىلغا ئالغاندا ئاندىن «بىر ئىستاكان»، «بىر قوشۇق»، «بىر پارچە» دېگەندەك مىقدار سۆزلەرنى ئىشلىتىمىز. يۇكاتان مايا تىلىدا كىشىلەر ھەمىشە مەخسۇس شەكىلنى ئىپادىلەيدىغان شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلار شامنى «بىر تال ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن شام»، باناننى «ئۇزۇن بانان» دەيدۇ. «ياپىلاق بانان» دېگىنى باناننىڭ يوپۇرمىقىنى، «يىلتىز تارتقان بانان» دېگىنى بانان دەرىخىنى كۆرسىتىدۇ.

لوس بۇ خىل پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىغا تەسىر قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بۇ ئىككى تىلدا سۆزلەيدىغان پىدائىيلارنى بىر تۈرلۈك خىزمەتنى ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇردى. تەجرىبە جەريانىدا ئۇ پىدائىيلارغا ئۈچ تاغاقنى تارقىتىپ بېرىپ، «قايسى ئىككى تاغاق بەك ئوخشىشىدىكەن» دەپ سورىدى. بىر تاغاق دەستىسى بار سۇلياۋ تاغاق ئىدى. يەنە بىر تاغاق دەستىسى بار ياغاچ تاغاق ئىدى. ئۈچىنچى تاغاق دەستىسى يوق سۇلياۋ تاغاق ئىدى. ئىنگلىزچە سۆزلەيدىغان ئادەم تۇتقۇچى بار ئىككى تاغاقنى بەك ئوخشىشىدىكەن، دەپ قارىدى. مايا تىلىدا سۆزلەيدىغان كىشى سۇلياۋ تاغاقنى بەك ئوخشىشىدىكەن،

دەپ قارىدى. يەنە بىر تەجرىبىسىدە لوس بىر سۇلياۋ قاپ، بىر قەغەز قاپ، يەنە بىر قەغەز تاختا تەييارلىدى. ئامېرىكىلىق ئىككى قاپنى بىر تۈردىكى نەرسە، دەپ قارىدى. مايا بولسا قەغەزدىن ياسالغان ئىككى بۇيۇمنى ئوخشاش بىر تۈردىكى نەرسە، دەپ قارىدى.

## ئايالچە، ئەرچە جىنسلىق سۆزلەرنىڭ پەرقى

لوشنىڭ تەتقىقاتىدىن مەلۇم بولۇشچە، باللار كىچىك چاغدا ھامان شەيئىنىڭ ئوخشاشلىقىنىڭ ماھىيىتىگە دىققەت قىلىدۇ. تاغاق ۋە قاپقا ئوخشاش نەرسىلەرگە دۇچ كەلگەندە ئەڭ ئاۋۋال شەكلىنى خىيال قىلسا، شەكلىسىز (مەسىلەن، شېكەر) نەرسىلەرگە دۇچ كەلگەندە، شۇ نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى خىيال قىلىدۇ، كېيىن سەككىز ياشقا بارغاندا ئوخشىمىغان تىللارنىڭ پەرقى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. ئۇ «ھەممە ئادەمنىڭ تۇغما ماھىيىتى ئوخشاش. لېكىن، بىز تىلىمىز ئارقىلىق شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە مايىل» دەيدۇ.

نۇرغۇن تىللارنىڭ سۆزلەرنى ئايالچە، ئەرچە جىنسقا ئايرىشى بىردەك بولمايدۇ. بۇنداق ئايرىشنىڭ ئادەمنىڭ تەپەككۇرىغا بولغان تەسىرىنى دەلىللەش ئۈچۈن بولوجىسكى ئىسپان ۋە گېرمان تىللىرىدا سۆزلەيدىغان پېدائىيلارغا بىر تۈركۈم ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەرنى سۆزلەتكەن. بۇ ئىسىملارنىڭ جىنس خاراكتېرى ئىككى تىلدا بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىكەن. مەسىلەن «ئاچقۇچ» دېگەن سۆز، ئىسپان تىلىدا ئايال جىنسقا تەۋە بولسا، گېرمان تىلىدا ئەر جىنسقا تەۋە ئىكەن. كۆۋرۈك دېگەن سۆز ئىسپان تىلىدا ئەر جىنسقا تەۋە بولسا، گېرمان تىلىدا ئايال جىنسقا تەۋە بولىدىكەن. بولوجىسكى ئۇلاردىن بۇ سۆزلەرنى ئىنگلىز تىلىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەپ بېقىشنى تەلەپ قىلغان. گېرمان تىلىدا سۆزلەيدىغانلار ئاچقۇچنى «ئىشلەتمەك تەس»، «ئۇپرايدىغان»، «ھەرە چىشلىق» دەپ سۈپەتلىسە، ئىسپان تىلىدا سۆزلەيدىغانلار ئاچقۇچنى «ئەپچىل»، «گۈزەل»، «سېھىرلىك»، «نەپىس» قاتارلىق سۆزلەر بىلەن سۈپەتلىگەن. نېمىس تىلىدا سۆزلەيدىغانلار كۆۋرۈكنى «گۈزەل»، «لىغىرلاپ تۇرغان»، «نەپىس ـ ئېسىل» دەپ سۈپەتلىسە، ئىسپانلار «غايەت زور»، «خەتەرلىك»، «مەزمۇت»، «پۇختا» دەپ سۈپەتلىگەن.

كۆپ يىللاردىن بېرى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار رەڭلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان سۆزلەردىكى پەرق شۇ رەڭلەرنى تونۇشتىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقىرامدۇ، دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئىزدەندى. رەڭ نۇر دەستىسى ئىچىدە گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا بىر ئادەم «قىزىل» دەپ قارىغان رەڭنى يەنە بىر ئادەم «قىزغۇچ» دەپ قارىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا ھەيران قېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. تەتقىقاتچىلارنىڭ بايقىشىچە كىشىلەر ئانا تىلىدا رەڭ ھەققىدە قانداق كەسپىي سۆزلەرنى ئىشلەتسۇن پەرقلىنىدىغان چېگرىسى ئوخشاش بولىدۇ.

لېكىن، ئىش ئۇ دەرىجىدە ئاددىي ئەمەس. بەزى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، تىل رەڭلەرنى پەرقلەندۈرۈشىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بولوجىسكى ۋە باشقىلار رەڭ بۇ خىل نەزەرىيىنى ئىسپاتلايدىغان، كۆڭۈلدىكىدەك ئۆلگە ئەمەس. چۈنكى رەڭنى بىۋاستە كۆزەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار تىل ئابستراكت كاتېگورىيىلەرنى ئىپادىلەشتە ناھايىتى كۈچلۈك رول ئوينايدۇ، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن ۋاقىت، سۆيگۈ، سان قاتارلىق ئۇقۇملار ۋە سىياسىي ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشتە شۇنداق. بۇ ساھەدە سەزگۈ ئەزالىرىدىن كېلىدىغان ئۇچۇر ئۆز رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرالمايدۇ.

ۋاقىت ھەققىدە ئويلاپ باقايلى، نۇرغۇن تىللار بوشلۇققا ئائىت كەسپىي سۆزلەر بىلەن ۋاقىتنى تەسۋىرلەيدۇ. ئىنگلىز تىلىدا «غەلىبە ئالدىمىزدا»، «بىز پىلاننىڭ كەينىدە قالدۇق» ياكى «بىز يىغىننىڭ ۋاقتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى» دەيمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىنگلىزچە سۆزلەيدىغانلار ئۈچۈن ۋاقىت بىر تۈز ئۇقۇم، كەلگۈسى ئالدىمىزدىلا، لېكىن خەنزۇ تىلىدا ۋاقىت خۇددى قۇدۇقتىن ئېتىلىپ چىققان نېفىتتەك بىر تىك شەكىللىك ئۇقۇم. بۇ خىل ئەھۋال خەنزۇچە سۆزلەيدىغانلار ۋاقىت ھەققىدە سۆزلەشكەن قىسقا سۆز ـ جۈملىلەردە كۆرۈلۈپ قالىدۇ. ئۇلار كەلگۈسى ھەققىدە سۆزلەشكەندە كېيىنكى قەدەمدە ( 下一步 ) دەيدۇ. ئىنگلىزلار: ئالدىمىزدا، ئالدى تەرەپتە، دېمەيدۇ.

لېكىن، بۇ كىچىككىنە پەرق مۇھىممۇ؟ پېنسىۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى لىلا گېلتمان بۇنداق دېيىشكە قوشۇلماي، بىز بۇ ئارقىلىق ناھايىتى ئوڭايلا ئوخشىمىغان

شەكىللەر ئارقىلىق ۋاقىت ھەققىدە ئويلىنالايمىز، دەيدۇ.

ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان كۆز قاراش شۇكى، سىز كۆرمىگەن، ئاڭلىغان شەيئى ۋە ئىشلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغاندا سىز سۆزلەۋاتقان تىل ھۆكۈمىڭىزگە بىۋاسىتە سىستېمىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ. سلوبىن «بىزنىڭ دۇنيادىكى زور كۆپچىلىك شەيئى ۋە ھادىسىگە بولغان چۈشەنچىمىز تىل ئارقىلىق تاماملىنىدۇ» دەيدۇ. بىز تىلغا تايىنىپ باشقىلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىقمۇ دۇنيانى چۈشىنەلەيمىز. ئەمما، ھايۋانلار ئۇنداق قىلالمايدۇ. ناۋادا سلوبىننىڭ ئېيتقىنى توغرا بولسا بىز ئىشلەتكەن تىل بارلىق شەيئىلەرگە بولغان چۈشەنچىمىزنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن. بۇنداق چۈشەنچە ۋەقەلەر، ھادىسىلەر، تارىخ، سىياسىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سلوبىن تىلنىڭ قىلمىشى ئىپادىلەش شەكلىنىڭ بىزنىڭ ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى چۈشىنىش شەكلىمىز ۋە تەسىراتىمىزغا تەسىر كۆرسىتەمدۇ يوق، دېگەن مەسىلىنى چۈشىنىپ بېقىشقا ئۇرۇنغان. بىز ئوخشاشلا بىر ئوبيېكتىپ دۇنيادا ياشايمىز. لېكىن، ئوخشىمىغان تىللار بىلەن دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان قاتلاملىرىنى ئەكس ئەتتۈرىمىز. مەسىلەن، ئىنگلىز تىلى، گوللاند تىلى، رۇس تىلى، فىن تىلى، خەنزۇ تىلى مەركىزىي دىئالېكتى قاتارلىقلاردا پېئىللار يۈز بەرگەن ھەرىكەتنىڭ شەكلىنى ناھايىتى ئوبدان تەسۋىرلەيدۇ. باشقا تىللار (مەسىلەن ئىسپان تىلى، فرانسۇز تىلى، ئىتالىيان تىلى، ئىبراي تىلى ۋە تۈرك تىلى) نىسبەتەن ئاددىي پېئىللارنى ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، ماڭدى دېگەن پېئىل بىلەن نۇرغۇن شەيئىنىڭ يۆتكەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئالدىنقى تۈردىكى تىللاردىكى سۆزلەرنىڭ (پېئىللارنىڭ ئۆزى) شەكلىنى ئىپادىلىسە، كېيىنكى تىللاردىكى سۆزلەرگە بىر مۇنچە سۆزلەرنى قوشۇمچە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

قوش تىللىق كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ناۋادا خەۋەر ئىنگلىز تىلىغا ئوخشاش تىلدا يېزىلسا تېخىمۇ جانلىق ۋە تەسىرلىك بولىدىكەن. گېزىتتىكى مىساللار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەنگلىيەدىكى «قوغدىغۇچىلار گېزىتى» يېشىل تىنچلىق تەشكىلاتى بىلەن دائىرىلەرنىڭ قارشىلىقىنى تەسۋىرلىگەندە، فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ كېمىلەرگە قانداق ھۇجۇم قىلغانلىقى، كېمىگە قانداق يامىشىپ چىققانلىقى، يېشىل تىنچلىق تەشكىلاتىنىڭ مەخسۇس رايونغا بۆسۈپ كىرىش ئۈچۈن قولۋاققا چىقىپ كۆلدە ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. فرانسىيىنىڭ «فىكارو گېزىتى» بۇ ھەقتە خەۋەر بەرگەندە فرانسىيە دائىرىلىرى قولۋاقنى تىزگىنلەپ تەشكىلات ئەزالىرى چېگرا سىزىقىدىن ھالقىپ فرانسىيە دېڭىز تەۋەسىگە بېسىپ كىردى، دەپ يازىدۇ.

بىزگە مەلۇم ھەرقانداق بىر تىل ئۆزىگە خېلى ئالاھىدىلىككە ئىگە يەكتا مۆجىزە. ھەممە تىل ئالاھىدە شەكىل بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. لېكىن، ناۋادا بىز ئۇنى دۇنياغا بولغان كۆز قاراشنىڭ ئوخشىمىغان شەكىللىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارىساق ئۇ (يەنى تىل) تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن قىممەتلىك بولغان بولىدۇ. سلوبىن «بىز مۇشۇ ھەقتىكى بارلىق ماتېرىياللار ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ تۇغما خاراكتېرىنى چۈشىنىۋېلىشىمىز لازىم» دەيدۇ.

دۇنيادىكى 6000 خىل تىلنىڭ يېرىمى بۈگۈندىن كېيىنكى 100 يىلدا يوقىلىدۇ. شۇڭا ئالىملار مىنۇت ـ سېكۇنتنى قوغلاشقان ھالدا ئامال بار بۇ تىللارنى ئوبدانراق چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. سلوبىن ئاگاھلاندۇرۇپ «بىر تىل يوقالغان ھامان شۇ تىلغا خاس ئالاھىدە كۆزىتىش نۇقتىسىمۇ تەڭ يوقىلىدۇ» دەيدۇ. بولوگىسكى بۇ پىكىرگە قوشۇلىدۇ. ئۇ «بەزى تىللارغا تايىنىپ ئالاھىدە تەپەككۇر يوللىرىنى ئاچقىلى بولۇش مۇمكىن. بۇنداق تەپەككۇر يولىنىڭ بىزگە پايدىسى باركى زىيىنى يوق» دەيدۇ.

قوشۇمچە: دۇنيادىكى تىللارنىڭ ئەھۋالى

ئاسىيادا 2165 خىل تىل بار.

ياۋروپادا 225 خىل تىل بار.

ئافرىقىدا 2011 خىل تىل بار.

ئامېرىكا (لاتىن ئامېرىكىسى ۋە شىمالىي ئامېرىكا) دا 1000 خىل تىل بار.

تىنچ ئوكيان رايونىدا 1302 خىل تىل بار.

---

خەنزۇچە «پايدىلىنىش خەۋىرى»نىڭ 2003 ـ يىللىق 13 ـ يانۋار سانىدىن بەرقى تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: يۈسۈپ ئىسھاق

2003.1

# ئېپسانە ۋە ئېپسانىشۇناسلىق ھەققىدە



ئابدۇكېرىم راخمان

ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە يۈكسەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان ۋە پارلاق كېلەچەك ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئىنسانلىرى ئۆز روھىي دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ھالەتلىرىنى بىلىش ۋە يېشىشنى قىزىقتا، رو-شەنكى، يىراق قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ بىردىنبىر روھىي مۇجەسسىمى ۋە ستېرېئولوگ سۈرىتى بولغان ئەپسانە ۋە ئەپسانىۋى ھېكايىلەرگە مۇراجىئەت قىلماقتا. تارىختىن بۇرۇنقى ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ روھىي مۇئەككىلى ھې-سابلانغان ئەپسانىلەرنىڭ كۆپلەپ بايقىلىشى ۋە بۇلار ھەققىدىكى ئىككى ئەسىردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان تەت-قىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەپسانىلەر ئىپتى-دائىي ئىنسانلارنىڭ بىخ ھالەتتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەڭ غايىۋى، ئەڭ يۈكسەك ئىپادىسى،

شۇنداقلا ئىنسانىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدى ۋە ئالەم توغرىسىدىكى تۇنجى ئىزدىنىشلىرىنىڭ بەدىئىي، پەلسەپىۋى يولى ئە-كەنلىكىدەك پاكىت كۆنسېرى ئايدىڭلاشماقتا.

ئەنە شۇ مەقسەت ۋە مۇددىئاغا ئىلمىي يول بىلەن ئېرىشىش نۆۋەتتە ئەپسانىشۇناسلىق ئىلمىنى (مىفولوگىيە) ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

ئەپسانىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا كەلسەك، خېلى كۆپ ئالىملار ئەپسانە دىندىن، ئىپتىدائىي سېھىرگەرلىكتىن ياكى ئۆزلۈك ئېڭىغا تويۇنغان ساپ ئىنسان پسىخىكىسىدىن پەيدا بولغان، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشلار گەرچە بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى يېشىپ بېرەلمەيدۇ. ئەپسانە گەرچە بىزنىڭ نەزەرىمىزدە ئويدۇرما ئىلاھلار كونتروللۇقىدىكى خىيالىي فانتازىيىدەك تۇيۇلسىمۇ، تېخى ھېچقانداق روھىي چەكلىمىگە ئۇچرىماي

ئەركىن ياشاۋاتقان ئەنە شۇ ياۋايىلىق ــ ۋارۋارلىق دەۋردىكى ئىنسانلارغا نىسبەتەن، ئەپسانىلەر ساپ تەبىئەت روھى بىلەن سۇغىرىلغان ئىجتىمائىي رېئال تۇرمۇشنىڭ مەنتىقسىز ھالەتتىكى بەدىئىي خاتىرىسى ئىدى. بىزگە مەلۇمكى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي گۆدەكلىك باسقۇچىدا ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن بولۇشى، بىلىش ۋە سېزىش ئىقتىدارىنىڭ تولىمۇ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبلىرىنى بىلەلمەيتتى ۋە چۈشىنەلمەيتتى. قۇدرەتلىك تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا ئىقتىدارسىزلىق قىلاتتى. شۇڭا، ئۇلار ئۆز ئەتراپىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى پەقەت تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن چۈشەندۈرۈپ، تەبىئەتتە يۈز بېرىدىغان خىلمۇخىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى قانداقتۇر بىر غەيرىي تەبىئىي كۈچنىڭ ئىرادىسىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئەنە شۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ گۆدەك قەلبىدە ــ ئۆزلۈك ئېڭىدا تەقلىدچىلىك ۋە سىمۋوللۇق ئۇسۇلدا پىششىقلانغان غەيرىي تەبىئەت كۈچلىرى ئەپسانىلەردىكى «ئىلاھ» بولۇپ شەكىللەندى.

دېمەك، ئىنسان ئاپىرىدە بولغان ئاشۇ يىراق قەدىمكى دەۋرنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىخچام ھالدا مۇنداق سىخېملاش مۇمكىن:

(1) مەۋجۇدىيەت + تەسەۋۋۇر + ئىلاھىي كۈچ + ئەپسانە

تەبىئەت + ئوبرازىي قىياس ↔ ئىلاھ + ئەپسانە

(2) رېئاللىق + تەقلىد ↔ غەيرىي تەبىئىي كۈچ = ئەپسانە

تەبىئەت + سىمۋول ↔ كونكرېت ئىلاھ = ئەپسانە

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش ياكى تەبىئەت رېئاللىقى بىرلەمچى ئامىل بولۇپ، ئۇ ئەپسانىلەردە مۇئەييەن دەرىجىدىكى تارىخىي ئىزلارنىڭ ساقلىنىشىغا سەۋەب بولغان. تەقلىد ياكى تەسەۋۋۇر ياردىمىدە بارلىققا كەلگەن ئىلاھىي كۈچ ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىككىلەمچى ئامىل بولۇپ، ئۇ ئەپسانىلەرنى ئىلاھىدە ھەم سىرلىق قىياپەتكە ئىگە قىلغان. بۇنداق پىسخىك ئامىللار ئەپسانىلەرنىڭ سىرتقى شەكلى ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە قارىتا بەزىدە ھەل قىلغۇچ رولىلارنىمۇ ئويناپ، ئەپسانىلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى غەيرىي شەكىللەر ۋە توتېم بەلگىلىرى ئىچىدە سىڭدۈرۈۋەتكەن. بۇ دەۋر ئەپسانىلىرى پۈتۈن خەلق ئاغزىدا تارقىلىپ كەلگەن ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئىنسانلار تىلىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە بايان قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈش دەرىجىسى بىردەكلىككە ئىگە. شۇ سەۋەبتىن بۇ دەۋر ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا «ئەپسانىچىلىق دەۋرى» دەپمۇ ئاتالغان.

ئەپسانىلەر دەرۋەقە، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە پەيدا بولغان، بىراق پۈتكۈل ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئەپسانىلىرىنىڭ پەيدا بولغان دەۋرى ئوخشاش ئەمەس. «ئىپتىدائىي جەمئىيەت» دېگەن بۇ باسقۇچنىمۇ مۇئەييەن يىلنامە بىلەن چەكلىگىلى بولمايدۇ. ئۇ ئىنتايىن ئۇزاق بىر تارىخىي جەريان بولۇپ، ئارخېئولوگىيىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ئىنسانىيەت 3 مىليون يىلدىن ئارتۇق تارىخىي مۇساپىگە ئىگە. ھالبۇكى، ئىنسانلارنىڭ سىۋىلىزاتسىيە (مەرىپەت دەۋرى)گە كىرگەن دەۋرى، يەنى يېزىق بىلەن خاتىرىگە ئېلىنغان تارىخى 10 مىڭ يىلغا يەتمەيدۇ.

مىفولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەپسانىلەرنىڭ تەرەققىيات دەۋرىنى چوڭ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن:

**بىرىنچى، ئۆزلۈك ئېڭى ئاساسىدىكى «يەككە ئەپسانىلەر سىستېمىسى» دەۋرى.**

بۇ دەۋر ئىنسانلارنىڭ ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىققان مەزگىلىنى بەلگە قىلغان بولۇپ، ئىجتىمائىيەت جەھەتتىن ماترىئارخال (ئانىلىق ئۇرۇقچىلىقى) قانداشلىق ئائىلە جامائەسى تۈزۈمىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئارخېئولوگىيىدىكى «كونا تاشقوراللار دەۋرى (پالېئولىت دەۋرى) دەپ ئاتالغان بۇ دەۋر خۇددى ف.ئېنگېلس تەسۋىرلىگەندەك: «بارلىق كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ھەرقانداق شارائىتتا پەۋقۇلئاددە قىزىق بىر دەۋر بولۇپ قالىدى، چۈنكى بۇ قەدىمكى دەۋر كېيىنكى بىر قەدەر يۇقىرى پەللىدىكى ھەممە تەرەققىياتلار ئۈچۈن ئۇل بولىدى». («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، رۇسچە، 4 ـ توم، 413 ـ بەت) بۇ دەۋرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە تەپەككۇرى ھاياتلىقنىڭ نېگىزلىك مەسىلىلىرىنى يېشىشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتقان شارائىتتىمۇ، ئىنسان ئەركىن پىكىر ۋە ھېچكىمدىن پاناھلىق تىلىمەيدىغان ۋەھشىيانە جاسارەت ۋە باللارچە قارامىلىقتا تايىنىپ، ھاياتلىق يولىدا شۇنچىۋالا ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلغانلىقىدا. بۇ خىلدىكى قىيىنچىلىقلارنى خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك «كوللېكتىپ ئاڭ يېتەكچىلىكىدىكى تەشكىللىنىپ ئويۇشقان ئادەملەر بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقاچان يولۇقتۇر-

مايدۇ». («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، رۇسچە، 4 ـ توم، 413 ـ بەت)

بۇ دەۋر ئادەملىرىنىڭ ئاددىي ھالدىكى ئۆزلۈك فانتازىيىسى بولسىمۇ، لېكىن سىستېمىلىق ھالدىكى مەنىۋى چوقۇنۇش ئېڭى ۋە ماددىي ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا ئاساسلىق تابۇ (پەرھىز)لىرى تېخى بارلىققا كەلمىگەن. ئەمما، ئىپتىدائىي پىسخىك ھالەت شەكلىدە گەۋدىلەنگەن، ئەركىن پىكىر بىلەن سۇغىرىلغان تەقلىدىي خاراكتېرلىك ئاددىي ئەپسانىلەر تۇغۇلۇشقا باشلىغان. بۇ خىل ئەپسانىلەرنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى ھەر بىر ئىنسان كۆز ئالدىدىكى رېئال شەيئىلەرنى كونكرېت ئوبرازلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، تېخى ئابستراكتلاشقان مەنتىقىي تەپەككۇر چەمبىرى ھاسىل بولمىغان. شۇڭا ئۇ «يەككە ئەپسانىلەر سىستېمىسى» دەپ ئاتالغان. بۇ خىلدىكى ئەپسانىلەرنى ماۋدۇن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئەپسانىلەر تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدە «ئىنزاھىي ئەپسانىلەر» تۈركۈمىنىڭ دەسلەپكى بىخى، دەپ قارايدۇ. «ئىنزاھىي ئەپسانىلەر» ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە قارىتا تەئەججۈپلۈق ئىنزاھاتىدىن ئىبارەت. ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەت ئالىمىدىكى تۈمەنمىڭ خىل ھادىسىلەردىن تەئەججۈپلىنىپ، بۇ ھادىسىلەرنىڭ سىرىنى بىلىشكە قىزىققان، ئەمما ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىلمىي ھالدا يېشىپ بېرىشكە ئەسلا قادىر بولالمىغان ۋە ئۇنداق قىلالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، كۈننىڭ سەھەردە پارلاپ، كەچتە يوقىلىشى، ئاي ـ يۇلتۇزلارنىڭ كۈندۈزدە كۆرۈنمەسلىكى، قار ـ يامغۇر، بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ پەيدا بولۇشى، جاندارلارنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۆلۈشى، تاغ ـ دەريا، سۇلارنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى، ئالەمنىڭ قانداق بىنا بولغانلىقى ... قاتارلىق سوئاللار ئۇلارنى جاۋاب بېرىشكە مەجبۇرلىغان، بۇ قىزىقارلىق مەجبۇرىيەت ئىپتىدائىي دەۋرنىڭ ھەربىر ئادىمىنى ئەركىن پىكىر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. نەتىجىدە ھەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى بويىچە، ئۇلارنىڭ سەۋەبىنى مۇئەييەن كونكرېت نەرسىگە تەتبىقلاپ ئىنزاھلاشقان، بۇ ئىنزاھلاش ئاساسىدىكى ئاغزاكى بايانلار بارا ـ بارا قېلىپلىشىپ، ئەپسانە تۈسىنى ھاسىل قىلغان. مەزمۇن قۇرۇلمىسى جەھەتتىن تېخى لوگىكىلىق تەپەككۇر چەمبىرىگە كىرمىگەن بۇ خىل يەككە ئەپسانىلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتىدە پىشقەدەملىك سالاھىيىتى بىلەن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل ئىقتىدارغا ئىگە بولغان:

1. يەككە ئەپسانىلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئالەم ۋە ئادەم ھەققىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئويلىنىش سىستېمىسىدۇر.

2. يەككە ئەپسانىلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەتكە قارىتا ئېلىپ بارغان بىر مەشغۇلات سىستېمىسىدۇر.

3. يەككە ئەپسانىلەر ماددىغا چوقۇنۇشنى ئوبيېكت قىلغان ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاساس سالغان ساپ تەبىئەتكۈيلۈك سىستېمىسىدۇر.

4. يەككە ئەپسانىلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئىلىم ـ پەن ۋە پەلسەپە سىستېمىسىدۇر.

5. يەككە ئەپسانىلەر ھېكايىچانلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ھەقىقىي مەنىدىكى «سىستېمىلىق ئەپسانە»لەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئانىلىق سىستېمىسىدۇر.

### ئىككىنچى، كوللېكتىپ ئاڭ كونتروللۇقىدىكى «سىستېمىلاشقان ئەپسانىلەر» دەۋرى

بۇ دەۋر ئېتنوگرافىيە نۇقتىسىدىن، ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن تارتىپ، پۈتكۈل ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى (پاترىئارخاللىق دەۋر) ۋە قۇللۇق جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىغىچە بولغان مەزگىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ دەۋر ئارخېئولوگىيە نۇقتىسىدىن نېئولىت دەۋرى (يېڭى تاشقوراللار دەۋرى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئاتىلىق ھوقۇقچىلىقى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي فورماتسىيىسىگە ئايلانغان بۇ دەۋردە، مۈلۈكچىلىكتىكى باراۋەرسىزلىك ھادىسىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر ئارىسىدا مەنپەئەتدارلىقنى چىقىش قىلغان سىنىپىي زىددىيەتلەر بىخلىنىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىيەت جەھەتتىن ھېچقانداق دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىمايدىغان ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى ئورنىغا كوللېكتىپ ئاڭ، كوللېكتىپ ئىرادە تىكلەنگەن، تىلنىڭ بايان قىلىش ئىقتىدارىمۇ ئۆسۈپ، ئىنسان تەپەككۇرى ئابستراكتلاشقان، لوگىكىلىق تەسەۋۋۇر چەمبىرى ئىچىگە كىرگەن. ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم تەلەپلىرىگە جۈلۈقى چىققان ئىلاھىي لاباسلار كىيگۈزۈلۈپ، تەبىئەت ئالىمى ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈشكە باشلىغان. مانا بۇ دەۋر ھەقىقىي مەنىدىكى «سىستېمىلىق ئەپسانىلەر» بارلىققا كەلگەن دەۋر ھېسابلىنىدۇ. مىفولوگىيىدە بۇ دەۋر ئەپسانىلىرىنى «سىۋىلىزاتسىيىلىك ئەپسانىلەر» دەپمۇ ئاتايدۇ. چۈنكى بۇ دەۋر ئەپسانىلىرى «يەككە ئەپسانىلەر»نىڭ سىۋىلىزاتسىيىلىشىشى، مەنتىقىلىشىشى ۋە ئابستراكتلىشىشى بولۇپ، ئۇ «يەككە ئەپسانىلەر»نى كەڭ كۆلەملىك ئۆزگەرتىپ ئىشلەش، پىششىقلاش، ئومۇملاشتۇرۇش، ھېكايىلەشتۈرۈش، سىمۋوللاشتۇرۇش ئاساسىدا يارىتىلغان.

بىرىنچىدە، «سىستېمىلاشقان ئەپسانىلەر» تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1. «سىستېمىلىق ئەپسانىلەر»دە نىسپىي ھالدىكى ھېكايىچانلىق خۇسۇسىيەت شەكىللىنىپ، خاراكتېر ۋە تۈر جەھەتتىن ئەدەبىيات كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلغان.

2. تېما جەھەتتە ئىلاھىي قۇدرەت مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئالەم ۋە ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى، خىلمۇخىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى قاراشلار مۇئەييەن ئىلاھلار توپىنى ھاسىل قىلغان.

3. ئىلاھ ياكى يېرىم ئادەم، يېرىم ئىلاھ مۇتېۋ قىلىنغان ئەپسانىلەر بىلەن بىللە يەنە زېۋس، پرومېتى، كيومارس، ئۆنگون، نويۋا، ئۇماي، جاساغان ... قاتارلىق مۇتلەق ھۆرمەتكە سازاۋەر باش ئىلاھلار بارلىققا كەلگەن.

4. ئەركىن پىكىرنى ئاساس قىلغان ئۆزلۈك تەپەككۇرنىڭ ئورنىنى كوللېكتىپ ئاڭغا بويسۇنغان ئابستراكتلاشقان تەپەككۇر ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرى مۇئەييەن لوگىكىلىق قۇرۇلما ئىچىگە كىرىپ، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئەقىللىق بىلەن نادانلىق قاتارلىق ئىنسان خاراكتېرىنىڭ زىتلىق قاتلاملىرى تەدرىجىي پەرقلىنىشكە باشلىغان.

5. ئىنسانىيەت ئەپسانە شەكلىدە تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئارىسىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىگە قارىتا ئەتراپلىق جاۋاب ئىزدەشكە يۈزلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن «يەككە ئەپسانىلەر»دىكى ساپ تەبىئەتگۈيلۇق خاھىشى ئورنىنى ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى ئىگىلەشكە باشلىغان.

6. «سىستېمىلىق ئەپسانىلەر»دە سىنىپىيلىك، مىللىيەتلىك، خەلقئارالىقتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل زۆرۈر شەرت قىلىنغاچقا، بۇ خىل ئەپسانىلەر ھەم بىر خىل مىللىي مەدەنىيەت ھادىسىسىنى ھەم بىر خىل خەلقئارا ئورتاق مەدەنىيەت ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

7. «سىستېمىلىق ئەپسانىلەر» تۈرلۈك ـ تۈمەن ئىپتىدائىي تەبىئەت دىنلىرىنىڭ تەدرىجىي قېلىپلىشىپ، مۇئەييەن گەۋدە ھاسىل قىلىشىدىكى ئاساس ۋە تۈرتكىلىك كۈچ بولۇپ قالدى.

8. بۇ دەۋر ئەپسانىلىرى تەدرىجىي ھالدا كۆپ خىل مەنبەلىشىپ ئۆزگىچىلىككە ئىگە رايونلار سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. ئالايلۇق، مۇشۇ دەۋردە قەدىمكى مىسىر ئەپسانىلەر سىستېمىسى، مېسوپوتامىيە ياكى بابىلون ـ سومىر ئەپسانىلەر سىستېمىسى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (جۇڭگو) ئەپسانىلەر سىستېمىسى، ھىندى ئەپسانىلەر سىستېمىسى، ئېگېي ـ مىنوس (قەدىمكى گرېك) ئەپسانىلەر سىستېمىسى، پارس ئەپسانىلەر سىستېمىسى، شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئورمېك ئەپسانىلەر سىستېمىسى، مايا ئەپسانىلەر سىستېمىسى، شىمالىي ياۋروپا ئەپسانىلەر سىستېمىسى، قەدىمكى ئالتاي ئەپسانىلەر سىستېمىسى، جەنۇبىي روسىيە ئەپسانىلەر سىستېمىسى قاتارلىق مەدەنىيەت سىستېمىلىرى بارلىققا كېلىپ، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت چەمبىرىنى ھاسىل قىلغان.

9. سىستېمىلىق ئەپسانىلەر ئەدەبىي قۇرۇلما جەھەتتە تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ، تارىخىي رىۋايەتلەرنىمۇ ھەزىم قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «قەھرىمانلىق دەۋر»نىڭ جەڭگىۋار ناخشىسى ئېپوسلارنىڭ ھامىيسى بولۇپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن مۇشۇ دەۋر ئەپسانىلىرىدە مەۋھۇم دەرىجىدە ماددىي مەدەنىيەت ئىزنالىرى ساقلانغان بولۇپ، ئۇ مەلۇم نۇقتىدىن تارىخىي رېئاللىققا ئىگە.

ھازىرقى زامان مىفولوگىيە تەتقىقاتىدا ئەپسانىلەرنىڭ تارىخىي ماددىي ئاساسلىرىنى دەلىللەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلمەكتە. مەسىلەن، بۈگۈنكى زامان ئارخېئولوگىيىسى قەدىمكى ترويا ئۇرۇشى ھەققىدىكى گرېك ئەپسانىلىرىغا ئاساسەن نۇرغۇن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 19 ـ ئەسىردە گېرمانىيىلىك ھېنرى ھىرمان ترويا شەھىرىنىڭ خارابىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، بۇ ھەقتىكى ئەپسانىلەرنىڭ تارىخى، ماددىي ئاساسلىرىنى ئىسپاتلاپ چىقتى، دۇنيا كۆلەملىك «توپان بالاسى ئەپسانىسى»غا ئاساسەن كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ ئالىملىرى نۇرغۇن قېتىملىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق تۈركىيىنىڭ ئىزمىر ئۆلكىسىدىكى ئاللات تېغىدىن نوھ ئەلەيھىسسالام توپان بالاسىدا بىر جۈپ جاندارنى ساقلاپ قالغان كېمىنىڭ تاشقا ئايلانغان گەۋدىسىنى تاپتى. «ئوغۇزخان ئەپسانىسى»دىكى ئىدىل دەرياسى، بارماقلىق يوسۇنبەگ ۋە ئۇ ياسىغان قاڭقى (ھارۋا)لارمۇ ماددىي مەۋجۇتلۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ تىپىك بولغان «بۆرە توتېم ئەپسانىلىرى»نى ئالساق، ئۇنىڭدا بۆرە ئىنساننى خەتەردىن قۇتقازغۇچى، ئىنسانغا خەيرىخاھلىق قىلغۇچى، شۇنداقلا تۈرك نەسلىنى ئاپىرىدە قىلغۇچى ئىلاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. بۈگۈنكى زامان ئېڭى بىلەن قارىغاندا، ئۇ شەك ـ شۈبھىسىزكى بىر خىل ئەپسانىۋى تۈيغۇ، خىيالىي فانتازىيە ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئىنسان بىلەن ھايۋانات دۇنياسىدا تېخى بۈگۈنكىدەك ئۇنداق كەسكىن قارىمۇقارشىلىق، دۈشمەنلىك ھالىتى شەكىللەنمىگەن قەدىمكى دەۋر ئۈچۈن ئالغاندا، ئادەم بىلەن بۆرىنىڭ مۇناسىۋىتىدە «بۆرە ئەپسانىسى»دە بايان قىلىنغاندەك تارىخىي ئىزلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىراقلا ئىنكار قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. خۇددى ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان فىلىمى «خاسىيەتلىك ئادەم»دە تەسۋىرلەنگەندەك، دۇنيانىڭ ھەرقايسى تامانلىرىدا بۆرە بىلەن بىللە ھايات كەچۈرگەن «بۆرە قىز»، «بۆرە يىگىت» لەر ياكى

2003.1

«ئادىمى ئېيىق»، «پاقاچوكان»لار مەۋجۇت. شۇڭا ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنىڭ پەرقىنى مۇتلەقلەشتۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەپسانىلەر تۈپ ماھىيەت جەھەتتىن ئىنسانلارنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئا ۋە قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى، ئىپتىدائىي ئىنسان قەلبىنىڭ ئەينىكى. شۇڭا ئۇنى بىر خىل دۇنيا قاراش، بىر خىل غايە، بىر خىل ئىشەنچ، بىر خىل ئېتىقاد، بىر خىل تەپەككۇر شەكلى، بىر خىل ئەدەبىي شەكىل مەنىسىدە قوللىنىشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئەپسانىلەرنى مۇلاھىزە قىلغاندا، ئۇنىڭغا مۇنداق بىر قانچە تەرەپتىن قارىشىمىز كېرەك:

1) بىز ئەپسانىنى پەقەت بىر خىل خىيالىي نەرسە، دېيىشكە ئادەتلىنىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ئالاھىدە شارائىت ئاستىدىكى ئالاھىدە خەلق توپىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ھەقىقىيلىققا ئىگە بىر خىل ئاڭ فورمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرەلمەيۋاتىمىز. مانا شۇ سەۋەبتىن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەپسانىلەرگە قارىتا تونۇشى بىلەن ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ تونۇشى ئوتتۇرىسىدا ياتلىشىش پەيدا بولدى. بۇ خۇددى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى بەزى ئەخمەقانە رېئاللىققا قارىتا، 1958 ـ ۋە 1966 ـ يىللاردىكى جۇڭگولۇقلار بىلەن 21 ـ ئەسىردىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ قارىشى ئوخشىمىغانغا ئوخشاش ئىش. شۇڭا قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ بۇ روھىي مۇئەككىلىنى قارا ـ قويۇقلا رېئاللىققا يات خىيالىي فانتازىيە، دەپ ھۆكۈم قىلىۋەتمەسلىك لازىم.

2) ئىنسان پەقەت ئۆزىنى تارىخ ئىچىگە قويغاندىلا ئاندىن تارىخنى تونۇيالايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ ئۆزىمىز مۇئەييەن تارىخنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە خاتىمىسى. بىزنىڭ ھاياتىمىزدا ھامان ئەپسانىدىن ئىبارەت بۇ قاتلام مەۋجۇت. ئەگەر بۇ رېئاللىق ئېتىراپ قىلىنمايدىكەن، ئۇ ھالدا مەنىۋى ھاياتىمىز بىر خىل پاجىئەگە يولۇقىدۇ.

3) بۈگۈنكى زامان ئۇچۇن ئېيتقاندا ئەپسانە بەربىر ئەپسانە، ئۇ قايتا تەكرارلانمايدىغان بىر خىل ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە، بۈگۈنكى ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىدا ئۇنىڭ پاسسىپ تەرىپىمۇ، ئاكتىپ تەرىپىمۇ بار. شۇڭا ئەپسانىلەرگە قارىتا تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى بولغان بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

4) ئەپسانىلەر بىر خىل ئاغزاكى ئېقىپ يۈرۈيدىغان ئىزاھلىق بايان تىلى بولغاچقا، تارقىلىش جەريانىدىكى تەبىئىي ئۆزگىرىشچانلىق ئۇنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتىدۇر. شۇڭا ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن ھەر خىل ئەپسانە ماتېرىياللىرى قەدىمكى ئاغزاكى ئەپسانىلەر خەزىنىسىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئاز بىر قىسىم ئەپسانە ماتېرىياللىرىمۇ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، تەپەككۇر ئۆزگىچىلىكى ۋە غايىۋى ئىنتىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ يېڭىلانغان. شۇڭا ھازىر مەۋجۇت بولغان ئەپسانە ماتېرىياللىرى ئىپتىدائىي ئەپسانىلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئەمەس. ئەپسانىشۇناسلىقتا بۇ ئوبيېكتىپ پەرقنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن بىز بۇنىڭلىق بىلەن ئەپسانە تەتقىقاتىنى تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل «مەنىسىز پائالىيەت» دەپ قارىماسلىقىمىز لازىم. مىفولوگىيە بىر خىل ئۇنىۋېرسال ساھە بولۇپ، ئۇ تىلشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، سوتسىئولوگىيە، ئېتنوگرافىيە، ئارخېئولوگىيە، ئانتروپولوگىيە، ئىجتىمائىي جۇغراپىيە، پەلسەپە، ئېستېتىكا قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلىملەرگە موھتاج. مۇشۇ ساھەلەردە بەلگىلىك دەرىجىدىكى نەزەرىيە سەۋىيىسىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ، ئەپسانە تەتقىقاتى ئارقىلىق قانۇنىيەتلىك مەسىلىلەرنى تېپىپ چىققىلى، مۇئەييەن ئىجتىمائىي قىممەت ياراتقىلى بولمايدۇ.

5) ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئەپسانىلىرى پەيدا بولۇش دەۋرىدىن تارتىپ مەزمۇن ۋە شەكىللىرىگىچە تەكشى ھالەتتە بولمايدۇ. بۇنداق تەكشىسىزلىك ۋاقىت تەرتىپى، بەدىئىي قۇرۇلما، ئورنى ۋە رولى، پەيدا بولۇش ۋە تارقىلىش سۈرئىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ خىل تەكشىسىزلىك ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، تىل ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۆز بېشىدىن كۆچۈرگەن تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

راستىنى ئېيتقاندا، بىز مىفولوگىيە بىلەن تولىمۇ كېچىكىپ تونۇشتۇق. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشەلمىدۇق. شۇڭا قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ مەنىۋى بايلىقىنى چوڭقۇر قېزىپ، خۇددى چىڭغىز ئايتماتوفتەك زامان روھىنى جۇلالاندۇرۇش ئۈچۈن ئەپسانە تەتقىقاتىنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق قانات يايدۇرۇپ، بۇ كۆزنەك ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش فولكلور تەتقىقات خادىملىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى، ئەلۋەتتە.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتتىمىن




2003.1

## سىردىشىش شادلىقى

سۆزنىمۇ خۇددى تۇيغۇغا ئوخشاش تىجەپ ئىشلەتمەسەك، يەنى ئۇنى كىچە - كۈندۈز تىنىم تاپماي، ھېسابى يوق تەرىزدە ئېقىۋاتقان سۇدەك كۆرۈپ، ئوڭ - سولغا چېچىۋەتسەك، لەۋزىمىزنىڭ قەدرى چۈشۈپ كېتىدۇ. لەۋزى قەدىرسىز كىشىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ھامان قەدىرسىز بولىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

بالا ۋاقتىمدا ئاۋۇلىمىزنىڭ بىر ھۆرمەتلىك ئاقساقىلى: «سۆزلىشىدىغان ئادەم قالمايۋاتىدۇ» دەيتتى. كوچىغا چىقساڭ مىغىلداپ يۈرگەن ئادەم تۇرسا، ئاقساقالنىڭ مۇنچىۋالا غېرىبسىنغىنى نېمىسى، دەپ ھەيران قالاتتىم. ئويلىسام، ئاقساقال ئۆزى بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ ئويي ئويلاشقۇدەك، سۆز قەدرىنى ئۆز قەدرىگە تەڭ قىلغۇدەك كىشىلەرنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

مۇختار ئىككىمىزنىڭ ئاشۇ ئاۋۇل ئاقساقالى ئارزۇ قىلغان ئويي ئويلىشىش، ئەركىن - ئازادە سىردىشىشىدىن ئاپىرىدە بولغان قولىڭىزلاردىكى كىتابنىڭ دۇنياغا كېلىشى تولىمۇ قىزىق. بىرىمىز قازاق، ئىككىنچىمىز قىرغىز تىلىدا روياپقا چىققان بۇ ئەستىلىكنى ئاساسەن ئۇنىئالغۇ ئالدىدىكى سىردىشىش ياكى ئۇنىئالغۇ لېنتىسىدىن چىققان «سىر بۇلاق كىتابى» دەپ ئاتىسىمۇ بولىۋېرىدىغاندەك تۇرىدۇ. كۆڭۈل رايى، پاراڭلىرىمىزنىڭ راۋاجى بويىچە ھەر خىل پەرۋازلىرىمىز بىلەن ھاياجانلىرىمىزغىمۇ ئىمكانقەدەر كۆپ قەلەم تەگكۈزمەي، شۇ پېتى قالدۇرۇشقا تىرىشتۇق. ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمىزدىن باشقا كۆزلەر بىلىپ كەتمەيدىغان، تەقدىرنىڭ ئەگرى - بۈگرى يوللىرىدا ئۇچراتقان پادىمان - پاتمان خۇشاللىقلىرىمىز بىلەن ھەسرەتلىرىمىزنىمۇ پىنھان قالدۇرمىدۇق.

ئەمدى ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۈچۈن ئۆز سۆھبەتدىشىمنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ ئۆتسەم ئارتۇقلۇق قىلماس. مېنىڭ ھاياتىمدا ئىككى مۇختار بولدى: بىرى ئاتامغا ئوخشاش غەمگۈزار ئۇستازىم، ئۇلۇغ يازغۇچى مۇختار ئاۋىزوف، يەنە بىرى، شائىر، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى سىردىشىم، ئىنى - دوستۇم مۇختار چاقانوف. مېنىڭ بىلىشىمچە، مۇختار چاقانوف توختىماي ئىزدەنگۈچى، مۇتەپەككۇر، شەرقنىڭ دانالىقى بىلەن غەربنىڭ دۇنيا قارىشىنى بىر كېچىكتە ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى بۈيۈك شائىرلارنىڭ بىرى. بۇ سىردىشىش كىتابىدا ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭ بىرمۇنچە ھېكمەتلىك شېئىرلىرى بىلەن تونۇشۇشقا ئىمكانىيەت تاپىدۇ. مۆرىتى كەلگەندە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇختار قازاق خەلقىنىڭ قىين-

قىستاقچىلىق مەزگىللىرىدە خەۋپ ـ خەتەرنىڭ كۆزىگە قارىماي جەڭ قىلغان، ئەل ئىچىدە مىللىي قەھرىمان سۇپىتىدە تەن ئېلىنغان قەيسەر پەرزەنتلىرىنىڭ بىرى. 1986 ـ يىلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھاكىم مۇتلەق سىستېمىسىغا قارشى دادىل باش كۆتۈرگەن قازاق ياشلىرىنى ئاقلاشتا ئۇ ئۆز تەقدىرىگە چۈشكەن خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي ھەقىقىي باتۇرلۇق، ھەقىقىي ئەركەكلىك قىلدى.

مۇختار چاقانوف بىر نەچچە يىلدىن بېرى قازاقىستاننىڭ قىرغىزىستاندىكى ئەلچىسى. ئۇ بۇ ئىشتىمۇ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان خاسلىقىنى كۆرسەتتى. پات ـ پات ئۇچرىشىپ زامان ھەققىدە، ئۆزىمىز ھەققىدە سىردىشىشىمىز مۇشۇ كىتابنى دۇنياغا كەلتۈردى. بەلكىم بۇ كىتاب ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۈچۈنمۇ ئەھمىيەتسىز بولماس.

چىڭغىز ئايتماتوف

مېنىڭ ئاتا ماكانىم—شېكەر ئاۋۇلى... ماناس تېغىنىڭ چوققىلىرىدىن تامچىغان تامچە قوشۇلۇپ، بىزنىڭ شېكەرگە ئاق بۇژغۇن، كۆك يېشىن سۇ ئېقىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى گۈزكىرەك. ئىسمىغا جىسمى ياراشقان، ئەتراپىدىكى ھەنىۋا مەۋجۇداتقا ئۈمىد ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان سۇ... شېكەرگە يېقىنلىغىنىمدىلا يۈرىكىم ئويناپ كېتىدۇ. ھەيھات، ئالدىڭدىن كۈن نۇرى بىلەن چېقىلىشقان ھالدا ئۆرەنلەپ، ماناس—ئاتا چوققىسى كۆرۈنگەن چاغدىكى ھاياجاننى دېمەمسەن؟

چىڭغىز ئايتماتوف

تەقدىرىڭنى يىلتىزسىزلىق ئىللىتىدىن دالداقا،
ھەر كىشىدە ئۆز ئانىسىدىن يات يانا.
يۆلەيدىغان، سۆرەيدىغان كەينىدىن،
بولۇش كېرەك كارامەتلىك تۆت ئانا.
ئانا يېرى ـ تۇپ قوزۇقى، بايرىقى،
ئانا تىلى سېتىلماس زور بايلىقى،
ئانا دەستۇر، ئۆرپ ـ ئادەت، تۇۋرۇكى،
قەدىمگە ئاپتاپ چاچار ھەر كۈنى.
ھەممە ئانا تارىخى بار، ئەسكە ئالماق بەك دەھشەت
ئەسكە ئالماق ئېپ كەلسىمۇ دەرد ـ ھەسرەت.
كۈيلىرىگە تۆت ئانىدىن ھايات سۈيى ئالمىغان،
بەزىلەرنىڭ كاللىلىرى قەيەرلەردە قالمىغان؟
تۆت ئانىسىن قوغدىمىغان خەلقنىڭ
ھېچقاندا قۇت يۇلتۇزى يانمىغان؟
شاراپەتلىك بۇ تۆت ئانا تەقدىرىڭنىڭ تولۇقى،
تۆت ئانىچۇن بولغان كۈرەش ـ كۈرەشلەرنىڭ ئۇلۇغى.

چاقانوف: ھاياتنىڭ خىلمۇ خىل قىسمەتلىرىنى باشتىن كۆچۈرۈپ گاھ ئېچىلىپ، گاھ سولىشىپ تۇرىدىغان بەندە بىچارە ئانا يۇرتىغا كۆڭۈل قۇشلىرىنى ئۇچۇرۇپ بولسىمۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا قايتىپ تۇرىدۇ. پۈتكۈل يۇرت تەن ئالغان ئوغلان بولساڭمۇ كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن ئانا تۇپراق يەككە ـ يېگانە. شۇ يەككە ـ يېگانىنى جان ـ تېنىڭ بىلەن سۆيۈش ئارقىلىق خەلقىڭگە قۇچىقىڭنى ئاچىسەن.

ئانا يەرگە بولغان مۇھەببىتىڭنى ئۆزۈڭنىڭ ئانا يۇرتۇڭغا ئالدى بىلەن ئائىلەڭگە، ئاۋۇلداشلىرىڭغا بېغىشلىماي تۇرۇپ، ھەممىگە ئورتاق بولىمەن، دېيىش يەڭگىلتەكلىك بولمامدۇ؟

ئانا يۇرتنىڭ شاۋقۇنلۇق دەرياسىنى، مېھىر ـ شەپقەت ئاپتىپى بەخش ئەتكەن كۆكۈلمەيدان قىر ۋە تۈزلەڭلىكنى، قۇلىقىڭ بىلەن يۈزۈڭنى چىمدىپ ئوينايدىغان ئاچچىق سوغۇقنى ئەسلىمەيدىغان كىم بار؟ ھەتتا، يىراقلاپ كەتسەڭ، كۆكەمە پاقىلارنىڭ تىنىمسىز كۇركىراشلىرى، ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرى سېغىنىش كۈيىدەك ئاڭلىنىدىغانلىقىمۇ شۇ سەۋەبتىندۇر بەلكىم!

چىكە، سىز مېنى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئاۋۇلىڭىز شېكەرگە چاقىردىڭىز، ماناسنىڭ ئاتا ماكانى—تالاس دالاسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياتقان شېكەر ئاۋۇلى قىرغىزلارنىڭ ئىنتايىن گۈزەل ئۆلكىسى ئىكەن.

شېكەر ئاۋۇلىغا يېقىنلاشقانسېرى چىرايىڭىزدا خىلمۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئەتتى. ماشىنىنىڭ كەينى ئورۇندۇقىدا ئىككىمىز ئولتۇرىمىز. بالا ۋاقتىمىزدىكى تەلپۈنۈشچان چاغلار، بوز يىگىت ۋاقتىمىزدىكى ئۈمىدلىك مەغرۇر چاغلىرىمىز، ئىز گۈلۈك سەپىرىگە ئەگەشكەن قەدىرلىك، ئېسىل كۈنلەر يادىڭىزغا چۈشۈپ، قەلبىڭىزنى گاھ پەرىشان، گاھ شادىمان قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم، ھەر بىر ساي ـ ئېدىرلار مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، دېگەندەك ئالدىڭىزدىن ئىغاڭلاپ چىقىپ، قول قوشتۇرغانچە قېپقالماقتا ئىدى.

سىزنى يازغۇچى قىلىپ تونۇتقان نەرسە تۇغۇلغان يېرىڭىزنىڭ ئىللىق تەبىئىتى بىلەن مېھماندوست، سېخىي ئاۋۇلداشلىرىڭىزنىڭ تارام ـ تارام تەقدىرىدۇ ھەقاچان؟ سىز ئۇلارنى چوڭقۇر بىلىش، تەتقىق قىلىش، سۆيۈش، ھەتتا بەزىبىرلىرىنى ئۆچ كۆرۈش ئارقىلىق يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدىڭىز. ناۋادا بىر كۈچ ئېڭىڭىزدىن شېكەر ئاۋۇلىنى ئېلىۋەتسە، مەزمۇنى، روھى پۇچەك قەلەمكەشلەر سېپىنى تولۇقلايدىغىنىڭىز شەك ـ شۈبھىسىز.

شېكەر ئاۋۇلى ئالدىڭىزغا چىقىپ، بىرى قولىڭىزنى قىسىشقا، يەنە بىرى ئاق يوللۇق تىلەكلىرىنى ئېيتىۋېلىشقا ئىنتىزار ئىدى.

بىزنىڭ ئاتاقلىق بىر ئاكىمىز ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يېرىدىن ۋەكىللىككە كۆرستىلىپ، «سايلاپ قويۇڭلار» دەپ ئاۋۇلداشلىرىغا يالقۇنلۇق سۆزلەرنى يېزىپ، ئاخىر مەسخىرىلىك ئاۋاز ئېلىپ غۇلاپ چۈشكەنىدى. شۇ چاغدا ئۇ: «ئەل قارىغان يۈزۈمنى يەرگە قاراتتىڭلارغۇ» دەپ پۇشايمان يېگەن ئىدى.

شېكەرگە بارغاندا ئەڭ ئالدى بىلەن كۆزگە چۈشىدىغىنى ئۇنىڭ باشقا ئاۋۇللارغا قارىغاندا شەھەرگە ئوخشاش كۆركەم ئىسكەتى، ئاپئاق، يورۇق، ئازادە ئۆيلەر بىلەن ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەر، مەدەنىيەت يۇرتلىرى.

كەڭ يېيىلغان داستىخان ئۈستىدە بىر يەرلىكىمىز جۇمھۇرىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان چېغىڭىزدا چوڭ بىر بۆلۈمدىن ئىككى كىشىنىڭ سىزگە قارشى ئاۋاز بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ قالدى.

بۇنى ئاڭلىغان باشقا بىر يەرلىكلىرىڭىز ئىلاجسىز قېلىپ:

—يۈز قېتىم دېموكراتىيە دېسەكمۇ بىزنىڭ ئاۋۇلدا ئايتماتوفقا قارشى ئاۋاز بېرىدىغان ماڭقۇرت كىشىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسقۇ! بەلكىم ئىچىپ قىزىۋالغان بىرەرسى سايلام بېلىتىنى بايقىماي سىزىپ قويغاندۇ—دېدى.

«نېمىنى تەرسەڭ شۇنى ئورىسەن» دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ؟

تۇغۇلغان يېرىگە مېھرى يوق ئادەملەر شامال ئۇچۇرتقان، دېنى يوق شاكالغا ئوخشاش مەزمۇنسىز ۋە بەختسىز مەخلۇقلار.

ئايتماتوف: ھەئە، تۇغۇلغان يەر، ئانا ماكان ھەر بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئالغان بارلىق نەرسەڭنى كۆڭۈل سۈزگۈچۈڭدىن ئۆتكۈزۈپ ھەسەل يىغقان ھەرىگە ئوخشاش يۈرىكىڭگە قويۇۋېلىشىڭ كېرەك. بوۋايلار باش قوشقان ئولتۇرۇشلاردا، بالىلارنىڭ سۆزىنى قىزىق كۆرۈپ:

—قېنى، يەتتە ئاتىسىنى كىم خاتالاشماي ئېيتىپ بېرىدۇ؟—دېيىشەتتى.

بالىلار دەرھال تەمكىن قىياپەتكە كىرىپ، بىرىدىن كېيىن بىرى ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى تىزىشقا باشلايتتى، بايقىماي بىر بوۋاڭنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي كەتسەڭ، خۇدا ساقلىسۇن... كېيىن ئويلىسام، بوۋايلارنىڭ مۇشۇ سوئالىنىڭ تېگىدە چوڭقۇر مەنە بار ئىكەن. چىققان تېگى – تەكتىنى ئۇنتۇماسلىق، ئەۋلادلار مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويماسلىق، يېقىن بىلەن ياقىنى ئايرىشنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا سىڭدۈرۈشتەك بۈيۈك مەنىلەرنىڭ بارلىقىنى چوڭ بولغاندىن كېيىنلا ئۇقتۇم.

يەتتە ئاتىسىغا يېلتىز تارتمىغان ئادەم ساپاسى يوق ئادەم. ئۇنى بىلمىگەن يەردىن ئەدەپسىزلىك، ھارام نەرسىدىن يىرگەنمەسلىك باشلىنىدۇ...

مۇشۇنداق قاراپايىم ۋە مۇشۇنداق قاتتىق مىللىي پەلسەپىنى چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن كۆپ ئاڭلاپ ئۆسكەن ئىدىم. مەسىلەن، مەن شېكەرلىك، مېنىڭ ئاتام تۆرەقۇل، تۆرە قۇلنىڭ ئاتىسى ئايتمات، ئايتماتنىڭ ئاتىسى كىمبىلدى، كىمبىلدىنىڭ ئاتىسى قونشجوق... چوڭ دادام ئايتمات ئون قولى ئون ئالتۇن ھۈنەرۋەن، قومۇزچىلىقى ۋە جىرچىلىقى بىلەن تالاس ئەتراپىغا مەشھۇر بولغان ئەقىللىق ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭدىن ئۈچ قىز، ئىككى ئوغۇل – ئايىمكۆل، تۆرەقۇل، قاراقىز، گۈلايىم، ئىسقۇلبەك تۇغۇلغان.

ئاۋۇل دېگەن بىر ئۆيۈل تەنگە ئوخشايدۇ. ئاۋۇل ئۆزىنىڭ ھەممىگە ئايان، ئەمما يېزىلمىغان قانۇنلىرى بىلەن ھايات كۆچۈرىدۇ. چوڭنى ھۆرمەتلەشتىن باشلىنىدىغان بۇ قانۇننىڭ بىر تارمىقى ۋە ئەڭ مۇھىمى يەتتە ئاتاڭنى بىلىش. تېگى – تەكتىنى بىلمەي، تۇغقىنىڭغا ئۆيلەنسەڭ ئەۋلادىڭ ئازىيىدۇ. مال بېقىپ يۈرۈپ ماقال ئەجاد قىلغان بوۋايلىرىمىز ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر بىلگەن – دە.

ئۈستىخان يېغلاش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئۇرۇقى ياخشىلىنىدۇ، دەپ ئوتارغا قوشقارنى، ئۈيۈرگە ئايغىرنى باشقا ئاۋۇللاردىن ئەكېلىپ سالمىغانمىدى؟ مەسىلەن، ئامېرىكىدا نېمە ئۈچۈن كۈچ – قۇۋۋەتلىك، قاۋۇل ئادەملەر پەيدا بولدى؟ چۈنكى قۇرۇقلۇق ئېچىلغاندىن كېيىن بۇ يەرگە تۈشمۇ تۈشتىن يۈزلىگەن مىللەتنىڭ ۋەكىلى كۆچۈپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار يەرلىك خەلق بىلەن ئۆزئارا قىز ئېلىشىپ، قىز بېرىشىپ قان ئالمىشىپ يېڭىلاندى ۋە ئۇرۇق ياخشىلاندى. ئۇلار ھەتتا ئىلگىرىكى ئانا يۇرتىغا «كونا ماكان» دەپ ئات قويۇشۇۋالغان ئىدى.

چاقانوف: بۇنىڭدىن سەككىز – توققۇز يىل بۇرۇن جامبۇل ئوبلاستىدىن بىر يىگىت مېنى ئالايىتەن ئىزدەپ كېلىپ، كۆڭلىگە پۈككەن گەپلىرىنى ئېيتىپ ئەقىل سورىغان ئىدى. ئۆزىدىن كېيىنكى ئىنىسى ئالمائاتادىكى

چوڭ بىر ئىنستىتۇتنىڭ بىرىنچى يىللىقىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەن.

—ئۇرۇق ـ تۇغقان سىڭلىمىز بار ئىدى، ئىككىسى بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قاپتۇ. «ئىنىم بۇ قىزنى ئالمەن، ئۇنىمساڭلار ئىسىلىپ ئۆلىمەن» دەپ تىرەجەپ، كۆنىدىغاندەك ئەمەس. هەممىمىز نەسىھەت قىلدۇق. قۇلىقىغا قىستۇرىدىغان پەيلى يوق، ئەيىبلىدۇق، ئۇنىمىدى. ئاخىر ئاكا ـ ئۇكىلار مەسلىھەتلىشىپ، سىزگە توختىدۇق. ئاڭلىسا سىزنىڭ گېپىڭىزنىلا ئاڭلايدۇ، چۈنكى ئۇ شېئىر، داستانلىرىڭىزنى بىر نەچچە سائەتلەپ يادقا ئوقۇيالايدۇ ۋە ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ. يا چاقىرتىۋېلىپ ئاتىلىق نەسىھىتىڭىزنى ئېيتىڭ، ياكى بىر ئېغىز خەت يېزىپ بېرىڭ، باشقا ئىلاجىمىز قالمىدى،—دەپ قايغۇرۇپ كەتتى.

بۇ ياققا تارتساڭ هارۋا سۇنىدىغان، ئۇ ياققا تارتساڭ ئۆكۈز ئۆلىدىغان تەڭقىس هالەتتە قالدىم. ئاجراشتۇرۇۋېتەيلى دېسەڭ، ئۇلار چىن مۇهەببەتتىن جۇدا بولۇپ ئۆمۈر بويى بىر ـ بىرىسىنى ئىزدەپ، يىغلاپ ـ زارلاپ ئۆتۈشى مۇمكىن. چۈنكى، هەقىقىي سۆيۈش گاهىدا ئادەم هاياتىدا بىرلا قېتىم كېلىشى مۇمكىن. ئاخىر:

—هازىرچە بىرىنچى يىللىقتا ئوقۇۋېتىپتۇ، ئۆيلىنىمىز دېگەن گەپلىرىنى ئوقۇشنى تۈگەتكۈچە قويۇپ تۇرسۇن، مۇشۇ ئارىلىقتا ئارىلىرىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس، چۈنكى، ئادەم بالىسى غىل ـ پال يانغان ئىنتىلىشنى چىن مۇهەببەت دەپ خاتالىشىدۇ. ناۋادا ئوقۇشى پۈتكۈچە ئارىسىدىكى مۇهەببەت سوۋۇمايدىكەن، ئۇ چاغدا پېشانىلىرىدىن كۆرسۇن، ئۆزئارا قوشۇلار،—دېدىم.

مېنىڭ ئېيتقانلىرىممۇ ئەقىلگە تازا مۇۋاپىق ئەمەس، بىراق باشقا يول تاپالمىدىم.

چىكە، ئېسىڭىزدىدۇ، 1969 ـ يىلى موسكۋادا ياش شائىر، يازغۇچىلارنىڭ پۈتۈن ئىتتىپاقلىق 3 ـ قۇرۇلتىيى ئۆتكەن ئىدى. ئۇ سىزنىڭ داڭقىڭىزنىڭ پۈتۈن ئالەمگە كەڭ يېيىلغان مەزگىلى، ئۆزىڭىز بىلەن بىر ئېغىز گەپ ـ سۆز قىلىشىپ، پاراڭلىشىپ قېلىش بىزگە ئوخشاش ياشلارغا چوڭ خۇشاللىق ئىدى. مېنى تونۇمىسىڭىزمۇ كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ يېنىڭىزغا كېلىپ، سىزنى قېرىنداش—ئاغا بىلىپ ئازراق پاراڭلاشتىم. شۇ قېتىم يۇكاگىرنىڭ ياش يازغۇچىسى سىمون كورىلوفنى ئۆزىڭىز بىلەن تونۇشتۇردۇم. ئۇنىڭ «خانىيدۇ بىلەن خالېرخا» ناملىق رومانى شۇ چاغدىكى سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمهۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى كونستانتىن فېدىننىڭ بايانامىسىگە كىرگەن ئىدى. قۇرۇلتايغا قاتناشقانلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى مەمنۇنىيەت بىلەن تەكىتلەپ ئۆتۈشتى. كېيىن مەن ئۇنىڭ بۇ رومانىنى ئالمائاتاغا ئالغاچ كېلىپ، تونۇلغان مۇخبىر مىڭباي ئىلەسوفقا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، قازاق تىلىدا ئېلان قىلدۇردۇم. ئاق كۆڭۈل، تولىمۇ تالانتلىق ئەزىمەت ئىدى، ئەتتەڭەي، بالدۇر ۋاپات بولدى.



كورىلوفنىڭ بۇ رومانى شۇ يىللىرى ئۇنتۇمىسام بار ـ يوقى 608 ئادىمى بار يۇكاگىر مىللىتىنىڭ شەجەرىسىگە ئوخشاش كۆركەم ئەسەر ئىدى. ئېيتماقچى بولغىنىم، مۇشۇ يۇكاگىرلەردە، سىبىرنىڭ باشقا ئۇششاق مىللەتلىرىدە كەلگەن مېھماننىڭ يېنىغا ئۆز ئايالىنى سېلىپ بېرىدىغان دەستۇر بولغان ئىكەن.

**ئايتماتوف:** بۇ زېرىككەننىڭ ئەرمىكى ياكى ئۆپكىسى يوقنىڭ هەرىكىتى ئەمەس، بارماق بىلەن سانىغۇدەك ئازغىنە مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى جان تالىشىشى، يېقىن تۇغقانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۆيلىنىۋېرىشىدىن مىللىي يىلتىزىغا زىيان يېتىدىكەن، يەنى قان يېڭىلانمىغاندىن كېيىن يېڭى تۇغۇلغان نارەسىدىنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يېتىدۇ، دېگەن سۆز. يەتتە ئاتا دەستۇرنى كېيىنكى ئەۋلادىنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرگەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر ئۇلۇغلۇقى مانا مۇشۇ يەردە. خەلقىمىزنىڭ هېلىقىدەك ئېسىل دەستۇر—ئادىتىنىڭ، كۆيۈمچانلىقى بىلەن ئەدەپلىكلىكىنىڭ هۆسنىنى قاچۇرماي، هەر دائىم غەمگۇزار بولۇپ كەلگەن بوۋايلارنى «ئاۋۇل ئاكادېمىكلىرى» دېمەي ئىلاجىڭ يوق.

MIRAS

چاقانوف: ھەئە، ئاۋۇل ئاساسەن يېزىلمىغان قانۇنلار بىلەن ھايات كۆچۈرىدۇ. مەسىلەن، كېلىنلەرنى ئالايلۇق، كېلىۋاتقان بوۋايلارنى كۆرسە، ئالدىدىن توغرا ئۆتمەي، ئېگىلىپ سالام قىلىدۇ. ئېرى يەڭگىلىرى بىلەن قېيناغا، قېيىنىنى ــ سىڭىللىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي، ئۇلارغا يېڭىدىن ئىسىم قويۇشنىڭ ئۆزىدە قالتىس بىر ئىچكى مەدەنىيەت مۇجەسسەم.

ئايتماتوف: بىزنىڭ ئاۋۇللاردا كېلىنلەر قېيناغىلىرى بىلەن قېيىنىنى ــ سىڭىللىرىغا خىلمۇ خىل ئەپچىل ئاتلارنى قويۇۋالاتتى. گاھىدا كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا «يىلقىچى ئاغا»، بويى ئېگىز بولسا، ئۇنى ئەكسىچە «كىچىككىنە ئاتا» دەۋالاتتى. شېكەردە ئورۇق، تارتىنشىپ قالغان بىر ئادەم بار ئىدى. شۇنىڭغا كېلىنلىرى ئۆزىگىمۇ بىلدۈرمەي، سىرتىدىن «تارتىنشىكاڭ كېلىۋاتىدۇ»، «تارتىنشىكاڭ پالان دەپتۇ، تارتىنشىكاڭ پوكۇن دەپتۇ» دېيىشەتتى. دېمەك، ئاۋۇلدىمۇ ھەر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ قەدىر ــ قىممىتى بويىچە مەرتىۋىسى بولىدۇ.

چاقانوف: ئەل ئاغزىدا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ھېكايىمۇ بار، دەريا (ئۆزەن)نىڭ ئۇياق تەرىپىدە، توپ قومۇش (قامىس)نىڭ بۇ تەرىپىدە بىر قوينى قاشقىر چىشلەپ قويۇپ كېتىدۇ. سۇغا بارغان ياش كېلىن قەلەمتىراش (كەزلىك)نى بىلەيگە (قايراقىا) بىلەۋېتىپ ھارام بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ھېلىقى قوينى بوغۇزلايدۇ. ئاۋۇلغا قايتىپ كېلىپ، بولغان ۋەقەنى ئېيتاي دېسە، ئۆزەنباي، قاسبا، قويباي، قاشقىرباي، كەزلىكباي، قايراقباي دېگەن قېيىن ئاغىلىرى بار، ئۇلارنىڭ ئىسمىلىرىنى قانداق ئاتىماق؟ كېلىن شۇ چاغدا: «شارقىراتمىنىڭ ئۇ تەرىپىدە، شىلدىرلىمانىڭ بۇ تەرىپىدە مەڭرىمەنى ھوۋلىغاق يەۋېتىپتىكەن، سۇركىگۈچۈمنى چىقىرىپ بۆلىگۈچۈمگە سۇركەۋەتتىم ــ دە بوغۇزلىۋەتتىم» دەپ بولغان ئەھۋالنى خەۋەر قىپتۇ.

«ئاۋۇل ئاكادېمىيىسى» قەدىمكى كۆچمەن قوۋملەر مەدەنىيىتىنىڭ يىغىندىسىنى شەكىللەندۇرگەن. مەسىلەن، بىراۋ ئۆي سېلىش ئۈچۈن ھاشارغا چىللىسا، ئاۋۇل ــ ئايماق پۈتۈنلەي ياردەم قىلىشقا ئاتلىنىدۇ. شادىيانە توي ــ تۆكۈن، مۇسىبەتلىك ئۆلۈم ــ يېتىم ئاۋۇل كىشىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق ئىمتىھان، بۇلاردىن چەتتە قېلىش ئەيىب ۋە ئۇيات ھېسابلىنىدۇ.

ئىسھاق دېگەن تاغام بولىدىغان، رەھمەتلىك ھەر قانداق بەندىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمىگەن كىشى ئىدى. شۇ تاغام كوچىدا ئاتلىق كېتىۋېتىپ، يول بويىدا تۇرغان تاشنى كۆرسە، ئاتايىن ئېتىدىن چۈشۈپ، ھېلىقى تاشنى يىراققا تاشلايتتى ۋە ئەتراپتىكىلەرگە:

ــبىزدىن كېيىن ماڭغانلار پۇتلاشمىسۇن ــ دە،ــ دەيتتى.

كۆكلەم كەلسىلا بادام دەرياسى تېشىپ، ئاۋۇلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى يالغۇز كۆۋرۈكنى ئاققۇزۇپ كېتەتتى. ئاۋۇل ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر ــ بىرى بىلەن بېرىش ــ كېلىش قىلالماي غېرىبسىنىپ قالاتتى. تاغامنىڭ ئاستىدا ئېتى بولغاچقا دەريادىن قىينالمايلا ئۆتۈپ كېتەلەيتتى. بىراق، تاغام بۇنداق چاغلاردا بېغىدىكى تېرەكلەرنى كېسىپ، كۆۋرۈكنى ئۆزى يالغۇز سېلىشقا باشلايتتى، بۇنى كۆرگەن ئاۋۇل كىشىلىرى ئۇيالغىنىدىن يىغىلىشقا باشلايتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدىغا يۇكسەك ئادەمگەرچىلىك بىلەن مىللىي ئۆرپ ــ ئادەت، مىللىي دەستۇرىمىز جەملەنگەن خەزىنە سۈپەت شۇ تاغام كۆزگە يېقىن خەتەرلىك ئىششىق كېسىلىدىن كۆز يۇمدى. ئۆلۈشتىن ئىككى ــ ئۈچ كۈن بۇرۇن مېنى يېنىغا چاقىرتىپ:

ــ خوش، جېنىم بالام، ئاتا ــ بوۋىمىزنىڭ يولىنى بويلاپ، بارسا ــ كەلمەس سەپەرگە چىققىلىۋاتىمەن،ــ دېدى زەئىپ ئاۋاز بىلەن،ــئەمدى ئۆزۈڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش بار. جېنىم بالام، شائىر بولىمەن، دەپ ئىزدىنىپ يۈرىسەن، مەڭدا بىرسىگە نېسىپ بولىدىغان بۇ ئېسىل ھۈنەرنى ئىگىلىيەلىگەنلىكىڭلا بەختى ئېچىلىدۇ. سۆز قۇدرىتى پەقەت پاكلىقنى خالايدۇ. كۆز باغلايدىغان دۇنيانىڭ يالتىراقلىرىغا قىزىقىپ، خاتا قەدەم باسساڭ يەر تاسقىۋېتىدۇ، ئۇدۇمۇڭ قاچىدۇ،ــ دەپ ئۇلۇغ ــ كىچىك تىنىدى ۋە تورۇسقا قاراپ ئۈنسىز يېتىپ كەتتى.

ــسەندىن تىلەيدىغان ئاخىرقى تىلىكىم شۇكى،ــ دېدى شۇنىڭدىن كېيىن،ــ مۇشۇ ھاراق دېگەن نېمىدىن يىراق تۇرساڭ قانداق بولار؟ ئىچىشنىڭمۇ تېخى باشلىمىدىڭ، ئىچىشنى باشلىمايلا قويساڭ بولمامدۇ؟ قانداق قىلساڭمۇ ئېيتقانلىرىمنى ئورۇندا، دەپ قىستىمايمەن، ياخشى ئويلىنىپ جاۋابىنى بەر. تېخى ئىككى ــ ئۈچ كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرىدىغاندەك تۇرىمەن، شۇڭغىچە ئۈلگۈرتسەڭ بولىدى. ئۇمۇ زامانىباپ ئۇسسۇلۇققۇ! قاتاردىن قالمايمەن دېسەڭ ۋەدە بەرمە. ئۇنىڭغىمۇ خاپا بولمايمەن.

2003.1

—تاغا، ئۇيلىنىدىغان ھېچنېمىسى يوق، تىلىكىڭىز شۇ بولسا، تىلىكىڭىزنى ئورۇندايمەن—دېدىم.

—باركاللا! سادىغاڭ كېتەي، مۇرادىڭغا يەت، بەختلىك ئېچىلسۇن!—دېدى تاغام كۆزلىرى ياشقا تولۇپ.—ئەمدى ئاللانىڭ ئامانىتىنى ھېچقانداق ۋايىم، ھېچقانداق ئەندىشىسىز ئۆزىگە تاپشۇرىمەن.

تاغام ئېيتقىنىدەكلا ئىككى كۈندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى.

مېنىڭ ئۇمسىن ئايتباي قىزى دېگەن ئانام 1994 ـ يىلى 85 يېشىدا، مەن مۇشۇ خاسىيەتلىك قىرغىز يېرىگە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋە تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىسى بولۇپ كەلگەن چېغىمدا كۆز يۇمدى. سىز ياخشى بىلىسىز. ئۇنىڭ قولىدىن تۈز ـ تەممۇ يېگەن ئىدىڭىز. ئانام ئون ئۈچ قېتىم قورساق كۆتۈرگەن ئايال ئىدى. شۇلارنىڭ ئىچىدە يالغۇز مەنلا تىرىك قاپتىمەن. ئۇلارنىڭ كۆپى ئەرزىمەيدىغان ئاغرىقلاردىن چاچراپ كېتىپتۇ. مەرھۇم ئانام مەن بىر ياققا ماڭماقچى بولسام ئالايىتەن ئۈچ خىل تاماق يەنى مايدا پىشۇرۇلغان قاتلىما، قېزا ۋە قورۇت تەييارلايتتى.

ئۇ چاغلاردا موسكۋادا ئېچىلىدىغان يىغىنلارغا پات ـ پات بېرىپ تۇراتتۇق. شۇنداق چاغلاردا ئانام ئۆزى تونۇيدىغان ئادەملەرگە مۇشۇ خىل تاماقتىن ئوراپ، قول چامادانىمغا سېلىپ بېرەتتى. يېۋگېنىي يېۋتوشېنكوغا زور ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بالىسىنىڭ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، قىيىن پەيتلەردە ياردەم قولىنى سۇنغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى ئەل ـ يۇرتىنىڭ، ئۆز ئۆيى ئىچىمىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان يۈكسەك ئىخلاسىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئىشقىلىپ يېۋگېنىي يېۋتوشېنكو دېگەندە كۆڭلى ئۆزگىچە ئىدى.

—ئاۋۇلنىڭ تۇز ـ تەمىنى تېتىپ بېقىڭلار! بۇ تاماقلارنى ئاپام ئەۋەتتى،—دەپ مەنمۇ پەخىرلەنگەن ھالدا ئۇنىڭ ئەۋەتكەن نەرسىلىرىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا باشلايمەن.

—سېنىڭ ئاناڭ ماڭا خۇددى قازاقلارنىڭ ئاۋۇلى بولۇپ تۇيۇلىدۇ،—دېگەن ئىدى بىر قېتىم ماڭا يېۋگېنىي ئالېكساندروۋىچ.

سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى ئالىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ، موسكۋادا خىزمەت قىلىپ يۈرگىنىمدە، سىزنىڭ يېقىن دوستلىرىڭىز راسۇل غامزاتوف ۋە داۋىد كۇگۇلتىنوف بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ كەتكەن ئىدۇق، ئۇ چاغدا ئالىي كېڭەش ئەزالىرى موسكۋا مېھمانخانىسىدا مەخسۇس ئايرىم ياتاقلاردا تۇراتتۇق.

ئاۋۇلنىڭ ئۈچ خىل تامىقىنىڭ مېنىڭدىن ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنى بىلىدىغان راسۇل غامزات «ئاپامنىڭ تۇز ـ تەمىنى قاچان يەيمىز؟ بايقا، باشقا بىراۋلارنىڭ ئاغزىدا كېتىپ قالمىسۇن يەنە» دەپ كۆرگەن زامات پۈرسەتتىپ قوياتتى.

بىر كۈنى ئالمائاتاغا بېرىپ قايتىپ كەلسەم، توڭلاتقۇم خۇددى يىلان يالىغاندەك قۇپقۇرۇق. قېزا بىلەن قاتلىمىدىن ھېچنېمە يوق، پەقەت بىر نەچچە تال قورۇتلا قاپتۇ. ئۆزۈم ئىچمىسەممۇ مېھمانلار ئىچەر، دەپ ھاراق ئۆزۈلدۈرمەيتتىم. بوش شىشىلەر ئۈستەل ئۈستىدە چېچىلىپ قالغان ئىدى. كىملەرنىڭ ھۇجۇمى ئىكەنلىكىنى كۆڭلۈم تۇيدى. شۇ ئارىدا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. تۇرۇبكىنى كۆتۈرسەم داۋىد كۇگۇلتىنوفنىڭ قولاققا تونۇش ھەزىل ئاۋازى ئاڭلاندى:

—بىزنىڭ ئىزىمىزنى تونۇدۇڭمۇ؟ سەن يوقتا بىز نۆۋەتچىدىن ئاچقۇچۇڭنى ئېلىپ، راسۇل ئىككىمىز ياتىقىڭغا كىرىپ چىققان ئىدۇق. ئۆزۈڭ تالاي قېتىم چاقىرساڭمۇ ئاۋۇلۇڭغا بارالمىغان ئىدۇق ئەمەسمۇ، ئاناڭ ئەۋەتكەن تۇز ـ تەمگە ئېغىز تەگدۇق. ئەمدى بىزنى ئاۋۇلۇڭغا بارمىدى، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

ئىككىمىز بەس ـ بەس بىلەن كۈلدۇق. ئاۋۇل مېھماندوستلۇقىغا خاس ئىككى قەلەمكەش ئاكىنىڭ ھەزىل ـ چاقچىقى نەقەدەر سەممىي—ھە!

ئاپامغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر قىزىق ۋەقە بار: ئاپام رەھمەتلىك ئايمۇئاي ئالىدىغان پېنسىيە پۇلىغا ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىكى دۇكاندىن خىلمۇ خىل كەمپۈت ـ پىرەنىكلەرنى سېتىۋېلىپ، ھەمىشە دېگۈدەك يانچۇقىنى تولدۇرۇپ يۈرەتتى، ھويلىغا چىقتىمۇ بولدى، ئۇنى قوشنىلارنىڭ كىچىك باللىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن قاپساپ، خۇشال بولۇپ كېتىشەتتى. ئاپام ھەممىسىگە بىر چەتتىن تاتلىق ـ تۈرۈملىرىنى ئۈلەشتۈرۈشكە باشلايتتى ۋە ئۆزىنىڭ شۇ مىجەزىدىن قالتىس لەززەت ئالاتتى.

بىر قېتىم گۇربىيېف (ھازىرقى ئوترار) ئوبلاستىغا بارغان سەپىرىمدە راۋىل شىردابايېۋ دېگەن يىگىت بىلەن تونۇشتۇم. تۇغۇلغان ئۆلكىسىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، خىلمۇ خىل رىۋايەت، ھېكايىلەرنى، مىللىتىمىزنىڭ

MIRAS

قەدىمكى ۋە ھازىرقى تارىخنى قەلب قەسرىگە ئويۇۋالغان پىكىرلىك ئەزىمەت ئىكەن. ئىككىمىز خۇشاللىق بىلەن تونۇشۇپ، ئاخىرىدا دوست بولۇشۇپ كەتتۇق. 19 ـ ئەسرنىڭ بورانقۇش شائىرى، مۇشۇ ئۆلكىنىڭ پەرزەنتى ماخامبېت ئۆتەمىس توغرىلىق كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر ۋەقەنى راۋىلىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ بىر كىچىك داستان يازدىم.

سەپەر ئاياغلىشاي دېگەن چاغدا، بېلىقچى ئاۋۇلى مېنى «ھۆرمەتلىك بېلىقچى» دەپ قوبۇل قىلىپ، مۇشۇ يەرنىڭ دەستۇرى بويىچە ئاتنىڭ ئورنىغا ئېغىرلىقى 60 ـ 70 كىلوگرام كېلىدىغان بەكرە بېلىقنى سوۋغا قىلدى، يېپىق دەرياسىدا ياشايدىغان لەھەڭ بىلەن ئۇرۇقداش ئېسىل بېلىقنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقىنىڭ 52 پىرسەنتىنى قارا بېلىجان تەشكىل قىلىدىكەن.

ئايرودرومغا ئاۋۇلنىڭ ئاق كۆڭۈل ئەزىمەتلىرى كېلىپ ئۇزىتىپ قويۇشتى. ئايروپىلانغا ئولتۇرغىنىمدا بېلىقچى ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ئورۇنباسار ئەركىنوف:

—چۈشىدىغان چاغدا ئۇنتۇپ قالماڭ يەنە،—دەپ بېقىنلىرى چىقىپراق قالغان سەپەر سومكىسىنى يېنىمغا قويدى.

—بۇ نېمە؟—دېدىم تېڭىرقاپ.

—ئۆتكەندە ئۆزىڭىزگە سوۋغا قىلغان بەكرەنىڭ بېلىجانى.

ئېغىرلىقى 15 ـ 20 كىلوگرامدەك كېلىدىغان قارا بېلىجان ئۇ چاغدا چوڭ بايلىق ئىدى.

ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئاپام چىمكەشكە ئايلىنىپ كەلگىلى كەتكەن ئىدى. كېينچە ئايالىم توڭلاتقۇغا قارىسا، ھېلىقى قارا بېلىجانلارنى سالغان قاچىنىڭ تۈۋى بوشاپ قالغان ئىكەن.

—بەلكىم، نوچىلىق قىلىپ بىراۋلارغا بەرگەنسەن،—دەپ ئايالىم ماڭا دەرگۇمان بولۇپ قارىدى.

—ۋايجان، ئۇنداق دېمە، توڭلاتقۇغا يېرىم قەدەم يولىغان ئەمەسمەن،—دەپ ئۆزۈمنى ئاقلاۋاتىمەن. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

كەيىندىنلا يوقالغان بېلىجانلارنىڭ سىرى ئېچىلدى.

كەچتە ئىشتىن كېلىۋاتسام، ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئۇچرىغان قوشنا رۇس موماي:

—مۇختار، ساڭا كۆپ رەھمەت، سوۋغا ـ سالىمىڭغا رازى بولدۇق. تولىمۇ باھالىقكەنغۇ! بىزگە ئوخشاش پېنسىيىدە يۈرگەنلەرگە ئۇنى سېتىۋېلىش دېگەن نەدە؟ تېجەپ ئىشلەتسەك يېرىم يىلغا بەخۇدۇك يېتىدۇ،—دەپ رەھمەت ياغدۇرۇپ تۇرىدۇ. دەسلەپتە چۈشەنمەي قېلىپ:

—نېمىنى دەۋاتىسىز؟—دېدىم مەن.

—ئۆتكەندە ئاپىڭىزدىن كىرگۈزگەن بىرلىگەن بېلىجانىنى دەۋاتىمەن،—دېدى جىلمىيىپ. ئىشقىلىپ بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە بىر نەچچە قوشنىنىڭ رەھمىتىنى ئاڭلاپ چىقتىم.

قارىساق، ئاپىمىز بېلىجاننى قوشنىلارغا گەردىن چىنە بىلەن، كۆڭلى تارتقانلىرىغا ھەتتا لېگەن بىلەن ئۈلەشتۈرۈپ چىقىپتۇ. كېيىن ئاپام ئاۋۇلدىن قايتىپ كەلگەندە بۇنداق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئاستا ئېيتىشقا باشلىۋىدۇق:

—«ئۆلۈپ يېگۈچە، بۆلۈپ يە» دېگەن گەپ بار، شۇنچە كۆپ نەرسىنى نېمە قىلماقچىسىلەر، بىكاردىن بىكار بۇزۇلۇپ كېتىدىغۇ!—دەپ كۈلدى.

تونۇمايدىغان ئادىمىگە سالام بەرمەيدىغان، نۇرغۇن ۋاقىت قوشنا بولسىمۇ چاقىرمىسا بىرىنىڭ ئۆيىگە بىرى باش تىقمايدىغان شەھەردە ئۇزاق يىللار بىز بىلەن بىللە تۇرسىمۇ ئاپامنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاۋۇل پسىخىكىسى، ئاۋۇل كىشىلىرىگە خاس ئۆم، سېخىي مىجەزى شۇ پېتى قەپقالغان ئىدى.

چىكە، ھېكايىمىزنىڭ دەسلەپكى ئورامىنى ئۇزۇپ قويمايلى.

شېكەر ئاۋۇلىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە دادىڭىز تۆرەقۇل ئايتماتوفنىڭ نامى بېرىلىپتۇ. مەكتەپنىڭ ئالدىدا ئوكىشنىڭ يۈكسەك ھەيكىلى قەد كۆتۈرگەن. بۇ ھەيكەلنىڭ ئاپتورى مەشھۇر ھەيكەلتىراش، لېنىن مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولغۇچى ئاكادېمىك تۇرغۇنباي سادىقوۋ ئىكەن. دادىڭىز تۆرەقۇل «خەلق دۈشمىنى» دېيىلىپ تۇتۇلغانغا قەدەر قىرغىز مەملىكىتىنىڭ مەشھۇر ئەربابلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەمەسمۇ؟

ئايتماتوف: كۆرۈپ، باشتىن كۆچۈرۈش تۇرماق ئاڭلاشنىڭ ئۆزىمۇ ئېغىر مەزگىللەر ئىدى. دادىمىز موسكۋادا قىزىل پروفېسسورلار ئىنستىتۇتىدا ئوقۇپ يۈرگەندە، ئانام ناغىيمە قامزا قىزى ئىككىسى تۆت بالا بىلەن ياتاقتا تۇرۇۋاتقان ئىدى. بالىنىڭ چوڭراقى—ئۆزۈم توققۇز ياشتا، كەنجىمىز روزا ئالتە ئايلىق ئىدى. پۈتكۈل سوۋېت

ئىتتىپاقى ۋەھىمە قوچىقىدا. 1937 ـ يىل ئاۋغۇست، سېنتەبىر ئايلىرىدىكى «ھەقىقەت» گېزىتىگە «بۇرژۇئازىيە مىللەتچىلىرى»، «پۈتۈن ئىتتىپاق كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار) پارتىيىسى قىرغىزىستان مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مالىمان سىياستى» دېگەن ئىككى پارچە ماقالە ئېلان قىلىنىش بىلەنلا جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى قارا تىزىملىككە ئېلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ نەق ئوتتۇرىسىدا دادامنىڭمۇ ئىسمى بار ئىدى. بېشىغا خەۋپ ـ خەتەرنىڭ قارا بۇلۇتى ئەگىشكە باشلىغاندا دادام:

—باللارنى ئېلىپ كەينىڭگە قايت، مېنى تۇتۇپ كەتسە «خەلق دۈشمىنى» نىڭ ئايالى دەپ سېنىمۇ قولغا ئېلىشى، ھەتتا سۈرگۈن قىلىشىمۇ مۇمكىن. ئىگە ـ چاقىسىز قالغان پەرزەنتلىرىمىزنى زار قاقشىتىپ، يېتىمخانىگە ئۆتكۈزۈپ، فامىلىسىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتەر ھەقچان. فرۇنزىغا ئەمەس، شىكەرگە مېڭىڭلار. تۇغۇلغان يۇرت، قېرىنداشلار باغرى سىلەرنى ئاچارچىلىققا يالمىتۇەتمەس. ئامان بولسام، خەت يېزىپ خەۋەرلىشىپ تۇرىمەن،—دەپ ئاپام ناغىيمەنى قازان بېكىتىدىن پويىزغا سالىدۇ. ئۆزى كېتىۋاتقان پويىزغا ئەگىشىپ، بىر مۇنچە يەرگىچە قول پۇلاڭلىتىپ يۈگۈرۈپتۇ. ئەلىڭ قەدىردانلىرىنى—تۆت ۋارىسى بىلەن ۋاپادار يارىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈپ، ئاخىرقى قېتىم ئۇزىتىۋاتقانلىقىنى بەلكىم ئۇنىڭ كۆڭلىگە خۇدا سالغاندۇ.

موسكۋادىن ماڭغان پويىز ئورىنبۇر، ساراتوف ئارقىلىق قازاقىستاننىڭ كەڭ دالىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈزدىن كېيىن، بىزنى مايماق بېكىتىگە كېچىدە چۈشۈرۈپ قويدى.

تاغلىق يەرنىڭ ئەھۋالى ئۆزۈڭگە مەلۇم، كۆزگە تۈرتسىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان قورقۇنچلۇق شۇ بىر كېچە ئۆمۈر بويى ئېسىمدە قالدى. ئەتىسى سۇۋانبەك ئاكىمىزنىڭ ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، شىكەردىكى ئالىمقۇلنىڭ ئۆيىگە يېتىۋالدۇق.

دادامنىڭ موسكۋادىن پوچتا قەغىزىگە يازغان ئاخىرقى خېتى ساقلاقلىق تۇرۇپتۇ. ئوقۇشتىن چىقىرىلىپ، ئەنە ئەكتىدۇ، مانا ئەكتىدۇ دەپ ۋايىم چېكىپ، ئەندىشە قىلىپ يۈرگىنى ھەر بىر سۆزىدىن بايقىلىپ تۇرىدۇ. ئاپام ناغىيمەگە كۆزىنىڭ ئېقى بىلەن قارىسىدەك تۆت بالىسىنى قايتا ـ قايتا تاپشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاقلىقىنى، ھەننىۋا كۈچ ـ قۇدرىتىنى ياش قىرغىز دۆلىتىگە بېغىشلىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

كۆپ كېچىكمەي، 1 ـ دېكابىردا موسكۋادىكى ۋوروۋىسكى كوچىسى 25 ـ بىنا 15 ـ ئۆيدىن قاماققا ئېلىنغان دادامنى فرونزىغا پويىز بىلەن ئەكىلىپ، تۈرمىگە سولاپ، سوراق قىلىدۇ.

بوۋىلىرىمىز ئايتمات بىلەن بىرىمقۇل بىر تۇغقان، بىرىمقۇلنىڭ ئەلىمقۇل، ئۆزبەك، كەرىمبەك ئىسىملىك ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئەلىمقۇل دادامدىن ئازراق چوڭ بولۇپ، شىكەر ئاۋۇللۇق كېڭەشنىڭ رەئىسى ئىدى. ھەجەر ئىسىملىك ئايالى، توختىگۈل دېگەن تۇمۇچۇقتەك قىزى بار ئىدى.

«خەلق دۈشمىنىنىڭ ئائىلىسى» دېگەن نام بىلەن يۇرتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىزدىن بەلكىم كۆپ كىشىلەر يىراقلىشىپ، ئۆزىنى ياقىغا ئېلىش كويىدىمۇ بولغاندۇ. كۆزگە كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسىنى گۇۋاھلىققا تارتىپ، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەۋاتقان زاماندا بىراۋدىن رەنجىش ئارتۇقچە ئىش ئىدى. بىرى باشپاناھ بولۇپ، ئىككىنچىسى قولدا بار ئۇششۇق نەرسىلىرىنى بېرىپ، قاش ـ قاپىقىمىزغا قارايدىغان قېرىنداشلارنىڭ بولغانلىقىغىمۇ كۆڭلۈمدە شۈكۈر قىلىسەن.

بىراق بۇ شۈكراتلىقمۇ ئۇزاققا بارمىدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ، ئەلىمقۇلنى «خەلق دۈشمىنىنىڭ ئاكىسى» دېگەن باھانە بىلەن تۇتۇپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي ساقچى بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان ئەلىمقۇلنىڭ ئىنىسى ئۆزبەكمۇ «خەلق دۈشمىنىنىڭ يېقىنلىرى» سۈپىتىدە تۈرمىگە كىرىپ كەتتى.

دادامنىڭ ئىرىسقۇلبەگ دېگەن ئىنىسى بىز موسكۋادا تۇرغاندا فرۇنزى شەھىرىدىكى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇيدىغان، ئۆزى چۇمۇلىگە ئازار بەرمەيدىغان ياۋاش، ئاق كۆڭۈل يىگىت ئىدى. بىز قايتىپ كەلگەندە ئۇمۇ «خەلق دۈشمىنىنىڭ ئىنىسى» بولغانلىقتىن ئوقۇشتىن قوغلىنىپ، قاراقىز ئاچامنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان ئىكەن.

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئويغانسام، يىغلاۋاتقان قاراقىز ئاچام بىلەن ئانامنى كۆردۈم. كۆزلىرى قىپقىزىل قىزىرىپ ئىششىپ كېتىپتۇ. ئىچكى ئىشلار كومىسسارلىقىنىڭ خىزمەتچىلىرى يېرىم كېچىدە ئىرىسقۇلبەگنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ جەمەتىمىز ئازۋاقىت ئىچىدىلا تۆت باھادىرىدىن ئايرىلىپ قالدى.

چاقانوف: شۇ مەزگىلنىڭ ۋەقەلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ، «خەلق دۈشمىنى» چىقمىغان ئاۋۇل يوق ئىكەنغۇ، دەپ

قالىسىز. ھەتتا، بەزىلەرنى ئادەمنىڭ كۆلكىسى كەلگۈدەك تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىپ، يا ئېتىپ، بولمىسا پالانى يىلنى بويىنغا ئارتىپ، تۈرمىگە ماڭدۇرۇۋەتكەن. كۆپ يىللاردىن بېرى سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان مەشھۇر ئالىم، ئاكادېمىك رۇستان راخمانالىيېفنىڭ دادىسىنىڭ قانداق تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟

**ئايتماتوف:** ياق.

**چاقانوف:** ئىراۋ رۇستاننىڭ دادىسىغا تاماكا تۇتىدۇ، كېيىندىن تاماكىنى ئوراپ چېكىدىغان گېزىت قېينىدىسىنى بېرىدۇ. كۆڭلىدە ھېچنېمە يوق رۇستان تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، راھەتلىنىپ شوراۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇتلا بىرەيلەن شاقىلا قىلىپ ئۈستىدىن چۈشىدۇ – دە، تاماكىنى ئورىغان قەغەزنىڭ پۈكۈلگەن يېرىنى يەشتۈرگەندە يېرىم – ياتا كۆيگەن «ئۇلۇغ داھىي» نىڭ سۈرىتى چىقىدۇ. كۆردىڭىزمۇ؟ قانداق پىلانلانغان؟ ھېكايىڭىزنى داۋاملاشتۇرىۋېرىڭ!

**ئايتماتوف:** شۇنداق قىلىپ، ئەلمىقۇل تۈرمىدە قازا قىلدى. ئۆزبەكتىن دەسلىپىدە ئاقتۆز دېگەن قوغۇشۇن كانىنىڭ ئىچىدە ئىشلەۋاتىمەن، دەپ خەۋەر كەلگەن ئىدى. ئۇرۇش يىللىرىدا خەت – خەۋەر مۇتلەق ئۈزۈلۈپ قالدى. تۈرمىنىڭ چىدىغۇسىز ئېغىر ئەمگىكى بىلەن ياكى ئالدىنقى سەپنىڭ خەتەرلىك يەرلىرىدە يۈرۈپ كۆز يۇمغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئاۋۇلنىڭ چېتىدىن پوچتىچى غىل – پال كۆرۈنىدىمۇ بولدى، دادامدىن ياكى ئۇنىڭ ئاكا – ئۇكىلىرىدىن خەت كېلەرمىكىن، دەپ تاقەتسىز تاق بولاتتى. قادىلىپ قاراپ، تەلمۈرۈپ تۇرغىنىمىزنى كۆرۈپ، خەت توشۇغۇچىنىڭمۇ ھەپىلىسى قېچىپ، قېشىمىزغا كەلگەندە، جىبدەللەپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولاتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دېگەن ئۇرۇش مەزگىلى ئىدى – دە، ئىشلەك ئالدىغا چىقىپ، دىۋەيلىشىپ، دادىلىرىدىن، يېقىن تۇغقانلىرىدىن خەۋەر كۈتكەن سەبىيلەرنىڭ سوئاللارغا تولغان كۆزلىرى بىچارىنىڭ يۈرەكلىرىنى پارە – پارە قىلىۋاتقانلىقى بايقىلىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى ئىرىسقۇلبەكتىن خەت كەلدى، خەتنى ئاچام ئۇنلۇك ئوقۇدى. ئىرىسقۇلبەگ خېتىدە ھەر قايسىمىزغا يەككە – يەككە توختىلىپ سالامەتلىكىمىزنى سوراپتۇ، بولۇپمۇ ئاكىسى تۆرەقۇلنىڭ تەقدىرىدىن كۆيرەك ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ھال – ئەھۋالىنى ئىزھار قىلىپتۇ:

«بىزنى مانجۇرىيە چېگرىسىغا يېقىن يەردىكى يول قۇرۇلۇشىغا ئەكەلدى، – دەپ يېزىپتۇ ئىرىسقۇلبەگ خېتىدە، – كۈن سوغۇق، كىيىم كېچەك يېلىڭ، ئىككىلا بۆرىكىمگە سوغ تەگكۈزۈۋالدىم. ئىش ئىنتىزامى تولىمۇ قاتتىق. ھەر بىر ئادەمگە پىلان بەلگىلەپ بېرىدۇ، پىلاننى ئورۇندىمىغانلارغا تاماق يوق. ئېغىر يۈك كۆتۈرسەملا، ئىككى بۆرىكىم ئاغرىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاماقتىن چەتكە قېقىلىپ، نىمجان ھالەتتە ياشاۋاتىمەن. سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارمۇ ماڭا ئايان، ساپلا نارەسىدە بالا – چاقىلار... ناۋادا ئىمكانىيىتىڭلار بولسا، بىر يۈت ياكى يېرىم يۈت تالقان ئەۋەتىپ بەرگەن بولساڭلار ئۆمرۈمنى يەنە بەش – ئالتە ئايغا ئۇزارتقان بولاتتىم...»

بۇ گەپلەرنى ئوقۇپ قارا قىز ئاچامدىن باشلاپ ھەممىمىز قوشۇلۇپ يىغلىدۇق. ئىرىسقۇلبەكنىڭ ئەھۋالى جېنىمىزنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدى. ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي، ئاپام بىلەن قارا قىز ئاچام بۇغدايىنى قورۇپ، ئۇنى كېچىچە يوغان ياغاچ ھاۋانچىدا سوقۇپ تالقان تەييارلىدى. تاڭ بەلگە بېرىشىگىلا ئاچام خالتىغا قاچىلانغان تالقاننى كۆتۈرۈپ ناھىيە مەركىزىدىكى پوچتىغا ياياق كەتتى.

ئۇرۇق – تۇغقان، قان – قېرىنداشلىرىنىڭ بۇ خالتىسىنى ئىرىسقۇلبەكنىڭ تاپشۇرۇپ ئالغان – ئالمىغىنى نامەلۇم. شۇنىڭدىن كېيىن خەت كەلمىدى. بەلكىم، تالقان تەگمىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۇپرىقىمۇ ياقا يۇرتتا قالدى.

ئەمدى بىز بولساق ئاۋۇالقىدەكلا شىكەردە، دادامنىڭ سىڭلىسى قارا قىز ئاچام بىلەن روسالى يېزنەمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىمىز. چوڭ ئېرىق بويىدا ئىككى خانىلىق ئۆيى بار ئىدى، بىر خانىسىدا ئۆزلىرى، يەنە بىر خانىسىدا بىز تۇرىمىز. يېزنىمىز ئوۋچى بولۇپ، كەڭ قورساق مەرد كىشى ئىدى. ئېتىنى مىنىپ، مىلتىقنى ئېسىپ، كەينىگە ئىككى – ئۈچ تايغىنىنى ئەگەشتۈرۈپ، ھەمىشە تاغۇ تاشنى ئارىلاپ كېتىپ قالاتتى. ئۆيىنىڭ تۆرىدە ئېيىقنىڭ، قاشقىرنىڭ، سۈلەيسۇننىڭ تېرىلىرى لەمبەر ئېلىنىپ تۇراتتى. ئوۋدىن ئولجا بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا خۇشال بولۇپ، ئالدى بىلەن قاراقىز ئاچامنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر – بىرلەپ ھەممىمىزنىڭ ئىسمىنى چاقىراتتى.

**چاقانوف:** ھەمىشە «چوڭ يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن تالانت، بىلىم بىلەن يەنە بەختسىز بالىلىق بولۇش

كېرەك» دەپتىكەن. قىزىق يېرى شۇكى، سىز كـىـچـىك
ۋاقتىڭىزدا قەلەمكەش بولىمەن، دەپ ئارزۇ قىلماپتىكەنـ
سىزۇ، لېكىن شوپۇر بولۇشقا ھەۋەس قىپتىكەنسىز. بۇنى
شۇ چاغدىكى گېزىت مۇخبىرى، كېيىنكى چاغلاردا يازغۇـ
چى، دراماتورگ دەپ ئاتالغان رەيھان شۈكرىبەكوفـنىـڭ
سوئالىغا يەتتە يېشىڭىزدا بەرگەن، يەنى 1935 ـ يىلىدىكى
«لېنىنچى ياش» گېزىتىنىڭ 5 ـ ئاۋغۇست سانىدا ئېلان
قىلىنغان جاۋابىڭىزدا بايان قىپتىكەنسىز. بۇ سۆھبـەتـنى
چارچەن يۇسۇفئەلىيېف تاشكەنت مۇزېيىدىن تېپىپ، سىزـ
نىڭ بۈيۈك غەمگۇزارىڭىز، مەشھۇر ئەدەبىياتچى ئـالـىم
ئابدۇللاجان ئەخمەت ئەلىيېف كىتابىغا كىرگۈزۈپتۇ. شۇ
سۆھبەتتىن ئۈزۈندە كەلتۈرۈپ ئۆتەي:

«چىڭغىز بۇ يىل يەتتە ياشقا كىردى. ئۆزىنىڭ ياش
دوستلىرىنىڭ ئىچىدە تازىلىق بىلەن ئەدەپـنى ئـوبـدان
ساقلايدۇ. ئۆيدە ئۆز ئالدىغا ئوقۇپ ئۆگەنگـەن. بـىـز
چىڭغىز بىلەن بىر سائەتتىن ئارتۇق ئولتۇرۇپ سۆزلەشـ
تۇق. ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىلچە تارتىنماي ئۆز
پىكرىنى ئەركىن ـ ئازادە ئېيتىشقا ئادەتلەنگەن.

ــ چوڭ بولغاندا نېمە بولىسەن؟ــ دېگەن سوئالغا
ئۇ:

ــ شوپۇر بولغۇم بار،ــ دەپ جاۋاب بەردى.

ــ داداڭ نەدە؟

ــ موسكۋادا.

ــ نېمە قىلغىلى كەتتى؟

ــ ئوقۇۋاتىدۇ.

ــ داداڭ بۇرۇن نەدە ئىشلىگەن؟

ــ ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارى ئىدى، ئۇنىڭـ
دىن كېيىن قىرغىز ئوبكومىنىڭ سېكرېتارى بولدى... چوڭ
بولغاندا شوپۇر بولۇش پەقەت ئۆزۈمنىڭلا ئارزۇيى.

ــ ئۆيۈڭدە قانداق ئويۇنچۇقلار بار؟

ــ ئويۇنچۇقنىڭ ھەممىسى بار. پەقەت ماشىنىلا كېـ
رەك. ئۇنى دادام ئەكەپ بېرىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن،
دېگەن ۋاقتى يېقىنلاپ قالدى.

قويۇلغان سوئاللارغا زېرەكلىك ھەم قىزغىنلىق بىلەن
جاۋاب بېرىۋاتقان بالاــ ئايتماتوفنىڭ ئوغلى چىڭغىز! ئۇ
خەت تونۇيدۇ. چوڭ ـ چوڭ ھەرپلەر بىلەن بېسىلغان
گېزىتلەرنى، كىتابلارنى ئوقۇيالايدۇ. چىڭغىزنىڭ شوپۇر
بولىمەن دېگەن ئارزۇسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ...»

بۇ سۆھبەت گېزىتكە «چىڭغىز شوپۇر بولىمەن دەيـ
دۇ» دېگەن ماۋزۇدا ئېلان قىلىنغان ئىدى.

شوپۇر بولۇشنى ئارزۇ قىلغان بالىنىڭ كېيىن دۇنياغا
تونۇلغان يازغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىغانلـىـقـىـنى
مۇخبىر نەدىن بىلسۇن؟ تۆمۈر دۇلدۇلنى تىزگىنلىسەم
دېگەن ئارزۇيىڭىزغا مەدەت تىلىگەن مەرھۇم رەيھان سىز
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ بۈيۈك تارتۇقىــ لېنىن مۇكاـ
پاتى ئېلىپ بىر يىلدىن كېيىن دۇنيا بىلەن خوشلاشتى.

ئايتماتوف: ھەئە، ئۇ چاغلاردا ناگان ـ ناگاندا بىر
كۆزگە چېلىقىپ قالغان ماشىنىغا خۇشتارلىقىمىز قالـتـىس
كۈچلۈك ئىدى. بۇ يالغۇزلا مېنىڭ ئەمەس، بەلكى ماڭا
ئوخشاش ھەر بىر بالىنىڭ ئارزۇسى ئىدى. چوڭ بولغانـ
سېرى بۇ ئارزۇنىڭ ھاياتنىڭ سان ساناقسىز تارامىلىنىپ
كەتكەن يوللىرىدا ئاددىي بىر دۆڭلۈككە ئوخشاپ قالـ
دىغىنىنى كىم بىلگەن؟

ئاۋۇلدا «خەلق دۈشمىنى» دېيىلىپ تۇتۇپ كېتىلگەن
دادامنىڭ نامى ئېغىزغا كۆپ ئېلىنمايتتى. ئاپام ئۆيدە ئۆـ
زىمىز يالغۇز قالغاندا دادامنىڭ سۈرەتلىرىنى، ئىزناكلىرى
ۋە گۇۋاھنامىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ چىقىپ، بىزگە
كۆرسىتىپ قوياتتى. دادامنىڭ فامىلىسى يېزىلغان مۇھۇرگە
بەكمۇ قىزىقاتتۇق. سىياھقا چىلاپ، قەغەزگە باسساق لاـ
تىن ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان «ئايتماتوف.ت» دېگەن
سۆزلەر چىقاتتى. قارا قىز ئاچام ئوقۇمىغان بولـسـىـمـۇ
گەپتان، ئەقىللىق ئايال ئىدى. ئۇ ئۆمۈر بويى دادامنىڭ
ھۆرمىتىنى قىلىپ ئۆتتى. 1964 ـ يىلى ئېغىر كېسەل بەـ
لەن كۆز يۇمۇۋېتىپ:

ــ مەن تۆتىڭلاردىن تەڭ رازى. ئەتتەڭەي داداڭلار
ياش كېتىپ قالدى. ئۇنچىۋالا چوڭ خىزمەت قىلماي، ئاـ
ۋۇلدىكى باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئاددىيلا خـىـزمـەت
ئىشلىگەن بولسا ئامان قالار ئىدى،ــ دەپ يىغلىغان ئىـ
دى.

دەسلەپتە دادام توغرىلىق «تۈرمىگە ئون يىل كېـ
سىلدى، خەت يېزىشىپ خەۋەرلىشىشكە بولمايدۇ» دېگەن
ئۇچۇر ئېلىپ، ئاي ـ يىل ساناپ، ئۈزۈلمەس ئۈمىدنىڭ
ئىلكىدە يۈردۇق. بىر كۈنى ئۆيىمىزگە بالىسىنى يېتىلەـ
ۋالغان ئىككى كۆزى ئەما بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

ــ تۆرە قۇل بىلەن تەڭ تۇتۇلۇپ، بىر ئۆيدە ياتـ
تۇق. كۆرمىگەن كۈن، تارتمىغان ئازابىمىز قالمىدى. تۆـ
رەقۇلدەك ئەزىمەتلەر بىر ئەسىردە بىرلا تۇغۇلىدۇ. ئىكـ
كى كۆزۈمنى قارىغۇ قىلىۋېتىپ مېنى قويۇپ بېرىشتى.

تۆرە قول تىرىك، ئادالەت يەگمەي قويمايدۇ. ئۇمىدىڭنى ئۈزۈۋەتمە ناغىيمە،–دېگىنى قۇلىقىمدا قاپتۇ.

ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىغا ئاپام ئىككىمىز قايتا – قايتا خەت يازغىنىمىز بىلەن ئۇلاردىن تۈزۈكرەك جاۋاب ئالالمىدۇق. ھاياتتىكى ئىلىشىش – چىلىشىشلار بىلەن كۆزلىرىمىزنى تالدۇرغان يىگىرمە يىل ئۆتۈپ كەتتى.

چاقانوف: بىر قېتىم كەنجى سىڭلىڭىز روزا بىلەن ئۇزاق سىرداشتىم. كۆڭلى يېرىم بولغان روزا توختىماي كۆزىگە ياش ئالدى.

«ئاكام چىڭغىز ئىنستىتۇتنى ئەلا ئوقۇپ، تەتقىقاتچىلىققا قالدىغان چاغدا «خەلق دۈشمىنىنىڭ بالىسى»، غا ستالىن ئوقۇش ياردەم پۇلى بەرگىنى نېمىسى» دېگەن ئەرز بىلەن، ئوقۇش ياردەم پۇلىدىنمۇ، تەتقىقاتچىلىقتىنمۇ چەكلەندى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ مەيۈسلەنمەي، دەم ئېلىش كۈنلىرى تۆمۈر يولغا بېرىپ، كۆمۈر ۋە ياغاچ چۈشۈرۈپ، پۇل تېپىپ يۈردى. تاپقان پۇلىنىڭ بىر تىيىنىنى ئۇياق – بۇياق قىلماي يىغىپ، قىشلىق تەتىلگە كەلگەندە ھەممىمىزگە كىيىم ئەپكەلدى. ماڭا ياقىسى چوڭ ئىسسىق پەلتۇ ئەكەپتۇ. بۇنداق كىيىمنى ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم كىيىشىم بولغاچقا شادلانغانلىقىمنى بىر دېمەڭ. موسكۋادىكى كان قېدىرىش ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان ئىلگىزگىمۇ ئۆزىنىڭ كونا پەلتۇسىنى ئۆرۈتۈپ تىككۈزۈپ، پوچتىدىن سېلىۋېتىپتۇ. ھېلىقى پەلتۇسىنىڭ سىرتىدا، ئىچىدە بىر نەچچە يانچۇقى بار ئىكەن، بۇ يانچۇقلارنىڭ ھەر بىرىگە بەش سومدىن پۇل سېپتۇ. «تۇلكە قورساق» بوپ يۈرگەن ئوقۇغۇچى ئەمەسمۇ، يانچۇقىغا قول سالغانسېرى قولىغا پۇل چىقسا، خۇشال بولۇپ يۈرسۇن دېگەن بولسا كېرەك.

1957 – يىلى ئىچكى ئىشلار كومىسسارلىقىدىن: «ئايتماتوف.ت توغرىلىق ئىز – دېرەك قىلغان ئىكەنسىزلەر، كېلىپ خەۋەرنى ئېلىپ كېتىڭلار» دېگەن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدۇق. ئاپامنىڭ شۇ چاغدىكى ھاياجانلانغىنىنى ئېيتمايلا قويۇڭ! بىر ئولتۇرۇپ، بىر تۇرىدۇ، قايتا – قايتا چوڭ ئوغلىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. پىشكەل باسقاندەك، چىڭغىزنىڭ بەدەن ھارارىتى قىرىق گرادۇسقا چىقىپ، قاتتىق ئاغرىپ ياتقاندى، ئاپامنى ئۆزى ئېلىپ بارماقچى بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ بېقىۋىدى، بېشى قېيىپ، ئايىغىنى باسالماي قالدى. ئاخىر يولغا ئاپام بىلەن مەن چىقتىم.

– چامىمچە، داداڭنى سىبىرگە ئېلىپ كېتىپتىكەندە بايا، ھازىر شۇ تەرەپتىن نۇرغۇن كىشىلەر بوشاپ كېلىۋاتامدۇ؟ قايران تۆرەقول سىلەرنى كۆرسە، خۇشاللىقتىن يىغلىۋېتەر، چىڭغىز بىلەن ئىلگىز قاتارغا قوشۇلۇپ ئۆي – ئوچاقلىق بولدى. سىلەر، لۇتسىيا ئىككىڭلار تەربىيىلەنگەن قىزلاردىن بولۇپ چوڭ بولدۇڭلار. ۋاي ئىستەي، قانداق بولۇپ قالدىكىن دادىلىرىڭ! ئۇتتۇلغان چاغدا پەقەت 34 ياشتا ئىدى. بۇ يىل ئەللىك بەشكە كىردى. يىگىرمە بىر يىل كۆرۈشمەپتىمىز، يىگىرمە بىر يىل... ئېيتىشقا ئاسان. ئۆلمىدۇق، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشنىڭ ھەممىسىنى كۆردۇق. داداڭنى ئامان – ئېسەن كۆرسەكلا بولغىنى. بىراق سىبىرگە ھەيدەلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى شۇ يەردە يۈرۈپ ئۆيلىنىپ قاپتۇدەك. مەيلى، جان ساقلاش ئۈچۈن ئۆيلەنگەن بولسا ئۆيلەنگەندۇ، پەقەت ئامان كەلسىكەن، ۋاي، خۇدايىمەي پۈت – قولۇم تىترەۋاتىدۇ. ئۇچراشقان چاغدا يۈرىكىم خۇشاللىقتىن يېرىلىپ كەتمىسىلا بولاتتىغۇ.

ئاپامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىمگە ياش تىقىلدى، ۋاي، خۇدايىمەي، نېمىدېگەن زور يۈرەك، ئۆيلىنىپ قالسىمۇ مەيلى، پەقەت ئامان كەلسىلا بولدى، دېگىنىنى، بەلكىم ھەممە ياخشىلىق ئۆزىدىن كۆرە ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىگە بولسۇن، دەپ تىلەيدىغان چىن مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى مۇشۇ بولسا كېرەك.

راست، ئانىمىز ياش ھەم چىرايلىق ئايال ئىدى، ئەقىللىقلىقى جەھەتتە شۇ مەزگىللەردىكى ئاۋۇلداشلارنىڭ كۆپىنچىسىدىن ئالدىدا ئىدى. ئوچۇق ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا قىزىقىپ يۈرىدىغانلارمۇ بار ئىدى. بىراق، ئانىمىز تۆرەقولدىن يۈكسەك، تۆرەقولدىن تېرەن، تۆرەقولدىن ھەيۋەتلىك ئەركەك بار دەپ ئويلىمىدى، ئويلىغىسىمۇ كەلمىدى. شۇ چاغدىكى بەزىبىر ئېرى يوق ئاياللاردەك يا – يېنىغا كۆز تاشلاش تۈگۈل چۈشىگىمۇ كىرمىدى. ئانىمىزنىڭ ئۆمرى ئۆزىنىڭ سۆيگەن يارىنى كۈتۈش، ئۇنىڭ ھەر باسقان ئىزىنى، تۇغۇلغان كۈنىنى قەدىرلەش بىلەن، يەنە دادىمىزغا بولغان يۈكسەك ھېسسىياتنىڭ ئاپتىپىنى يۈرىكىمىزگە قويۇش بىلەن ئۆتتى ھەم شۇنداق قىلغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلاتتى.

پارالا بىلەن ئىچكى ئىشلار كومىسسارلىقىغىمۇ يېتىپ كەلدۇق. ئىچكىرىگە كىرىدىغان يەردە ئاپتومات

ئېسىۋالغان ئەسكەر تۇرۇپتۇ. ئاپام چاقىرىش قەغىزىنى كۆرسەتتى.

ــ سىز ئۆتۈڭ،ــ دەپ ئاپامنى ئىچكىرىگە كىرگۈزدى ـ دە، مېنى توسۇپ قالدى. بىر هازادىن كېيىن ئاپام ئايىغىنى ئاران باسقان هالدا چىقتى. يۈرىكىمگە يىڭنە سانچىلغاندەك شۈركۈنۈپ كەتتىم. دەرهال ئاپامنى قولتۇقىدىن يۆلىۋالدىم. يۈزلىرى ياش بىلەن يۇيۇلغانىدى، لەۋلىرى تىترەيتتى، ئۈن ـ تىنسىز هالدا قولىدىكى بىر پارچە قەغەزنى ماڭا سۇندى، ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

«1937 ـ يىلى 1 ـ دېكابىردا قىزىل پروفېسسورلار ئىنستىتۇتىدا تۇتقۇن قىلىنغان تۆرەقۇل ئايتماتوۋنىڭ ئەيىبلەش دېلوسى 1957 ـ يىلى 15 ـ ئاپرېلدا س س س ر ئالىي سوتىنىڭ هەربىي هەيئىتى تەرىپىدىن قايتا قارالدى.

مەرهۇم تۆرەقۇل ئايتماتوفنىڭ ئابرويى ئەسلىگە كەلتۈرۈلسۇن!»

قارغىش تەگكۈر خەت يىگىرمە بىر يىل تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن هەممە ئۈمىدىمىزنى ئۈزۈۋەتتى. ئاپام ئىككىمىز مۇز سوققان بېلىقتەك بولدۇق، بىر ـ بىرىمىزنى يۆلىگەن هالدا دەلدۈگۈنۈپ يەرنى ئاران دەسسەپ كېلىۋاتىمىز. ئالەمنىڭ هەممە مەنىسى يوقلىپ، هاياتقا بولغان ئىنتىزارلىقىمىز بىردەمدىلا ئۆچۈپ قالغاندەك ئىدى. ئاپامغا قارىسام يۈزلىرى تاتىرىپ، كۆزلىرى نۇرسىزلىنىپ، مۇرىلىرى چۆكۈپ كېتىپتۇ. ۋاي، ئاللا، ئۇنى يىگىرمە بىر يىل قوش قولتۇقىدىن يۆلەپ، تۇرلۇك ـ تۈمەن قىيىنچىلىققا باش ئەگدۈرمىگەن «تۆرەقۇل بۈگۈن كەلمىسە، ئەتە كېلىپ قالار» دېگەن ئالدامچى ئۈمىد ئەمەسمىدى؟

كوچىنى بېشىمغا كىيىپ، هۆكرەپ يىغلىغۇم كەلدى، نۇرغۇن يىللار بويى جان ئۈۋىمىزنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئادالەتسىزلىكلەرگە ۋارقىراپ تۇرۇپ لەنەتلەر ياغدۇرغۇم كەلدى. بىراق، يېنىمدىكى بېشىغا چۈشكەن ئېغىر قايغۇدىن ئەس ـ هوشىنى يىغالماي ئاران قەدەم باسقان ئانامنىڭ هەسرىتىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋەتمەي، دېگەن خىيال بىلەن ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇپ، تۇنجۇققان هالدا ئېسەدەپ كەتتىم. ئۆيىمىزگە يېقىنلاشقاندا بىر ـ بىرىمىزگە يۆلىنىپ كۆز ياشلىرىمىزنى توختىتالماي ئۇزاق تۇردۇق.

ــ خوش، قىزىم بولار ئىش بولدى،ــ دېدى ئاپام غەيرىتىگە ئېلىپ،ــ دادىسىنىڭ قازا بولغىنىنى چىڭغىزغا ئېيتماي تۇرايلى، بولمىسا ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك بولۇپ كېسىلىدىن ساقىيالماي قالار...

چىڭغىز كېسەلدىن ساقايغان چاغدا ئانام بىزگە:

ــ قاراقىز ئاچاڭلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار،ــ دەپ بۇيرۇدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، خورجۇن ـ قاچىسىنى ئارتىپ، ئاۋۇلنىڭ تەم ـ تۇزىنى يۈدۈپ، قاراقىز ئاچاممۇ يېتىپ كەلدى. ئانىمىز ئۇنىڭغا ئاكىسىنىڭ پانىي ئالەمدە يوقلۇقىنى ئېيتقاندا، بىچارىنىڭ يۈرىكى توختاپ قالغىلى تاس ـ تاس قالدى. يىگىرمە بىر يىللىق سېغىنىش ئىلكىدە، پۈتكۈل ئۆينى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك قىلىپ، هەرقايسىمىزنى بىر ـ بىردىن باغرىغا بېسىپ زارلاپ چىقتى.

كېيىن هەممىمىز ـ پۈتكۈل ئايتماتوفلار ئەۋلادى شېكەرگە بېرىپ، ئەل ـ يۇرتنى كېزىمبەگنىڭ ئۆيىگە توپلاپ، ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ، ئارماندا كەتكەن تۆت تېغىمىزنىڭ ـ تۆرەقۇل بىلەن ئەلىمقۇلنىڭ، ئۆزبېك بىلەن ئىرىسقۇلبەگنىڭ روهىغا ئاش بەردۇق.

شۇنداقتىمۇ ئانىمىز دادىمىزنىڭ ئۆلۈمىگە قىيالمىدى. ئاشكارا ئېيتمىسىمۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، كۆڭلىنىڭ تېرەن بىر يەرلىرىدە بەلكىم تىرىكتۇر، دېگەن بىر غىل ـ پال ئۈمىد بار ئىدى. بەلكىم بۇنىڭغا ماۋۇ بىر ئەهۋال سەۋەب بولغانمۇ بولۇشى مۇمكىن، ئۇرۇش يىللىرىدا كاۋكازدىن شېكەرگە كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئايۋازىدى دېگەن بىر مۇنەججىم گرېك ئايال بولغان ئىدى. كوفېگە قاراپ پال سالىدۇ، ئېيتقىنى ئايدەك ئېنىق كېلىدۇ، دەپ ئەل ـ يۇرت ماختاپ يۈرگەچكە، بىر كۈنى ئاپاممۇ بارىدۇ.

ــ ئېرىڭ تۇرمىدە، تۆت بالاڭ بىلەن بەكمۇ قىينىلىپ يۈرۈپسەن. بۇ يەرنى يەنە ئون يىل ماكانلايدىكەنسلەر، چوڭ ئوغلۇڭ ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن سېنى شە-



ھەرگە ئېلىپ كېتىدۇ. شۇ ئوغلۇڭنىڭ داڭقى دۇنياغا تارايدۇ—دەپ ئۈنچىقماي قالدۇ.

—ئېرىمچۇ، تىرىكمۇ، قاچان كېلىدۇ؟—دەپ سورىسا، ھېلىقى ئايال:

—ئېرىڭ تولىمۇ ئۇزاقتا، نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئۇچرىشىسەن!—دەپتۇ.

مۇنەججىم ئايال دادىمىزنىڭ پانىي ئالەمدە يوقلۇقىنى بىلسىمۇ، ئانىمىزنى ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ، مۇكچىيىپ قالمىسۇن دەپ ئايىغان بولۇشى مۇمكىن ياكى «نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئۇچرىشىسەن» دەپ ئۈمىدلەندۈرگەندە باقىي ئالەمدە ئۇچرىشىدىغانلىقىنى پۇراتقان بولۇشى مۇمكىن.

ئايتماتوف: ھەئە، نېمىلا دېگەن بىلەن پالچىنىڭ ئۇ قىلغىنى ئادەمگەرچىلىك. شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۈتۈن خەلقى ۋەتەنگە، «ئۇلۇغ داھىي» غا بولغان چەكسىز ئىپتىخارلىقنىڭ، بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھايات كۆچۈردى. بولۇپمۇ ئۇرۇشتىن كېيىنكى يىللار قانداق بولدى؟ دۈشمەننى يەڭگەنلىكىمىز، يەرنى دەسسەپ تىرىك يۈرگىنىمىز، بەختلىك بالىلىق چېغىمىزنىڭ ھەممىسى ئۇچۇن ستالىنغا قەرزدارىمىز دېگەن بۈيۈك پەخىرلىنىش سەزگۈسى تەنتەنە قىلدى. بۇ سەزگۈلەر پەقەت ھازىرقى چاغدىلا كۈلكىلىك بولۇپ تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئۇ چاغلاردا دۆلەتنىڭ يۈرگۈزگەن سىياسىتىدىن گۇمانلىنىش (بولۇپمۇ بىزنىڭ ئاۋۇلدا) بىرەرسىنىڭ ئوي تۈگۈل چۈشىگە كىرمەيدۇ. ئەمدى شۇ مەزگىلدە دۆلەتكە سۇيىقەست قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ، يەنى «خەلق دۈشمىنىنىڭ بالىسى»غا خالايىقنىڭ قانداق مۇئامىلىدە بولۇشى لازىملىقىنى ئېيتىشتىن ئۆتكۈزۈپ باقىڭ! بىراق، ئاۋۇلنىڭ قېلىپلاشقان ئۆرپ - ئادىتى، ئىچكى مەدەنىيىتى ھېلىقى ئادەمنى چۆچۈتىدىغان سۆزنىڭ زەھىرىنى بىزگە ئۇنچىۋالا بىلىندۈرمىدى. مۇشۇنداق مالىمانچىلىقتا دادامنىڭ بىزنى ئۆز ئاۋۇلىغا يولغا سېلىشى نەقەدەر توغرا بولغان، موسكۋادا قالساق ياكى فرونزىغا بارساق ئويلىمىغان قايغۇ - ھەسرەتكە گىرىپتار بولۇشىمىز مۇمكىن ئىدى.

چاقانوف: قازاقىستاندىكى ئاقمولا شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا «خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ ئاياللىرى» قامالىدىغان ئالجىر ناملىق مەخسۇس بىر لاگېر قۇرۇلغان ئىدى. بۇ لاگېردا قازاق خەلقىنىڭ تۇرار رىسقۇلوۋ، ھاكەن سەيغۇلىن، بىيىمبەت مايلىن، تەمىربەك جۈرگەنوف، ئۇزاقباي تۇلىمەتوۋ، سۇلتانبەك قوجانوف، جانايدارسادۋاقاسوفقا ئوخشاش دۆلەت، پارتىيە، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئەربابلىرىنىڭ رەپىقىلىرى تۇتقۇندا بولدى. مۇشۇنداق دوزاخنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ يۈرۈپمۇ سەكەن سەيفۇللىننىڭ، ئىلياس جانسگورۇفنىڭ قەدىردان مەھبۇبىلىرى ئاكىلىرىمىزنىڭ بىباھا قوليازمىلىرىنى يەرگە كۆمۈپ، ياستۇقىغا تىقىپ ساقلاپ كېيىنكى ئەۋلادقا ئامان - ئېسەن يەتكۈزدى. بۇ ئۇچرىغانلا كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان قەھرىمانلىق ئىدى.

بىر قېتىم ماڭا غابىت ئاغا (مۇسرەپوف) بىيىمبەت مايلىننىڭ رەپىقىسى كۈنجامالنى ئالجىرگە ئىزدەپ بېرىپ ئۇچراتقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. شۇ چاغدا كۈنجامال ئاچىمىز غابىت ئاغاغا:

—بۇ لاگېرنىڭ قويىنى ئۆزۈم ئاتايىتەن سوراپ ئېلىپ بېقىۋاتىمەن. تاڭ سەھەردىن تاكى كەچ كىرگۈچە تورنىڭ ئىچىدە مىدىرلىماي قامىلىپ ئولتۇرغۇچە، ئىچىمدىكى ھەممىنى نەرسىنى سىرتقا چىقىرىپ، بار ئاۋازىم بىلەن سۆرەن سېلىپ يىغلىۋالسام خېلى يەڭگىللەپ قالىمەن،—دەپتۇ.

ئالجىردە يىگىرمە ئىككى مىڭغا يېقىن «خەلق دۈشمىنىنىڭ ئاياللىرى» قامالغان. ئاۋۇلنى پاناھلىمىغان بولسىڭىز سىزنىڭ ئانىڭىزغىمۇ لاگېرنىڭ تەم - تۇزى نېسىپ بولغان بولاتتى.

ئايتماتوف: ھەئە، شۇنداق بولاتتى. مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چېغىمدا بىر مۇئەللىمنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ: «بىراۋ داداڭنىڭ ئىسمىنى ئېيتقان چاغدا خەلق دۈشمىنىنىڭ بالىسىكەنمەن دەپ ھەرگىز بېشىڭنى تۆۋەن قىلما». ئۇستازنىڭ مۇشۇ نەسىھىتى قىينالغان چاغلىرىمدا يۆلەپ تۇردى. بۇ سۆزنىڭ تېگىدە ئانامنىڭ پىكرىگە يىلتىزداش «ھەممىسى يالغان، ھەممىسى تۆھمەت، سېنىڭ داداڭنىڭ خەلق دۈشمىنى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەن قەتئىي ئىدىيىسى بارلىقىنى سەزدىم. شۇ چاغدىن باشلاپ دادام توغرىسىدا بىرەر خەۋەر بىلىشنى ئارزۇ قىلىش كۈندىلىك ئارمىنىمغا ئايلاندى.

چاقانوف: بۇ يەردە سىڭلىڭىز روزا تۇرەقۇل قىزى ئېيتقان ماۋۇ ھېكايىگە نەزەر سالايلى:

«1975 - يىلى، خىزمەت يۈزىسىدىن تالاس شەھىرىگە بېرىپ قالدىم.

—سىز چىڭغىس ئايتماتوفنىڭ سىڭلىسى ئەمەسمۇ؟—

دەپ بىر ئايال ئىللىق چىراي بىلەن سالاملاشتى.
—ھەئە.
—سىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىڭىزنى بىر تونۇشۇمدىن
ئۇشتۇمتۇت ئاڭلاپ قالدىم. خۇدا تىلىكىمىزنى بەردى.
بولمىسا سىلەرنى فرونزىغا ئىزدەپ بارغىلىۋاتاتتىم.

ئادەتتە چىڭغىزغا دەريادەك ئېقىپ كېلىۋاتقان خەت-
لەرنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى. ئۇلار دۇنيانىڭ،
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلىرىدىن كېلەتتى.
خەتلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدا ئۆي ئېلىشقا ياردەم سو-
رايتتى، ھەر خىل دەرىجىدىكى ئورۇنلاردىن كۆرگەن ئا-
دالەتسىزلىكلەرگە دالدا بولۇشنى، پەقەت چەت ئەللەردىلا
ئىشلەپچىقىرىلىدىغان قىممەت باھالىق دورىلارنى تېپىشقا
ياردەم قىلىش ۋە تۇرمۇشتا ئۇچراپ تۇرىدىغان مەسىلـ
لەرنى چۈرىدىگەن تەلەپ - تىلەكلەر يېزىلاتتى. چوڭ
ئادالەتسىزلىكنى ئۆز بېشىدىن كۆچۈرگەچكىمۇ، چىڭغىز بۇ
خەتلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ۋاقتىنىڭ كۆپ قىس-
مىنى بۇ ئىشلارغا بېغىشلاپ ئىمكانقەدەر ياردەم قىلاتتى.
ئەمدى مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ بىر توپى مېنى ئاتايىن
ئىزدەپ تېپىپ ياكى يولۇققان يەردە «ماۋۇنى ئاكىڭىزغا
بېرىپ قويامسىز؟ پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇ كىشىنىڭ
دېگىنىنى يەردە قويىدىغان ئادەمزات يوققۇ دېيىشىپ غۇ-
لاچ - غۇلاچ ئىلتىماسنامىلىرىنى بېرىشەتتى. گاھىدا ئۇ-
نىڭسىزمۇ ئىش چېچىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان ئاكامنى ئا-
ياپ، خەت ئىگىلىرىدىن قاچاتتىم. راستىنى ئېيتسام، يو-
لۇققان ئايالنى دەسلەپتە ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرىمىكىن،
دەپ ئويلىغانىدىم.

—ياق، ياق،—دېدى ئۇ گۇمانىمنىڭ دەل ئۈستىدىن
چۈشكەندەك،—مېنىڭ سىزنى ئىزدىگىنىم دادىڭىز تۇرە
قۇلغا مۇناسىۋەتلىك، مېنىڭ ئاكام تۈرمىدە سىزنىڭ دادى-
ڭىز بىلەن بىر كامېردا يېتىپتىكەن.

دادامنىڭ ئىسمى چىققاندا خۇددى توك سوققۇۋەتكەن-
دەك دىر - دىر تىترەپ كەتتىم.

—ئاكىڭىز نەدە؟ تىرىكمۇ؟—دەپتىمەن ھودۇققىنىم-
دىن.

—تىرىك، بىراق ھازىر دوختۇرخانىدا ئېغىر ئەھۋالدا
ياتىدۇ، دوختۇرلار ساناقلىق كۈنلىرىلا قالدى، دېيىشىۋا-
تىدۇ. ئاكىڭىز چىڭغىزنى كۆرگۈسى كېلىدۇ. بىراق گېزىتتە
ئۇ كىشىنى ئامېرىكىدا دەپ يازدىغۇ، شۇڭا سىزنى ئىزدى-
دىم.

ئۇ چوكانغا ئەگىشىپ كېسەلخانىغا باردىم. كېسەللەر-
نىڭ ئارام ئالىدىغان ۋاقتىغا توغرا كەپتىمىز، سىڭلىسى
نۆۋەتچى ھەمشىرىدىن رۇخسەت سوراپ، ئاكىسىنى يۆلەپ
ئارىلىق ئۆيگە ئېلىپ چىقتى.

ئۇ كىشىنىڭ سەۋر - تاقەتلىك ئادەملىكى تاشقى قى-
ياپىتىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىراق، كېسەل چېقىپ، ھال-
سىراپ كېتىپتۇ، ئاران - ئاران نەپەس ئالىدۇ. قىسقىچىلا
سالام - سائەتتىن كېيىن، مېنىڭ چىرايىمغا زەن سېلىپ
قارىدى - دە، كۆز يېشىنى تۇتالماي قالدى.

—تۇرەقۇلغا ئوخشايدىكەن، ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ
ئارمىنىم يوق...—دەپ ھاسىرەپ قالدى. ئۆزىنى تەڭرى-
بەردى ئالابايېۋ دەپ تونۇشتۇردى. بىردەمدىن كېيىن
ئاقساقال ھېكايىسىنى يىراقتىن باشلىدى:

—... ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتىدا ئىشلەپ يۈرگەن
چاغلىرىم ئىدى، ئاكام ئۇزاقباي ئاقيار ئاۋۇلىدا كولخوز
باشلىقى، باش كۆتۈرۈپ يۈرگەن يارەنلەرنىڭ ھەممىسىلا
«خەلق دۈشمىنى» ئاتىلىپ، تۈرمىگە قاملىۋاتقان مەز-
گىل. نۆۋەت ئاكامغىمۇ يېتىپ كەپتۇكەن، كۆزنى يۇمۇپ -
ئاچقۇچە ئۇنىمۇ تۇتۇپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي مېنىمۇ
تۇتتى.

«ئاكاڭ—خەلق دۈشمىنى، كىملەر بىلەن مۇناسىۋىتى
بار، قانداق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلەرنى قىلدى، قانداق
تەشۋىقاتلارنى قىلدى؟ قېنى ئېيت!» دېيىشىپ، ھەر كۈنى
تالاي سوراقنى ئالدىمغا تۆكۈپ، ئۇرۇپ - تېپىپ قىيناي-
دۇ. جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالدىم. بىر قېتىم سوراقچى
شۇنچىلىك ئاچچىقلىنىپ كەتتىكى، مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن
جېنىنىڭ بارىچە ئاغزىمغا ئۇرۇۋىدى، ئۈستۈنكى، ئاستىنقى
چىشلىرىمنىڭ تەڭ يېرىمىدىن كۆپى قومۇرۇلۇپ چۈشتى.
ئۆزۈم ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ھو-
شۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام، كامېردا تاشنىڭ ئۈستىدە
يېتىپتىمەن. ئەتراپقا قارىۋىدىم، ئېڭەك تۈكلىرى ھۆرپىيىپ
ئىششىپ كەتكەن ئالتە - يەتتە كىشىنى كۆردۈم. چەتتە
يالغۇز تۈمۈر تۆشەك تۇراتتى. يېنىمدا ئېڭەكلىرى يوغان،
ئىللىق چىراي بىر يىگىت قىيما - چىيما بولغان يۈزلىرىم
بىلەن لەۋلىرىمدىن ئاققان قاننى سۈرتۈۋېتىپتۇ.

—تۇر قوزام، مېنىڭ ئورنۇمدا يات،—دەپ قولتۇ-
قۇمدىن يۆلەپ، تۆشەككە ياتقۇزدى. بۇ يالغۇز تۆشەكتە
كامېردىكىلەر نۆۋەتلىشىپ يېتىپ دەم ئالىدىغاندەك قىلات-
تى. بۈگۈنكى نۆۋەت ھېلىقى يىگىتنىڭ ئىكەن. بولمىسا،
تاشنىڭ سوغۇقى ئۈستىخان - ئۈستىخاندىن ئۆتۈپ جې-
نىڭنى جاڭگالدا قوياتتى. باشقىلار گەپ قىلىشمىدى، ھەتتا
بىر - بىرىگە سۆزلەشتىن قورقۇپ يۈرەك ئالدى بولۇپ
قالغاندەك قىلاتتى. ئەتىسى چوڭقۇرلاپ تونۇشتۇق. ئېتى

MIRAS

تۆرەقۇل ئايتماتوفكەن. مېنىڭ تالاستىن كەلگەنلىكىمنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولدى. ئاستا ـ ئاستا بىر تۇغقان ئاكا ـ ئۇكىدەك ئېجىللىشىپ كەتتۇق. هال ـ ئەھۋالىمنى تولۇق بىلگەندىن كېيىن:

—سېنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتىڭ يوق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ياشكەنسەن، پەقەت ئاكاڭ تۈپەيلىدىنلا تۈرمىدە يېتىۋاتىسەن. سوراقچىلارنىڭ ئېغۋاگەرلىكىدىن ساقلان! ھېچكىمنى ساتما! مۇشۇ قەيسەرلىكىڭدىن ئېغىشماي چىداپ باق! ئاخىر بوشاپ چىقىسەن! ئەمدى، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز باشقىچە، ئۆشتۈمتۇتلا ئاتقىلى ئېلىپ مېڭىشىمۇ مۇمكىن،—دېدى ئۇھسىنىپ.

تۆرەقۇل تۈرمە ياستۇقىنىڭ ئاقۇچ تاش رەختىدىن كىچىككىنە خالتىچاق تىكىۋاپتىكەن، ئۇ خالتىچاق قارىيىپ راۋۇرۇسلا كىرلىشىپ كېتىپتۇ. ئاشۇ خالتىچاققا قارا يىپ بىلەن «چىڭغىز»، «يىلگىز» دەپ ئىككى ئوغلىنىڭ ئىسمىنى تىكىپتۇ. يېنىغا «تالاس» دەپ يازغۇسى كەلگەنمۇ دەيمەن، لېكىن يىپ ئاخىرىدىكى «س» ھەرپىگە يەتمىگەندەك قىلدۇ. «تالا» دېگەن سۆز بولۇپ قاپتۇ. ئۆزى ئەقىللىق، بىلىملىك، پاك ئادەم ئىكەن. خالتىچاققا لاتىغا ئوراپ سوپۇن، تارغاق، چىش چوتكىسىنى سېلىپ يۈرەتتى. بىر كۈنى تۈندە باشقىلارغا ئاڭلاتماي قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

—ماڭا كەلگۈلۈك كېلىدىغان بولدى. 58 ـ ماددىغا ياتقۇزۇپتۇ. «خەلق دۈشمىنى» سۈپىتىدە خەت ئېلىش ـ خەت يېزىش ھوقۇقىدىن ئايرىماقچى. ساڭا قىيامەتلىك ئىلتىماسىم بار، ماۋۇ قەپەستىن ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلساڭ، شىكەرگە بېرىپ، مېنىڭ ئايالىمنى، بالا ـ چاقامنى تاپ! «خەلق دۈشمىنى» دېگىنى قىپقىزىل يالغان! بىراق، «خەلق دۈشمىنىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقىنى» دەپ ئاكا ـ ئۇكىلىرىمنى ئۇتارمىكى دەپمۇ قورقىمەن. پەرزەنتلىرىمنىڭ چوڭى چىڭغىز ھاياتتا زورلۇق ـ زومبۇلۇق، ھۆكۈمرانلىق دېگەنلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەي ئۆسۈپ كېلىۋاتقان نازۇك، ھېسسىياتچان بالا ئىدى. موسكۋادا تۇرۇۋاتقىنىمىزدا، ھويلىدا ئىككىيلەن ئولتۇرۇشۇپ قاپتۇ. بالادەك كۆچى بار ياش يىگىت ياشىنىپ قالغان كىشىنى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەنىمكىن، ئۇنى كۆرگەن چىڭغىز يۇم ـ يۇم يىغلاپ ئۆيگە كىردى. «دەھشەتلىك... ئايىمىدىغۇ» دەيدۇ ئۇ توختىماي ئۆكسۈپ. شۇ ئوغلۇم بىلەن ئايرىم سۆزلەشكىن، ئالدىمىزدا يولۇقىدىغان مۇشكۈلاتلارغا تەربىيىلەپ قوي! مېنىڭ «خەلق دۈشمىنى» ئەمەسلىكىمنى قۇلىقىغا قۇيۇپ قوي! ۋەتەنگە قايتماي قالسام، مېنىڭ ئۇچۇن جېنىنى بېرىدىغان ئانىسى ناغىيماغا، ئىنى ـ سىڭىللىرىغا پاناھ بولۇش چىڭغىزنىڭ ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈر! ئىنىسى ئىككىيلەننىڭ ئىسمى يېزىلغان خالتىچاقنى مەندىن ئەستىلىك قىلىپ تاپشۇر! ئەمدى ماۋۇ ئىلتىماسىمنى يادىڭدا چىڭ ساقلا: ئەگەر مېنى ئېتىشقا ئەمەس، مولداۋانوۋكا تۈرمىسىگە ئېلىپ كەتسە، ساقچى ئارقىلىق سەندىن خالتىچاقنىڭ ئىچىدىكى سوپۇننى سورىتىمەن. سىبىرگە ماڭغۇزىدىغان بولسا تارغاقنى ئالدۇرىمەن. ئۇرال تەرەپكە ھەيدىسە، چىش چوتكىسىنى ئەۋەتىپ بەرسۇن، دەيمەن. ئەمىسە، سالامەت بول، تەسەددۇقۇڭ بولاي، ھايات كۆرۈشەلمىسەك، ئۇ دۇنيادا كۆرۈشەرمىز.

مەن يىغلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئورۇنداشقا ۋەدە بەردىم. تۆرەقۇلنى ئېلىپ كېتىشتى. ئىككى كۈندىن كېيىن «ئايتماتوۋنىڭ قانداق نەرسىلىرى قالدى» دەپ بىر ساقچى كىرىپ كەلدى. بىر شۇملۇقنىڭ بولغانلىقىنى بىلگەندەك، تۆرەقۇلنىڭ ئەھۋالىنى سورىۋىدىم، ساقچى بىگىز بارمىقى بىلەن ئۆگزىنى كۆرسىتىپ «ھازىر ئۇنىڭ جېنى بېھىشتە ئۇچۇپ يۈرگەندۇ» دەپ جىلمايدى. تىزلىرىم تىترىگەن ھالدا ساقچىغا پوپايكىسى بىلەن باش كىيىمىنىلا ئېلىپ بەردىم. خالتىچىقىنى، تارغىقىنى پەرزەنتلىرىگە ئامانەت سۈپىتىدە تاپشۇرارمەن، دەپ تىقىپ قويدۇم. كۆپ ئۆتمەي مەنمۇ «خەلق دۈشمىنىنىڭ ئىنىسى» دېگەن تۆھمەت بىلەن 10 يىللىق كېسىلىپ، سۋىردىلوۋىسكى تۈرمىسىدىن چىقتىم. خۇدايىم گۇۋاھكى، ئون يىل «چىڭغىز» «يىلگىز» دېگەن يېزىقى بار تۆرەقۇلنىڭ ئامانەت خالتىچىقىنى، تارغىقىنى پوپايكامنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن تاشلىمىغان، چوڭ ئوغلىغا ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرىمەنغۇ، دېگەن ئۈمىد بىلەن يۈرگەن ئىدىم. گاھىدا چىڭغىزنىڭ يىگىرمە ياشقا تولغان يىگىتلىك مەزگىلىنى، تۆرەقۇلغا ئوخشاش قاش ـ كۆزىنى خىيالەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم.

بىراق، مېنىڭ تەقدىرىم مۇتلەق باشقىچە بىر تەرەپ بولدى. ئون يىلدىن كېيىنمۇ يۇرتۇمغا قايتىشىمغا رۇخسەت بېرىشمىدى. سىبىرنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئەل ـ يۇرتلۇق ماكانغا سۈرگۈن قىلدى. شۇ يەردە ئىش قىلىشىمغا، ئەركىن ـ ئازادە يۈرۈش ـ تۇرۇشۇمغا ئىمكانىيەت يارىتىلدى. بىر تاتار قىزىغا ئۆيلىنىپ، چاققانراق بىر ئۆي ئىگىلىدىم. مۇشۇ چاغدا، يۇرتقا قايتىش ئۈمىدىم ئۈزۈلگەنلىكتىنمۇ يا سەل ـ پەل تويۇنۇپ قالغانلىقىمدىنمۇ، يا ئۆزۈم بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان ھەمراھ

يىگىتنىڭ ئۆيىدىن ئىچكەن ساموگوننىڭ تەسىرىدىنمۇ، قايسى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي، كونا پوپايكامنى ئىچ يانچۇقىدىكى تۆرەقۇلنىڭ ئامانەت خالتىچىقى بىلەن بىللە دەرياغا تاشلىۋېتىپتىمەن. بۇ قىلمىنى خۇدامۇ، داداڭنىڭ ئەرۋاھىمۇ خوپ كۆرمىسە كېرەك. دەل شۇ كۈنى ئات ئېغىلىدا ئۇلاقلىرىمنى تاقىلاۋاتقاندا، ھېلىقى ھايۋان كەينى پۇتى بىلەن مەيدەمگە تېپىۋېتىپ، دەم ئالالماي ھوشۇمدىن كېتىپ يىقىلدىم. ئىككى تال قوۋۇرغام سۇنۇپ، ئۆپكەمنىڭ بىر قىسمى قىيما ـ چىيما بولۇپ كېتىپتۇ. مېيىپ بولۇپ قالدىم. شۇنىڭدىن بېرى، دوختۇرخانىلاردا ئايلاپ ئەمەس، يىللاپ يېتىشقا توغرا كەلدى. ئەمدى شۇ كېسەلدىن كۆز يۇمغىلىۋاتىمەن.

ئاخىر يۇرتقا قايتىشقا رۇخسەت قىلىندى. (خرووششېفقا مىڭلاپ رەھمەت) دەرھال خىزمىتىم بىلەن ھېسابلىشىپ، ئايالىمنى ئەگەشتۈرۈپ، يۇرتۇم تالاسقا كېلىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ پۇخادىن چىقتىم. ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن تۆرەقۇلنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىۋىدىم، فرونزىغا كۆچۈپ كەتكەن، دېگەن ئۇچۇرنى ئالدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە كېسىلىم پات ـ پات تۇتۇپ، دېمىم قىسىلىپ، ئۆز جېنىمنىڭ قايغۇسىدا قالدىم. تالاي يىللار مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى قەلبىم ئاسمىنىدا چاقماق چېقىپ قېلىشىنى كىم بىلسۇن! يەنە كونا كېسىلىم قوزغىلىپ، كېسەلخانىدا ياتقان ئىدىم. يېنىمدىكى يىگىتنىڭ لايىقى ئىككىلىك قېلىنلىقتىكى كىتابتىن ئەتىسى ـ ئاخشىمى زادىلا كۆز ئالمايدۇ. بىر قېتىم ئۇ دەم ئېلىشقا چىقىپ كەتكەندە كىتابقا قارىسام، چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ «سامان يولى» دېگەن توپلىمى ئىكەن، كىتابنى ئوقۇشقا باشلىدىم: «دادا، مەن ساڭا يادنامە ئورنىتالمايمەن، سېنىڭ توپاڭنىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيمەن، مۇشۇ ئەسىرىمنى، تۆرەقۇل ئايتماتوف، ساڭا بېغىشلايمەن، ئاپا سەن بىزنى ئۆستۈرۈپ ئادەم قىلدىڭ، سېنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشۈڭنى تىلەپ، ئاپام ناغىيما ئايتماتوۋا، ساڭا بېغىشلايمەن» دېگەن قۇرلار مارجاندەك دانىمۇ دانە تىزىلىپ تۇراتتى.

چىڭغىزنىڭ كىتاب بېتىدىكى دادىسىنى ئەسلىتىدىغان سالاپەتلىك سۈرىتىنى كۆرگەندە فرونزىنىڭ تار تۇرمىسىدە سىقىلغان تۆرەقۇلنىڭ قىياپىتى، ئۇنىڭ ئىلتىماسى ۋە پەرزەنتىنىڭ ئىسمى يېزىلغان نىمكەش خالتىچاق، سىر ئورمانلىرى نۆۋەت بىلەن كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى.

—ئاللا، ۋاي سادىغاڭ كېتەي ھەي، ماۋۇ تۆرەقۇلنىڭ پۇشتىكەنغۇ!—دەپ كىتابنى باغرىمغا بېسىپ يىغلىدىم. يوشۇرىدىغان نېمىسى بار، ئۆزۈمنى شۇ چاغدا شۇنچىلىك يامان كۆرۈپ كەتتىم، مۇشكۇل چاغلاردا ياردىمىنى ئايىمىغان، زور ئىشەنچ باغلىغان ئادەمنىڭ قىيامەتلىك ئىلتىماسىنى ئورۇندىيالمىغىنىم يۈرىكىمنى ئۆرتەيتتى. بولغان ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى چىڭغىزغا خەت بىلەن بايان قىلىپ، خالتىچاقنى دەرياغا تاشلىۋەتكەن ئاجىزلىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىغۇم كەلدى. بىر نەچچە قېتىم تەرەددۇت قىلساممۇ بۇنداق قىلىشقا قۇربىتىم يەتمىدى. يېقىندا دوختۇرنىڭ سىڭلىمغا دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. «ئەمدى كۆپ بولسا پەقەت بىر ئايغىلا بارالايدۇ» دېدى. شۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن بۇيان مېنىڭدە ئۇيقۇ يوق. تۆرەقۇلغا ئۆتەيدىغان قەرزىمنى ئۇ دۇنياغا قانداق ئېلىپ كېتىمەن؟ ئۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالساق، تەڭرىبەردى، يارەنلىكىڭ قېنى؟ ئىمكانىيىتىڭ بار تۇرۇپ، ئەڭ بولمىغاندا بىر پەرزەنتىمگە سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويمىغىنىڭ نېمىسى؟ دېسە، ئۇنىڭ يۈزىگە قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن؟ شۇنىڭدىن كېيىن سىڭلىمغا ئىلتىماس قىلدىم، بۇ دۇنيادىن رازى بولۇپ كەتسۇن دېسەڭ، مېنى تۆرەقۇلنىڭ بىر پۇشتى بىلەن ئۇچراشتۇر، ئاياغلىرىغا يىقىلىپ كەچۈرۈم سوراي، دېدىم. خۇدا كۆز يېشىمنى كۆرۈپتىكەن، سادىغاڭ كېتەي، پۈتكۈل تۆرەقۇل جەمەتى نامىدىن مېنى كەچۈر،—دەپ خۇددى گۆدەك بالىدەك ئاغزىلىرىنى ئۆمچەيتىپ يىغلاپ كەتتى.

—ئاكا، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، سىزدە نېمە گۇناھ؟ بۇنىڭغا ئادالەتسىزلىكتىن يىلتىز تارتقان شۇ چاغدىكى رەھىمسىز دەۋر گۇناھكار،—دەپ بوۋاينى بەزلىگەن بولدۇم. ئۆزۈممۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ، دادامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىق ـ تىرىكچىلىكىگە گۇۋاھ بولغان، ئىككى مۈرىسىدە تىنىپ، ھايات ـ مامات ئارىسىدا ئاران تۇرغان بىچارىنى قۇچاقلاپ ئېسەدەپ كەتتىم».

ئايتماتوف: ھەئە، دادىمىزنىڭ تەڭرىبەردى ئالاپايېۋ ئارقىلىق 1938 ـ يىلى يوللىغان ئەڭ ئاخىرقى سالىمى بىزگە 1975 ـ يىلىلا تەگدى. بۇ چاغدا ئانىمىزنىڭ ئۇ دۇنياغا كەتكىنىگە تۆت يىل بولغانىدى.

چاقانوف: 1938 ـ يىلىنىڭ ئىزغىرىنلىق كۈز مەزگىلىدە ھازىرقى بىشكەك شەھىرىنىڭ تاغلىق يانتۇلۇقىدىكى چوڭ تاشتا، ئىچكى ئىشلار كومىسسارلىقى دەم ئېلىش ئۆيىنىڭ يېنىدا كىملەردۇر بىر ماشىنا ئادەمنى يوشۇرۇن ئەكېلىپ، ئۇلارنى ئېتىپ، ھازىرلانغان ئويمانغا ھەدى ـ يۇقىنى چىقارماي كۆمۈپ تاشلايدۇ. بۇنى دەم ئېلىش ئۆيىدە قاراۋۇللۇق قىلىدىغان ئابىقات قىدىرئەلىيېۋ

دېگەن ئاقساقال كۆرۈپ قالدۇ. ئۆزى ئۇزۇن يىللارغىچە ھېلىقى يەرگە بېرىپ قۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلىپ يۈرىدۇ. بوۋىنىڭ بۇبىرا دېگەن 1928 ـ يىلى تۇغۇلغان، يەنى سىز بىلەن دەلمۇ دەل قۇرداش قىزى بار ئىكەن، بۇبىراغا دادىسى: «ئېسىڭدە بولسۇن، ماۋۇ يەردە نۇرغۇن كىشىنىڭ جەستى بار، زامان ئوڭشالسا يۇرت ـ جامائەتكە ئېيتارسەن، ھازىر بۇنى ئاغزىڭدىن چىقارما» دەپ قاتتىق ئەسكەرتىدۇ. قىرغىزىستان دېموكراتىيىلىك ئۇسۇل بىلەن مۇستەقىللىق بايرىقىنى كۆتۈرگەن چاغدا بۇبىرا ھەدە دادىسىدىن ئاڭلىغان ھېكايىنى ئېيتىپ، خەۋپسىزلىك كومىتېتىغا خەت يوللايدۇ. كومىتېتنىڭ بۆلۈم باشلىقى پولات ئابدۇراخمانوف ئۆز ساھەسىدىكى ئەرزىمەس ئابروينى ئەلا بىلگەن بەزىلەرنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، ئاتالغان يەرنى قېزىشنى تەشكىللىگەندە ئۇ يەردىن 137 كىشىنىڭ جەستى چىقىدۇ. شۇ جەسەتلەرنىڭ ئىچىدىن سىزنىڭ دادىڭىز تۆرەقۇل ئايتماتوفنى ئېتىشقا بۇيرۇغان ئۈچ ۋاراق ھۆكۈم قەغىزى تېپىلىدۇ. مۇزېي ھۆججەتلىرىنى ئاختۇرغاندا بۇ يەردە دادىڭىز بىلەن بىللە قىرغىز خەلقىنىڭ يۈسۈپ ئابدۇراخمانوف، قاسىم تىنىستانوف، ئەركىنبەك ئىسەنامانوف، ئىسمانالى ئايداربېكوف، بايالى ئىسابەكوف، ئاسانباي جامانسارىيەف، ئوسمانقۇل ئەلىيېف، سىدىق چوڭباشوفقا ئوخشاش چوڭ ـ چوڭ ئەربابلىرىنىڭ جەستى بارلىقى ئېنىقلىنىدۇ. ھەسرەتلىك ماكانغا «ئاتا قەبرىستان» دېگەن نام بېرىلىپ گۇناھسىز «خەلق دۈشمىنى» دەپ ئاتالغان مەرھۇملارنىڭ جەسەتلىرىنى ئەزىزلەپ، قايتىدىن دەپنە قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى.

چاقانوف: ھاياجانلىنىپ كەتتىڭىزغۇ دەيمەن. بولىدۇ، سۆھبىتىمىزنى باشقا ساھەگە يۆتكەيلى. شېكەر ئاۋۇلغا بارغان سەپىرىمىزدە يېنىڭىزغا ئۆمەرباي نارىبېكوف، داۋلەتبەك شادىبەكوفقا ئوخشاش ئىنىلىرىڭىزنى ۋە ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ئوقۇغان ئىككى ئەزىمەتنى ئېلىپ، روسىيە تېلېۋىزىيىسىنىڭ قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى مۇخبىرى ۋىلادىمىر پېتروف بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن، گۈركىرەش دەرياسىنىڭ تارلىمىغا بېرىپ ئېتىڭىزنىڭ تىزگىنىنى تارتقىنىڭىز ئېسىڭىزدە باردۇ؟ تەبىئەتتىن ھۇزۇرلىنىپ تۇرغىنىمىزدا سىز مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ:

ـــ ئاۋۇ ماناس چوققىسىغا بىر پارچە بۇلۇتنىڭ قونغىنىنى كۆردۈم؟ ئەمدى قاراپ تۇر، ئونبەش مىنۇتتىن كېيىن ئەتراپ ئەرەختەم ـ پەرەختەم بولىدۇ،ـــ دېدىڭىز. دەسلىپىدە چىكە چاقچاق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، كىچىككىنە بۇلۇتتىن بۇنداق خۇي چىقماس، ھازىرلا شامال سۈرۈپ كەتمەمدۇ، دەپ ئويلىدىم. سۈت پىشىم ۋاقىت ئىچىدە شامال چىقىپ، يامغۇر قۇيۇۋەتتى. ئۆزىڭىزنىڭ تۇغۇلغان يېرىڭىزنىڭ ئۆزگىرىشچان مىجەزىنى يېڭىدىن يېپيېڭىچە تولۇق بىلدىغىنىڭىزنى سەل ـ پەل سەزدۈرگەندەك قىلدىڭىز.

چىكە، سىزنىڭ قازاق دىيارىدا ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىڭىزغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىزىق ھېكايە ئېسىمگە چۈشۈۋاتىدۇ. 1995 ـ يىلى بېشكەكتە ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچ قېرىنداش جۇمھۇرىيەت زۇڭلىلىرىنىڭ [ئەكەجان قاجكەلدىن (قازاقىستان)، ئابدۇھاشىم مۇتەللىپوف (ئۆزبېكىستان)، ئاباس جۇماغۇلوف (قىرغىزىستان)] يىغىنى ئاخىرلاشقان چاغ. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ۋە ھەر ساھەنىڭ باھالىغۇچىلىرى گاز ئىشلەپچىقىرىش، سالامەتلىكنى ساقلاش مەسىلىلىرى بويىچە بىرلىشىپ خىزمەت قىلىشقا ئەھدە قىلىشتى. يىغىن ئاخىرىدا مېھمانلارنى قازاقىستان ئەلچىخانىسىغا چايغا چاقىردىم. چاقىرىقنى ئۈچىسىلا رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلدى. ئەلچىخانا ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، ماشىنىدىن سىزگە تېلېفون بېرىپ:

ـــ ئۈچ قېرىنداشنىڭ بېشى كۆندە بىر يەردە بولىۋەرمەيدۇ، ئەل ـ يۇرتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان ئىنىلىرىڭىز بىلەن دىدارلىشىپ، تەم ـ تۇزىمىزنى تېتىپ بېقىڭ،ـــ دېدىم.

داستىخان ئۈستىدىكى پاراڭ بىردىنلا قىزىپ كەتتى. سىز بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى، تۈركىي خەلقلىرىنىڭ قېرىنداشلىقى، مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ھېكايە قىلدىڭىز. شۇنداق پەيتتە سىز ئېشەك ھەققىدىكى ھېكايىنى باشلىۋەتتىڭىز. داستىخاندا ئولتۇرغانلار پۈتۈنلەي ئۆزىنى ئۇنتۇغان ئىدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئالمائاتادىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى قاسىم جومارت توقايېف تېلېفون بېرىپ قالدى ـ دە، ھېكايىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئاڭلىيالماي قالدىم. كىرسەم، داستىخاندىكىلەر قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. شۇ ھېكايىنى يەنە بىر سۆزلەپ بەرسىڭىز.

ئايتماتوف: سۆزلەپ بېرەي، جامبۇل شەھىرىنىڭ مال دوختۇرلۇق تېخنىكومىغا كىرگەن چاغلىرىم، كۈندىلىك لېكسىيە بىلەن تەجرىبە قىلىنىدىغان دەرسلەر بىرلىكتە ئۆتۈلەتتى. بېلىقچىلىق، قويچىلىق دېگەن بابلار بىلەن باشقا ماللار قۇرۇپ قالغاندەك ئېشەكچىلىك ئىلمىگە كىرىشىپ كەتتۇق. دەسلىپىدە ئېشەك دېگەن نېمىسىدۇ ئەمدى، مۇشۇنىمۇ مال دەپ دەرسكە كىرگۈزگىنىنى نېمىسى، دېيىشىپ زاڭلىق قىلغان ئىدۇق. كېيىن بىز ئويلىغاندەك بولماي چىقتى. ئىككى قۇلىقى سالپىيىپ،

هاگرىغانىنلىڭ بەرىنى ئېشەك دېگەن بىلەن، ئۇنىڭمۇ ئاتام زاماندىن بېرى كېلىۋاتقان تېگى ـ تەكتى، تۇرى، رەڭگى، ئۆزگىچىلىكى بار ئىكەن ئەمەسمۇ. ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ مىللىتى رۇس، ئۇرۇش يىللىرىدا لېنىنگراد قورشاۋدا بولۇپ، قازاقىستانغا كۆچۈپ كەلگەن، تولىمۇ بىلىملىك، تەلەپچان، ياشىنىپ قالغان كىشى ئىدى. تەجرىبە دەرسىنى ئۆتكەندە تېخنىكومنىڭ قوشۇمچە ئىگىلىكىدە ئېشەك يوق، شۇڭلاشقا، پروفېسسور ئوقۇغۇچىلارنى جامبۇلنىڭ ئاتچاپار دېگەن مال بازىرىغا ئېلىپ باراتتى. شەھەر ئەتراپىدىكى ئاۋۇللاردىن، قىرغىزلارنىڭ تالاس دېگەن يېرىدىن مال ھەيدەپ ئەكېلىپ ساتىدىغانلار شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ۋاژىلدىشىپ، قىم ـ قىم بولۇپ كېتىشەتتى. ساتارمەن بىلەن ئالارمەننى كېلىشتۈرۈپ، يۈگۈرۈپ يۈرگەن دەلاللارمۇ بار ئىدى.

بىر قېتىم بازارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا چۈشىنىقاپ تۇرغان ئېشەكنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدۇق.

—ئايتماتوف، ماۋۇ ئېشەكنىڭ قايسى تۇرى؟ قېنى سۆزلە،— دەپ كۆزەينىكى پارقىراپ تۇرغان پروفېسسور بىر توپ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدىن ماڭا بۇرۇلدى.

— بۇ مەخلۇق دەسلەپتە ئافرىقا بىلەن ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا پەيدا بولغان، ھازىر سىبىرىيىدە، كەشمىردە، تىبەتتە، تۈركمەنىستاندا، ئۆزبېكىستاندا، قازاقىستان، قىرغىزىستاندا ۋە موڭغۇلىستاندا كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. بۇلار ئاساسەن قولغا ئۆگىتىلىپ، ئۇلاغ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. مانا ئۆزىڭىزلەر كۆرۈپ تۇرغاندەك، ئېشەكلەر باشقا ماللاردىن قۇلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. پاقالچىقىغا چۈشىدىغان ئىنچىكە قۇيرۇقىمۇ بار. تەخىيگە ئون ئىككى ئاي قورساق كۆتۈرىدۇ،— دېگىنىمنىلا بىلىمەن، ھېلىقى ئېشەكنىڭ ئىگىسىنى تونۇپ قالدىم. ئاۋۇلدىكى يەزنەم دوسالى بىلەن قاراقىز ئاچامنىڭ قوشنىسى مېنى كۆرۈپ ھەيران ـ ھەس بولۇپ قالدى. ئۇيالغىنىمدىن بۇنداق ئۆرتەنمەسمەن، ھەتتا ئاۋازىم چىقماي خىرىلداپ قالدىم.

—نېمىشقا توختاپ قالدىڭ؟ دەرسنى داۋاملاشتۇر. كۆك ئېشەكنىڭ باشقا ئېشەكلەرگە قارىغاندا يەنە قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟— دەپ قىستىغىلى تۇردى پروفېسسور. بەلكىم ھودۇققاندىمەن، چېكەمدىن تەر چىقماقتا ئىدى.

ھېلىقى ئاقساقال شېكەرگە بىرىپلا:

— ۋاي ئاللا، تۆرەقۇلنىڭ بالىسى جامبۇلدا ئېشەكچىلىكنى ئوقۇپ يۈرۈپتۇ. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. مۇئەللىمى بىلەن بىللە بازاردا مېنىڭ ئېشىكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىدىن باشلاپ ئۇرۇق ـ جەمەتى، يەتتە ئاتىسىنى پۈتۈنلەي ساناپ چىقتى. بالىنىڭ سۆزىگە مەن تۈگۈل كۆك ئېشىكىم رازى بولغان بولسا كېرەك،— دەپ پۈتكۈل ئاۋۇلغا ھېكايە قىپتۇ.

40 ـ يىللارنىڭ ئاياغلىرىدا ئاۋۇلدا سوت، تەپتىش، ساقچى كەسىپلىرىنىڭ ئابرويى بەكمۇ يۇقىرى ئىدى. «ساقچىدىن ئېرىك بولسۇن، ھىندىستاندىن چىپىك بولسۇن» دېگەن ھەجۋىي شېئىرمۇ شۇ چاغلارنىڭ مەھسۇلى. مېنى خەلق ھۆرمەتلەيدىغان، سىرتىدىن ھېيىقىدىغان ئوقۇشنىڭ بىرەرىگە بارغاندۇ، چوڭايغاندا بىرەر تۇتقىنى تۇتار، دەپ ياقا ـ يۇرتلاردا ئوقۇپ يۈرگىنىم بىلەن ئاۋۇلداشلىرىمنىڭ ئالدىدا پەخىرلىنىپ، ھەر كەلگىنىمدە ئاز ـ پاز تىيىن ـ تەڭگىلىرى بىلەن قۇرۇت، سېرىق مايلىرىنى ئايىمايدىغان ئاچام بىلەن يەزنەم بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈگىنىدىن نە كۈلۈشنى، نە يىغلىشنى بىلمەي قاپتۇ. كېيىن ئاۋۇلغا دەم ئېلىشقا كەلگىنىمدە قاراقىز ئاچام:

MIRAS

—سېنى خەقلەر ئېشەكچىلىكنى ئوقۇۋېتىپتۇ دەيدىغۇ؟ بۇ نېمە گەپ؟ ۋاي كۆزنۇرۇمەي، باشقا ئوقۇش قۇرۇپ قاپتىمۇ؟ ناۋادا ئېشەكنى ئوقۇغۇلۇق كېلىۋاتقان بولسا مۇشۇ ئاۋۇلدا ئېشەكتىن كۆپ نەرسە يوق ئەمەسمۇ؟— دېدى دىلخەستىلىك بىلەن. مېنىڭ ئەزىمەت بولۇپ يېتىلىشىمنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن ئاق كۆڭۈل ئاچام بىلەن يەزنەمنىڭ ئالدىدا قانداق ئاقلىنىشنى بىلمەي تەڭلىكتە قالغىنىم تا بۈگۈنگىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بۇمۇ «ئاۋۇل ئاكادېمىيىسى» نىڭ ئاددىيلىق بىلەن ساددىلىق ناملىق بۆلۈمىنى تولۇقلايدىغان ئەھۋاللارنىڭ بىرى.

**چاقانوف:** بىر قېتىم سەيتالى بەكمانبەتوۋ دېگەن دوستىڭىزنى بىزنىڭ ئۆيگە ئەكەلگەن ئىدىڭىز. يازنىڭ ئارامبەخش، ئاپتاپلىق كۈنلىرى ئىدى. قىيام بولغان قىمىزنى ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن ـ كەتكەن ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ ئۇزاققىچە سىرداشقانتىڭىزلار.

(داۋامى بار)

شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان قازاقچە «قىيادىكى ئۇۋۇچىنىڭ نالە ـ زارى» ناملىق كىتابتىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى ئوسمانجان ساۋۇت

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# ياپونىيىدىكى شىنجاڭلىقلارنىڭ ئۆگىنىش ھاياتىدىن ئەسلىمە



مەريەم ساقىم

ياپونىيە خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ھەمكارلىق جەمئىيىتى (تۆۋەندە قىسقارتىپ ياپونىيە تەرەپ ياكى جەمئىيەت دەپ ئېلىنىدۇ) 2002 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «جۇڭگو ئىچكى موڭغۇل ـ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ھەمكارلىق پائالىيىتىنىڭ 20 يىللىق خاتىرىسى» دېگەن توپلامنى نەشر قىپتۇ. بۇ توپلامغا رەئىسىمىز ئابلەت ئابدۇرېشىت بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن بولۇپ، بېغىشلىمىنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرى «تولىمۇ ئەھمىيەتلىك تارىخىي خاراكتېرلىك نەتىجىلەر سەمەرىسى بولغان بۇ توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشىنى چىن قەلبىمدىن قىزغىن قۇتلۇقلايمەن» دەپ ئاياغلاشقان. مەن 1985 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلق ھۆكۈمىتى خىراجىتى بىلەن ياپونىيىگە بىرىنچى تۈركۈمدە بىلىم ئاشۇرۇشقا چىققانلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن زور قىزىقىش ئىلكىدە بۇ توپلامنى ۋاراقلاپ، شىنجاڭنىڭ 1985 ـ يىلىدىن 2001 ـ يىلىغىچە بولغان مائارىپ تارىخىدا ياپونىيىگە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىش جەريانىنى ۋە بۇ جەرياندا بېسىپ ئۆتكەن 17 يىللىق مۇساپىنى ئەسلىدىم ھەمدە بۇ ۋەقەدىن شىنجاڭلىقلارنىڭ تولۇقراق خەۋەر بولۇشى ئۈچۈن بۇ ماقالىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم.

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى مائارىپ تارىخىدا، مەرىپەتپەرۋەر ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ يېڭىچە پەننىي مائارىپنى يولغا قويۇپ، 1902 ـ يىلى چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقارغانلىقى، 1934 ـ ، 1936 ـ يىللىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتكە ئۈچ تۈركۈم ئوقۇغۇچى چىقىرىش ۋە ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن 1955 ـ 1959 ـ يىللارغىچە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەڭ كۆلەملىك ئوقۇغۇچى چىقىرىش — مائارىپ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش دولقۇنى بولۇپ ئۆتكەنىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ نۇرى بىلەن 1978 ـ يىلدىن باشلاپ جۇڭگو مىقياسىدا چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش كەڭ كۆلەمدە قانات يايغان بولسىمۇ، شىنجاڭ

تولىمۇ چەت يۇرت بولغاچقا، بۇنىڭدىن بەكمۇ ئاز كىشى بەھرىمەن بولالىغان. 1985 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ياپونىيىگە مائارىپ سېپىدىكى ياش تايانچ كۈچلەرنى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن بىلىم ئاشۇرۇشقا چىقىرىشتەك داغدام يولنى ئاچقانىدى. ھۆكۈمەتنىڭ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن بۇ يول تاھازىرغىچە داۋاملىشىپ ئاشۇ بىرىنچى قەدەمنىڭ تۈرتكىسىدە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا چىقىشتىن زور دەرىجىدە ھالقىپ، نۇرغۇنلىغان ياشلار شەخسىي خىراجىتى بىلەن ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىقىشقا يۈزلەندى ۋە داۋاملىق چىقىۋاتماقتا.

شىنجاڭلىقلار ياپونىيىگە چىقىپ «دۇنياغا كۆز ئېچىش» (جۇڭگولۇقلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىشنى داڭدار يازغۇچى ۋاڭ مېڭ ـ «دۇنياغا كۆز ئېچىش» دەپ ئاتىتكەن) پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، يۇقىرى ئىلىم ـ پەن مۇھىتىدا ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ماگىستىر، دوكتور، تەتقىقاتچىلار يېتىشىپ چىقتى ۋە دۇنياۋى ئىلىم ـ پەن سەھنىسىدە باشقىلار بىلەن تەڭ قەدەم تاشلىيالىدى. ئۇلار ياپونىيىگە بېرىپ بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىز ۋە تۇرمۇش رىتىمىمىزدا بۇرۇندىن بولمىغان، يۇقىرى سۈرئەتتىكى ھاياتلىق پائالىيىتىگە تەڭ يېتىشىپ، ماسلىشىپ، ئۆزگىچە جەمئىيەت تۈزۈمى، مەدەنىيەت پىسخىكىسى مۇھىتىدا روھىي تاۋلىنىش ئارقىلىق ئۆزلۈك ئېڭىمىزدا يېڭىلىنىش بارلىققا كەلدى. ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىز ئۈستىدە ئويلىنىش، روھىيىتىمىزدىكى مىللىي خاسلىق ۋە ئەنئەنىمىزنى بېيىتىش، ئۆزىمىزنى تونۇش ۋە تونۇتۇش خاھىشى يۇكسەلدى.

بۇ 17 يىل ئىچىدە ياپونىيە تۇپرىقىدا كۆپلىگەن ئەۋلادلىرىمىز دۇنياغا كۆز ئاچتى. ياپونىيە مەكتەپلىرىدە، ياپونىيە دۆلەت تىلى دەرسىدە سىنىپنىڭ ئەڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇغان باللىرىمىز ياپونىيىكلەرنى ھەيرەتتە قالدۇردى.

ياپونىيىگە چىقىپ بىلىم ئىگىلەپ، ياپونىيە جەمئىيىتىگە سىڭىپ، شىجائەت بىلەن ئۆگىنىپ، خىزمەت قىلىپ كەلگەن شىنجاڭلىقلار ئەمدى ياپونىيىدىن ھالقىپ ئامېرىكا، كانادا، ياۋروپالارغا يۆتكىلىۋاتىدۇ. دۇنيانىڭ ئەڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىسى، خىلمۇ خىل مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىش، دۇنياغا يۈزلىنىش دولقۇنى ئۆرلەۋاتىدۇ. بۇ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ۋە ئىلىم ـ پەن مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشۇش رولىنى ئوينايدۇ، دەپ ئويلايمەن خالاس.

## ياپونىيە تەرەپنىڭ شىنجاڭ ئۈچۈن مائارىپ ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىش ھەمكارلىقى قانداق قىلىپ رويابقا چىققان؟

جۇڭگو ئون يىل داۋاملاشقان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ قالايمىقانچىلىقلىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، 1978 ـ يىلدىن باشلاپ ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەللەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر يىلى 200 نەپەر ياشنى ياپونىيە مائارىپ مىنىستىرلىكى ئارقىلىق ياپونىيىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا چىقىرىشنى يولغا قويغان. بۇ مەملىكەت بويىچە تاللىنىدىغان بولغاچقا، ئىچكى موڭغۇلغا يىلدا ئاران بىر ـ ئىككى سان كېلىدىكەن. ئاشۇ چاغلاردا ئىچكى موڭغۇل ھۆكۈمەت قاتلىمىدا ئۇرۇشتىن ئاۋۋال ۋە ئۇرۇش يىللىرىدا ياپونىيە بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق ۋە ياپونىيە مائارىپىنى قوبۇل قىلغان خادىملار كۆپ ساننى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلار ياپونىيىگە كۆپلەپ ئوقۇغۇچى چىقىرىش ئۈچۈن كۆپ ئىزدەنگەن. ئاخىرى 1980 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئىچكى موڭغۇل ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ياپونىيىگە زىيارەتكە بارغاندا، ئەينى چاغدىكى ياپونىيە كېڭەش پالاتاسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى فۇجى نامىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، ياپونىيە خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ھەمكارلىق جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. ئىچكى موڭغۇل ھۆكۈمىتى نامىدىن ياپونىيىگە ئىختىساس ئىگىلىرىنى بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىش تەلىپىنى قويغان. ياپونىيە تەرەپ ئىچكى موڭغۇل ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تەلىپىنى



ئويلىشىپ 1981 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئون كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئىچكى موڭغۇلنىڭ مائارىپ ساھەسىنى زىيارەت قىلىش، تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن.

بۇ ئۆمەك ياپونىيىگە قايتىپ، 6 ـ ئايدا جەمئىيەتنىڭ ھەيئەت رىياستىگە، 7 ـ ۋە 10 ـ ئايلاردا جەمئىيەتنىڭ 4 ـ ، 5 ـ قېتىملىق خەلقئارالىق ئىلىم ـ پەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشخانىسىغا، ئىچكى موڭغۇلدىكى زىيارەت ئەھۋالىدىن دوكلات سۇنغان. 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كۈز پەسىللىك ئومۇمىي يىغىندا «ياپونىيە ـ ئىچكى موڭغۇل پەن ـ تېخنىكا ئالماشتۇرۇش كومىتېتى» تەسىس قىلىشنى ماقۇللىغان. ياپونىيە تەرەپ ئىچكى موڭغۇل ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىش خىزمىتىنى ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارالىق ھەمكارلىق ئىش پائالىيىتى كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، 1982 يىلى 3 ـ ئايدىكى ئەتىياز پەسىللىك ئومۇمىي يىغىندا رەسمىي قارار قىلىپ بېكىتكەن.

شۇ يىلى ئىچكى موڭغۇلدىن دەسلەپكى تۈركۈمدىكىلەر ياپونىيىگە يېتىپ بارغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىچكى موڭغۇل بىلەن پەرقلىق يېرى، ئۇرۇشتىن بۇرۇن ۋە ئۇرۇش داۋامىدا بولسۇن، ياپونىيە بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋەت ۋە ئالاقىسى بولمىغاچقا، شىنجاڭدىن بىۋاستە ياپونىيىگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ئىشىدا بىرەر يىپ ئۇچىمۇ يوق ئىدى. ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بادەي ئەپەندى (موڭغۇل) ئىچكى موڭغۇلنىڭ ياپونىيىگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ئىشىنى ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چىڭگېرۇتايدىن ئاڭلاپ، شىنجاڭدىنمۇ ياپونىيىگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ئىشىغا ياردەملىشىشنى ئۆتۈنگەن. توكيو چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپى بىلەن ياپونىيىدە تۇرۇۋاتقان چىڭگېروتاي ئەپەندى 1983 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جەمئىيەت ھەيئەت رىياستىنىڭ كەسپىي مۇدىرى ياسىگى ئەپەندىنى زىيارەت قىلغاندا، بادەينىڭ ئارزۇ ـ تەلىپىنى يەتكۈزگەن. بۇ تەلەپ 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى جەمئىيەتنىڭ خەلقئارالىق ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ يىغىنىغا سۇنۇلغان. جەمئىيەت چىڭگېرۇتاي مۇئاۋىن مۇدىرغا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىشنى ئويلاشتۇق، ئەمدى ئۇلارنىڭ بىز بىلەن بىۋاستە رەسمىي ئالاقىلىشىشىنى كۈتىمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. كەسپىي مۇدىر ياسىگى ئە-



پەندى 1983 ـ يىلى 7 ـ ئايدا جەمئىيەتنىڭ ئىچكى موڭغۇلنى زىيارەت قىلىش پائالىيىتىگە شىنجاڭنىمۇ كىرگۈزۈش ــ شىنجاڭنى زىيارەت قىلىش پىكرىنى بەرگەن. لېكىن شۇ چاققىچە شىنجاڭدىن بىرەر خەۋەر بولمىغان. كېسىلى ئېغىرلىشىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان ياسىگى ئەپەندى «شىنجاڭدىن تېخىچىلا بىرەر خەۋەر يوقمۇ؟» دەپ، ھەسرەت بىلەن 1984 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كۆز يۇمغان.

بەختكە يارىشا شۇ يىلى 11 ـ ئايدا بادەي ئەپەندى باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مائارىپ ۋەكىللەر ئۆمىكى ياپونىيىگە يېتىپ كەلگەن.

ئۆمەك ئەزالىرى جۇڭگونىڭ ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا خادىملىرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ رەئىسى تاچى بانا تاكاشى ئەپەندىنى زىيارەت قىلغان. 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى رەسمىي سۆھبەت ئېلىپ بېرىلىپ، ياپونىيە تەرەپ شىنجاڭ بىلەنمۇ ئىچكى موڭغۇل بىلەن ئوخشاش ھەمكارلىق ئورنىتىپ، شىنجاڭ ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىش كېلىشىمى ئورنىتىشقا ماقۇللۇق بىلدۈرگەن.

ئۆمەك باشلىقى بادەي ئەپەندى قايتاردا بېيجىڭدا مائارىپ مىنىستىرى خې دوڭچاڭ بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ، ئەھۋالنى تەپسىلىي دوكلات قىلغان ۋە چاڭچۇندىكى شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىقىدىغانلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان تەييارلىق مەكتىپىدە مەخسۇس شىنجاڭ سىنىپى ئېچىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان.

1985 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە ياپونىيە تەرەپ، جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مولى موتو

ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئىچكى موڭغۇل بىلەن قەرەللىك كېلىشىم تۈزۈش ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىش كېلىشىمىنى رەسمىي قارارلاشتۇرۇش مەقسىتىدە جۇڭگوغا ئەۋەتكەن. ۋەكىللەر ئۆمىكى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۈرۈمچىگە چۈشكەن ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق رەئىسى ئىسمائىل ئەھمەد ۋە مۇئاۋىن رەئىس تۆمۈر داۋامەت قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ، شىنجاڭ ئۈچۈن مائارىپ تايانچ كۈچلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىشكە رەسمىي ماقۇللۇقىنى بىلدۈرگەن. 14 - كۈنىگىچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى نۇر تېيىپ، مۇئاۋىن نازىر ئىلەۋقان قاتارلىقلار بىلەن قايتا - قايتا ئەستايىدىل سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىچكى موڭغۇل بىلەن بولغان كېلىشىمدىكىدەك ئوخشاش شەرت ئاستىدا، بۇ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلق ھۆكۈمىتى ئەۋەتىدىغان مائارىپ ساھەسىدىن بىلىم ئاشۇرىدىغانلارنى قوبۇل قىلىش كېلىشىمى ئىمزالىغان.

بۇ چاغدا بادەي ئەپەندى ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ۋەزىپىسىدىن يۆتكىلىپ پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقاچقا، ھەمكارلىق كېلىشىمىنىڭ ئىجراسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ھاۋالە قىلىنغان. شىنجاڭنىڭ ياپونىيىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا چىقىرىش يۆنىلىشى ئاساسەن ئالىي مەكتەپلەر مائارىپى ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش بولغاچقا مائارىپ نازارىتى بۇ خىزمەتنى ئۈستىگە ئالغان. شۇنداق قىلىپ 1985 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ياپونىيىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا چىقىش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى ۋە جەمئىيەت قارىمىقىدىكى 1981 - يىلى تۈزۈلگەن «ياپونىيە ئىچكى موڭغۇل پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش كومىتېتى»نىڭ نامى «ياپونىيە - ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش كومىتېتى» دەپ ئۆزگەرتىلدى ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## كېلىشىم بەلگىلىمىلىرى، تۇنجى قاراردىكىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان باش قېتىنچىلىقلار ھەمدە ئۇلارنىڭ غەلىبىسى

ئىككى تەرەپ تۈزگەن كېلىشىمدە، شىنجاڭدىن ياپونىيىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا چىققانلارنىڭ تۇرمۇش راسخوتى، ياپونىيىگە بېرىش - قايتىش قاتناش پۇلىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كۆتۈرۈش، ھەر ئايلىق تۇرمۇش راسخوتى ئۈچۈن 80 مىڭ ياپونىيە يېنى بېرىش بېكىتىلدى. 1997 - يىلدىن باشلاپ 100 مىڭ ياپونىيە يېنى بېرىدىغان بولدى. ياپونىيە تەرەپ شىنجاڭدىن بىلىم ئاشۇرۇشقا چىققانلارنىڭ كەسپى ۋە ئارزۇسىغا ئاساسلىنىپ جەمئىيەتكە قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىش، ئورۇنلاشتۇرۇش ياپونىيىگە كىرىشكىچە بولغان ھەممە رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولۇش، شىنجاڭلىقلارنى قوبۇل قىلغان ئالىي مەكتەپلەر بۇلارنىڭ ئۆگىنىش - تەتقىقات راسخوتىنى كۆتۈرۈش، مۇمكىن بولغان ئىمكانىيەتلەردە تۇرمۇش ياردىمىدە (ياتاق بىلەن تەمىنلەش) بولۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شىنجاڭلىقلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش ۋاقتى ئىككى يىل بولۇپ (1999 - يىلدىن باشلاپ بىر يىل قىلىپ ئۆزگەرتىلدى) ئىلگىرىلەپ ماگىستىر ۋە دوكتور ئۇنۋانى ئېلىش ئوقۇشىنى قەتئىي ئويلاشماسلىق بەلگىلەندى. بىلىم ئاشۇرۇشقا چىققانلارنىڭ ياپونىيىدە تۇرۇش سالاھىيىتى ياپونىيە ئەدلىيە مىنىستىرلىكى قانۇنى 8 - ، 1 - ، 4 - ماددىسىغا ئاساسەن «مەدەنىي پائالىيەت» قىلىپ بېكىتىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن بىلىم ئاشۇرۇشقا چىققان تۇنجى قاراردىكى 13 نەپەر ئوقۇغۇچى 1985 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ياپونىيە خەلقئارالىق نارىتا ئايرودرومىدا كۈتۈۋېلىندى. 1986 - يىلى 7 - ئايدا 2 - قاراردىكىلەر، 1987 - يىلى 10 - ئايدا 3 - قاراردىكىلەر، 1988 - يىلى 6 - ئايدا 4 - قاراردىكىلەر ياپونىيىگە يېتىپ كەلدى. كېلىش ۋاقتىدا رېتىمسىزلىشىش يۈز بەرگەچكە 1990 - يىلدىن باشلاپ 4 - ئايدا كېلىش قارار قىلىندى.

ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇش مۇددىتى توشقاندا،



MIRAS

جەمئىيەت تەرىپىدىن ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، بىلىم ئاشۇرغانلارغا جەمئىيەت نامىدىن پۈتتۈرۈش تەتقىقات گۇۋاھنامىسى ۋە خاتىرە مېدالى تارقىتىپ بېرىلدى. گۇۋاھنامە تۆۋەندىكىدەك لايىھىلەنگەن.

تەتقىقات گۇۋاھنامىسى

جۇڭگو × × ئاپتونوم رايونى

تەتقىقاتچى × × × × × × × × × × ×

سىز ياپونىيە خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ھەمكارلىق جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو × × ئاپتونوم رايونى خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق كېلىشىمىگە ئاساسەن، ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن تەتقىقاتچى سالاھىيىتىدە ياپونىيىگە كېلىپ كەسپىي ساھەلەردە ئىجتىھات بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئاز بولمىغان نەتىجىلەر قازاندىڭىز. بۇ جەرياندا كېچە ـ كۈندۈزلەپ تەتقىقاتقا باش چۆكۈرۈپ، تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىش بىلەن بىللە ياپونىيە ـ جۇڭگو دوستلۇقىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈنمۇ كۆچ چىقارغانلىقىڭىزغا چوڭقۇر تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆز ۋەتىنىڭىزنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا مول تۆھپىلەر قوشۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

× × يىل × × ئاي × × كۈن

ياپونىيە خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ھەمكارلىق جەمئىيىتى

جەمئىيەت رەئىسى (تامغا)

خاتىرە مېدالنىڭ دىئامېتىرى ئالتە سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئالتە مىللىمېتىر، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىغا ياپونىيە سىمۋولى فۇجى تېغى، ئوڭ تەرەپتە توققۇز تۇياق ئات سول تەرەپتە تولۇق ئېچىلغان ياپونىيە دۆلەت گۈلى ساكۇرا (نورۇز گۈلى)غا ئىنتىلىپ چېپىۋاتقان كۆرۈنۈش ئويۇلغان.

شىنجاڭلىقلار ئۈچۈن ئىشلەنگەن مېدالنىڭ چۆرىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» سول تەرىپىگە «ياپونىيە خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ھەمكارلىق جەمئىيىتى»، تۆۋىنىگە «خەلقئارالىق مائارىپ، ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇش»دېگەن خەتلەر ئويۇلغان.

ھەمكارلىق كېلىشىمى دەسلەپتە ئىچكى موڭغۇلدىن باشلانغان بولغاچقا، موڭغۇل مىللىتىنىڭ تۇرمۇش پىسخىكىسىغا ئاساسلىنىپ ئاتنى تاللىغانىكەن. شىنجاڭمۇ قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىمۇ بۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. مېدالنىڭ ماتېرىيالى مىس ـ ئالتۇن قېتىشمىسىغا كۈمۈش يالىتىلغان. مېدالنىڭ كەينى تەرىپىگە مېدال ئالغۇچىنىڭ ئىسمى ۋە بىلىم ئاشۇرغان يىلى ئويۇلغان.

شىنجاڭدىن ياپونىيىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا چىققانلار شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرى بولغاچقا، ياپونىيە ئالىي مەكتەپلىرىدە ئۆز كەسپى بويىچە تەتقىقاتچى سالاھىيىتىدە يېتەكچى ئوقۇتقۇچى بىلەن بىرلىكتە تەتقىقات ئېلىپ باردى.

ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىمىدە ئۇنىۋان ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلماسلىق بەلگىلەنمىسى بولسىمۇ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان مۇنەۋۋەر، ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلىرىنى ياپونىيە ئالىي مەكتەپلىرىدىكى ئىلىم ـ پەن مۇھىتى، ئىنتايىن قۇلايلىق، تەتقىقات شارائىتى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوقۇش ئىرادىسىگە كەلتۈردى. ئۇلار بۇ ئارزۇسىنى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە جەمئىيەتكە ئىنكاس قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋال ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر مەمۇرىيىتىگە ۋە جەمئىيەتكە زور باش قېتىنچىلىقى كەلتۈردى.

ياپونىيە تەرەپنىڭ ئىلگىرىلەپ ئۇنۋان ئېلىش ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلماسلىقىدىكى بىر سەۋەب، خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئالىي مەكتەپلەر قارىمىقىدىكى ئاكادېمىيە (ئۇنۋان ئوقۇش سىستېمىسى) تولۇق سەپلەنمىگەن مەكتەپلەرمۇ بار بولغاچقا، ئۇنۋان ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلىنسا، شارائىتى يوق مەكتەپلەرگە كەلگەنلەر بىلەن شارائىتى ھازىرلانغان مەكتەپلەرگە كەلگەنلەر ئارىسىدا باراۋەرلىك بولماسلىقىدىنمۇ ئەنسىرىگەنىدى.

1 ـ قاراردىكىلەر «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئەڭ چەت رايونى، چەتكە چىقىپ بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتى ئاز. بۇ قېتىم جەمئىيەتنىڭ شاپائىتىدە، ياپونىيىدەك ئىلغار پەن مەدەنىيەت دۆلىتىدە بىلىم ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۇق، بۇنىڭ يەنە نېسىپ بولۇشى تەس» دېگەندەك يۈرەك سۆزلىرىنى تىنىماي ئىزھار قىلىۋەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى تۇنجى قېتىم شىنجاڭلىقلار بىلەن ئۇچرىشىش، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا

قىزىقىش، ئۇلارنىڭ بىلىمگە ئىنتىلىشتەك يۈكسەك شىجائىتىدىن، ئىقتىدارىدىن تەسىرلىنىپ «بىز شىنجاڭلىقلارنىڭ يۇقىرى بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىش ئارزۇ ـ ئارمىنىنى قوللىمساق، شىنجاڭ ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بەرمىسەك، دېگەن ۋەدىمىزگە ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىزدىن كۈتۈۋاتقان زور ئۈمىدىگە قانداق جاۋاب قايتۇرغان بولىمىز» دېگەن پىكىرگە كەلگەن، نەتىجىدە 1 ـ قارارلىقلارنىڭ ئۇنىۋان ئوقۇشىنى سەككىز ئالىي مەكتەپ قوللاپ چىقتى. جەمئىيەت مەمۇرىيىتىمۇ ئاخىرى 1 ـ قاراردىكىلەرنىڭ تەلىپىنى ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى.

شۇنداق قىلىپ شىنجاڭدىن تۇنجى تۈركۈمدە ياپونىيىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا قەدەم قويغان ياشلىرىمىز ئىجتىھاتى، جاسارىتى، ياخشى پەزىلەتلىرى بىلەن ياپونىيىلىكلەرگە ئەڭ ياخشى تەسىراتلارنى قالدۇرۇپ، كېلىشمەدىكى قائىدە ـ بەلگىلىمىلەردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ماگىستىر ـ دوكتور ئۇنىۋانى ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش پۇرسىتىنى ياراتتى. بۇ تۇنجى قاراردىكىلەرنىڭ بىلىم ئىشقىدا قولغا كەلتۈرگەن قىممەتلىك غەلىبىسى، كېيىنكىلەر ئۈچۈن ياراتقان تۆھپىسى. ئۇلاردىن توققۇز نەپەر ياش ئالتە ئايدىن كېيىن ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا كىردى. ئىككى يىلدىن كېيىن يەنى 1988 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يەتتە نەپەر ياش ماگىستىرلىق ئۇنىۋانى ئېلىپ ۋەتىنىگە قايتتى. ئىككى نەپەر ياش تېببىي دوكتورلۇق ئوقۇشىغا كىردى (ياپونىيىدە تېببىي ئۇنىۋان ئوقۇشى پەقەت دوكتورلۇق ئوقۇشى بولۇپ ماگىستىرلىق ئوقۇشى مەۋجۇت ئەمەس).

## شىنجاڭدىن بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن ھەرقايسى مىللەتلەر ئەھۋالى

جەدۋەلدە 1985 ـ يىلدىن 2001 ـ يىلغىچە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردىن ياپونىيىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ ستاتىستىكىسى بېرىلدى.

| | ئادەم سانى | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 | 1991 | 1992 | 1993 | 1994 | 1995 | 1996 | 1997 | 1998 | 1999 | 2000 | 2001 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئورگانلىرى | 4 | | | | | | | | | | 1 | | | | 1 | | 2 | |
| شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | 52 | 6 | 5 | | 4 | | 9 | | 5 | | 7 | | 4 | | | 4 | 5 | 3 |
| شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | 18 | | | | 2 | | 1 | | 2 | | 1 | | 2 | | | 3 | 2 | 4 |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى | 32 | 2 | 4 | | 3 | | 4 | | 5 | | 3 | | 3 | | | 3 | 2 | 3 |
| شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى | 43 | 2 | 8 | | 3 | | 8 | | 5 | | 9 | | | | | 3 | 2 | 3 |
| شىنجاڭ مالىيە ئىنستىتۇتى | 12 | | 1 | | 2 | | 2 | | 2 | | 2 | | | | | 1 | 1 | 2 |
| شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى | 24 | 3 | 1 | | 2 | | 3 | | 2 | | 2 | | 2 | | | 2 | 4 | 3 |
| شىنجاڭ جۇغپىي ئىنستىتۇتى | 2 | | | | | | | | | | 1 | | | | | 1 | | |
| شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى | 6 | | | | | | | | | | | | 1 | | | 2 | | 2 |
| شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى | 7 | | | | | | 2 | | 1 | | 1 | | | | | 1 | 1 | 1 |
| قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى | 16 | | 1 | | 3 | | 2 | | 3 | | 3 | | 1 | | | 1 | 1 | 1 |
| ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى | 4 | | | | | | | | | | | | 1 | | | 1 | 1 | 1 |
| خوتەن پېداگوگىكا كەسپىي مەكتىپى | 5 | | | | 1 | | | | | | | | 1 | | | 1 | 1 | 1 |
| سانجى پېداگوگىكا كەسپىي مەكتىپى | 2 | | | | | | | | | | | | | | | 1 | 1 | |
| شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى | 1 | | | | | | | | | | | | | | | 1 | | |
| | 1 | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| شىنجاڭ مائارىپ پەن ـ تېخنىكا تەتقىقات ئورنى | 1 | | | | | | | | | | | | | | | | | 1 |
| جەمئىي | 230 | 13 | 20 | | 20 | | 31 | | 25 | | 30 | | 15 | | 1 | 25 | 25 | 25 |

ياپونىيىگە ئەۋەتىلگەنلەر (ھۆكۈمەت راسخوتى بىلەن جەمئىي 230 نەپەر بولۇپ ياپونىيىدىكى 13 ئالىي مەكتەپكە 223 نەپەر ياش تەقسىم قىلىندى. قالغان يەتتە نەپەر ياش باشقا بەش ئورگانغا تەقسىم قىلىندى. شىنجاڭدىن بىلىم

ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن ھەرقايسى مىللەت نىسبىتى تۆۋەندىكىچە:

ئۇيغۇر مىللىتى 156 نەپەر، % 68.3 نى ئىگىلەيدۇ.

خەنزۇ مىللىتى 38 نەپەر % 16.5 نى ئىگىلەيدۇ.

قازاق مىللىتى 16 نەپەر % 6.5 نى ئىگىلەيدۇ.

موڭغۇل مىللىتى 12 نەپەر % 5.2 نى ئىگىلەيدۇ.

شىبە مىللىتى تۆت نەپەر % 1.7 نى ئىگىلەيدۇ.

ئۆزبېك مىللىتى ئىككى نەپەر % 0.9 نى ئىگىلەيدۇ.

تاتار مىللىتى بىر نەپەر % 0.4 نى ئىگىلەيدۇ.

چاۋشيەن مىللىتى بىر نەپەر % 0.4 نى ئىگىلەيدۇ.

230 ياشتىن دوكتور ئۇنۋانى ئالغانلار 55 نەپەر، ماگىستىر ئۇنۋانى ئالغانلار 21 نەپەر، دوكتور ئاشتى بولۇپ ئىشلىگەنلەر 14 نەپەر، دوكتور ئاسپىرانتلىقنى ئوقۇۋاتقانلار يەتتە نەپەر بولۇپ، جەمئىي ئۇنۋان ئالغانلار 97 بولۇپ، بۇ %41 نى ئىگىلەيدۇ.

1 ، 2 ، 3 ـ تۈركۈمدە كەلگەنلەر 33 بولۇپ، بۇلار ئىچىدىن دوكتور ئۇنۋانى ئالغانلار 18 نەپەر، ماگىستىر ئۇنۋانى ئالغانلار يەتتە نەپەر، دوكتور ئاسپىرانتلىقنى ئوقۇۋاتقانلار ئىككى نەپەر، بۇ % 82 نى ئىگىلەيدۇ.

يۇقىرىقىلار ماگىستىر ئۇنۋانىنى ئېلىپ بولۇپ ۋەتەنگە قايتىپ، قايتىدىن ياپونىيىگە كېلىپ دوكتورلۇق ئوقۇشىغا كىرىپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان.

4 ـ قارارىدىن باشلاپ، ياپونىيە تەرەپ قاتتىق پىرىنسىپ قوللىنىپ، ئۇنۋان ئوقۇشىنى ئىلتىماس قىلغانلارغا يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ۋە قوبۇل قىلماقچى بولغان مەكتەپ ئېتىراپ قىلغان ئەھۋالدا، ياپونىيىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇنۋان ئوقۇشىغا ئىمتىھان بېرىشكە قاتنىشىپ، بەلگىلەنگەن پۈتتۈرۈش قەرەلىدە ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىپ، ئاندىن قايتا كېلىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

## كېلىشىمگە خىلاپ ئەھۋاللار ۋە كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەر

كېلىشىمدە، شىنجاڭدىن بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلەرگە قوشۇمچە ئىشلەش، ئىككى يىل جەريانىدا ئائىلىسىنى كۆرۈشكە قايتىش ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى چاقىرتىش قاتارلىقلار چەكلەنگەنىدى.

بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلەرنىڭ ياپونىيىدە تۇرۇش سالاھىيىتى «مەدەنىي پائالىيەت» بولغاچقا ئۆگىنىش ـ تەتقىقاتتىن سىرت ئىش تېپىپ ئىشلەشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئۆز دائىرىسىدە قىسقا ۋاقىت تەكلىپ بىلەن ئىشلەشكە توغرا كەلسە، ئالدىنئالا ئەدلىيە مىنىستىرلىكىگە تەكلىپ قىلغۇچى ئورۇن ئىلتىماس قىلىپ، ئۆز سالاھىيىتىدىن تاشقىرى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش رۇخستى ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغانلارنىڭ يوشۇرۇنچە ئىشلىشى ياپونىيىدە تۇرۇش سالاھىيىتىگە توغرا كەلمەيدۇ.

شىنجاڭ ھۆكۈمىتى تۇرمۇش راسخوتى بىلەن تەمىنلىگەچكە، بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلەر ئۆز كەسپىي ساھەسىدە ئۆگىنىش ـ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. تۆتىنچى قارارىدىكىلەر دەسلەپكى يىللاردا قوشۇمچە ئىشلەپ پۇل تېپىش خىيالىدىمۇ بولمىغان، كېيىنكى يىللاردا ئۇنۋان ئوقۇشى ئۈچۈن (ئىككى يىلنى تاماملاپ قايتا ئوقۇشقا كەلگەنلەر شەخسىي خىراجىتى بىلەن ئوقۇغان) ئوقۇش پۇلى تېپىش، تۇرمۇش خىراجىتى، ئائىلىسىنى بېقىش موھتاجلىقى تۈپەيلى ئىشلەش زۆرۈر بولغان ئەھۋاللارمۇ بولغان، جىددىي ئۆگىنىش ـ تەتقىقات ئىشىدىن يەنە ۋاقىت چىقىرىپ، ئوقۇتقۇچىسىدىن يوشۇرۇنچە ئىشلەش بارا ـ بارا ئومۇمىيۈزلۈك كەڭ كۆلەمدە ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى.

دەسلەپ قوشۇمچە ئىش تېپىپ ئىشلىگەن ئەھۋالنى ياپونىيە تەرەپ بىلمىگەنىدى. بىر قېتىم ئىشلەۋاتقانلاردىن بىرى قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراش سەۋەبىدىن پاش بولۇپ قالدى. بۇ پېشكەلچىلىك ياپونىيە تەرەپكە زور كۆڭۈلسىزلىك ۋە مالاللىق كەلتۈرۈپ چىقاردى. ياپونىيە تەرەپ بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلەرگە ئىشلەپ پۇل تاپماسلىق ھەققىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. بىراق كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھېچ كىممۇ بۇنىڭغا ئەمەل قىلغىنى يوق.

ئىككى تەرەپ كېلىشىم تۈزۈش مەسىلىسىدە، ياپونىيە تەرەپ جۇڭگونىڭ ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ماقارىپ بۆلۈمىدىن جۇڭگودىن ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە بىلىم ئاشۇرۇشقا چىقىدىغانلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە ـ پىرىنسىپلار توغرىسىدا پىكىر ـ مەسلىھەت سورىغان.

ئەينى چاغدا جۇڭگودىن ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن بىلىم ئاشۇرۇشقا چىققانلارغا ئۆگىنىش جەريانىدا ئائىلىسىنى كۆرۈپ كېلىشكە قايتماسلىق، ئائىلىسىدىكىلەرنى چاقىرتماسلىق دېگەن بەلگىلىمىلەر بولغان (1980 ـ يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمەت راسخوتى بىلەن بىلىم ئاشۇرۇشقا چىققانلار ئۈچۈن چىقىرىلغان بەلگىلىمىسى) شۇڭا

ياپونىيە تەرەپمۇ كېلىشىمگە بۇ بەلگىلىمىنى كىرگۈزگەن ۋە ئىككى يىل جەريانىدا ئائىلىسىگە بىرىپ كېلىدىغان سەۋەبلەر — ئاتا – ئانا، بالا – چاقىلىرىدىن ئەنسىرەش، سېغىنىش قاتارلىق نورمال ھادىسىلەر تۈپەيلى ئائىلىسىنى كۆرۈپ كېلىدىغانلار كۆپەيگەچكە، زۆرۈر ئەھۋالدا شەخسىي چىقىم قىلىپ بىرىپ كەلسە بولىدۇ. ئەگەر بىر ئاي رۇخسەت سورىسا، بىر ئايلىق تۇرمۇش پۇلىنى شىنجاڭ ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇشى كېرەك، دېگەن تەلەپنى قويغان، بىراق بۇ رەسمىيلەشتۈرۈلمەي ئىشقا ئاشمىدى.

چەت ئەللەرگە خالىغانچە چىقىش يولغا قويۇلمىغان، جۇڭگو بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىلىم ئاشۇرۇشقا ياپونىيىگە چىققانلار ئۆزلىرى كۆرگەن ياپونىيە جەمئىيىتىنى – ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى، تەرەققىياتىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە كۆرستىش ئارزۇسى تەبىئىي ئەھۋال. شۇڭا بۇنىڭغا چەك قويۇشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ياپونىيە تەرەپ ئويلاشتى. بىراق ئۇلار شىنجاڭدىن ئائىلىسىدىكىلەر كەلسە، تۇرالغۇ ياتاق مەسىلىسىنى قانداق قىلىدۇ؟ بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلغان مەكتەپلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۈچۈن قونالغۇ جاي تەييارلاش مەجبۇرىيىتىمۇ، مەسئۇلىيىتىمۇ يوق، شارائىتى بار مەكتەپلەرنىڭ بىر كىشىلىك ياتاق ھەل قىلىپ بەرگىنى چوڭ ئىلتىپات كۆرسەتكىنى، دەپ ئىنچىكىلەپ ئويلاشقان. بۇ مەسىلە ياپونىيە تەرەپكە چوڭ بىر باش قېتىنچىلىقى بولدى. لېكىن، ئائىلىسىدىكىلەرنى چاقىرتقانلار ياپونىيەلىك دوست – بۇرادەرلىرىنىڭ ياردىمى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىزدىنىشى بىلەن قونالغۇ جاي مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلدى. ئاز بولمىغان ئائىلىلەر ياپونىيىدە جەم بولۇپ بىرگە ياشىدى. ھەتتا جۈرىلىرىنىڭ ئوقۇشىنى ھەل قىلدى. ئۇلاردىن ئۇنۋان ئالغانلارمۇ بولدى.

1987 – يىل 8 – ئاينىڭ 10 – كۈنىدىن 14 – كۈنىگىچە ياپونىيە – جۇڭگو دوستلۇق سارىيى باشقۇرغان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يازلىق تەتىل ساياھىتىگە، جەمئىيەت ئالاقە قىلىپ، ئىچكى موڭغۇل ۋە شىنجاڭلىق بولۇپ 43 كىشىنى ناگانوغا ئېلىپ باردى.

شىنجاڭدىن بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن × × يېڭى توي قىلغان ئايالىنى 6 – ئايدا ياپونىيىگە ئەۋلىيا بىبى مەريەم تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەكەلگەن. بۇ ساياھەتكە ياش ئەر – ئايالمۇ بارغانىدى.

ياپونىيە تۇپرىقىدا ئۆگىنىش، تەتقىقات بىلەن ئۆتتۈۋاتقان شىنجاڭلىقلار ئۈچۈن تۇنجى قېتىم چوڭ يىغىلىشىپ، بىللە ساياھەت قىلىش پۇرستى ھەددىدىن زىيادە خۇشاللىق ئاتا قىلغانىدى.

ساياھەت يەرلىك ئاھالە بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش — بىللە تاماق ئېتىپ يېيىش، ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئۆيىدە قونۇش، ناگانونىڭ يازلىق گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش قاتارلىق ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە ئىدى.

8 – ئاينىڭ 12 – كۈنى كەچتە يىغىلىپ خۇددى شىنجاڭدا ئولتۇرۇش قىلغاندەك ھەممە باللار ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇسسۇل – تانسىنى پۈخادىن چىققۇدەك ئويناپ، يۈرۈشلەشكەن ناخشىلارنى توۋلاپ (ھازىرمۇ ھەيرانمەن خۇددى كەسپىي ناخشىچىلاردەك) قىنى – قىنىغا پاتمىغانىدى. ياتاق باشقۇرغۇچى خادىم چىراغ ئۆچۈرۈش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، شىنجاڭلىقلارنىڭ ئالەمچە خۇشاللىقىغا قاراپ، تۈزۈمگە خىلاپ ھالدا ئۈن چىقماي باللارنىڭ تاماشاسىغا ھەيرانۇ ھەۋەستە قاراپ تۇرۇپلا قالغانىدى.

8 – ئاينىڭ 13 – كۈنى ئىختىيارىي پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ھەممە باللار كۆلدە قېيىقتا ئۈزۈپ ئويناماقچى بولدى. ئاخشامقى شادلىقتىن سەگىمىگەن باللار خىلۋەت كۆل مەنزىرىسىدىن تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ، قېيىقتا سۇ چېچىپ ئويناشقا باشلىدى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز بىر قېيىقنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى... دەھشەتتىن ئەس – ھوشىمىزنىمۇ يىغالماي قالدۇق، نېمىلەر بولدى؟ ئىككى بالا سۇدىن تارتىپ چىقىرىۋېلىندى. بىرسى چۆكۈپ كەتتى. ئۇ × × نىڭ ئايالى ئىدى...

بۇ كۆل چەت – ياقا تاغلار ئارىسىدىكى خىلۋەت جايدا بولۇپ قۇتقۇزۇش چەمبىرىكى قاتارلىق ئەسلىھەلەر يوق ئىكەن. كۆلنىڭ چوڭقۇرلۇقى 7 – 5 مېتىر بولۇپ، سۇ سۈزۈك ئەمەس ئىدى. قۇتقۇزۇش خادىملىرى سۇغا شۇڭغۇغان بولسىمۇ، تاپالمىدى. ئاخىر تىكەنلىك سىم ئاغامچىغا تاش باغلاپ كۆلگە چۈشۈرۈپ، ئىككى قېيىق سۆرىتىپ قىزنى قىرغاققا ئېلىپ چىقتى. ئىچىمىزدىكى دوختۇرلار دەرھال سۈنئىي نەپەسلەندۈردى. قۇتقۇزۇش ماشىنىسى كېلىپ دوختۇرخانىغا يۆتكىدى. يول بويى توختىماي نەپەسلەندۈرۈپ باردى. ئەسلىدە ھېچقانداق ئۈمىد قالمىغان بولسىمۇ، بىر ئامال قىلىپ قۇتقۇزىۋېلىش ئۈمىدىدە بولغانىدۇق.

قولۋاق ئاغدۇرۇلغان ۋاقىت 11:30 ئەتراپى ئىدى. قىزنى كۆلدىن ئېلىپ چىققۇچە ئىككى سائەتتىن كۆپرەك

ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. دوختۇرنىڭ ھۆكۈم قىلىشىچە، ۋاپات بولغان ۋاقىت سائەت 2 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە دەپ جەزىملەشتۈردى. ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگەن تولىمۇ گۈزەل، پەرىشتىدەك مۇلايىم ـ مېھرىبان، سۆيۈملۈك بىر قىزىمىز ئارىمىزدىن كېتىپ قالدى. بۇ بىز ئۈچۈن ھەددىدىن تاشقىرى تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغدۇرالمىغۇدەك ئازاب بولدى.

ئۆز ئىچىمىزدىن بىرى تولۇق دىنىي ئۆرپ ـ ئادىتىمىز بويىچە جەسەتنى يۇيۇپ كېپەنلىدى. مەھەللە كومىتېتى تەييارلاپ بەرگەن ئاقنى بېلىمىزگە باغلاپ، بېشىمىزغا سېلىپ، ئىچ ـ ئىچىمىزدىن بۇلدۇقلاۋاتقان پىغانلىق يىغىمىز بىلەن جەسەتنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ ۋىدالاشتۇق.

جەسەتنى توكيوغا قايتۇرۇپ كىردۇق. جەسەتنى ئۆرۈمچىگە ئېلىپ كېتىپ، ئۆز دىنىي ئۆرپ ـ ئادىتىمىز بويىچە يەرلىككە قويۇش تەلىپىمىز شەكسىز قوبۇل قىلىندى. ئۈرۈمچىگە بارغۇچە جەسەتنىڭ چىرىمەي، ئۆزگەرمەي بېرىشى ئۈچۈن ئەۋلىيابىبى مەريەم تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسى يۇقىرى تېخنىكىلىق چارە ـ تەدبىرلەرنى قىلدى. يولغا چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا، ھەر كۈن كەچ ئىككى ئوغۇل بالا نۆۋەتچى بولۇپ، چىراغ يېقىپ جەسەتنى ساقلىدۇق.

جەسەتنى ئۇزۇتۇشلۇق يۈتكەش رەسمىيەتلىرى پۈتكۈچە توكيودا ئۈچ نەزىرىسى ۋە يەتتە نەزىرىسىنى ئۆتكۈزدۇق، بىر بالىمۇ تارقاپ كەتمەي جەسەتنى ئۇزاتقىچە دەرقەمدە تۇردۇق، ياپونىيىلىك ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان دوستلار ھەممىمىزنىڭ تامىقىغا مەسئۇل بولۇپ، كۈندە يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى يەتكۈزۈپ بەردى. توكيو ۋە ئەتراپىدىكى مەكتەپلەردە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، تونۇش ـ بىلىشلىرى ئۇزۇلمەي پەتىگە كېلىپ تۇردى ۋە قاتتىق قايغۇرۇشتى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نارىتا خەلقئارا ئايرودرومىدا ھەممىمىز يىغىلىپ، ئاخىرقى قېتىم خەتنەقۇرئان قىلىنىپ، ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئېرى ۋە ئىككى بالا بىللە ھەمراھ بولۇپ جەسەتنى بېيجىڭگە، ئاندىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ ماڭدى.

بۇ ھادىسە شۇ كۈنىلا ياپونىيىدە تېلېۋىزور ۋە گېزىتلەردە خەۋەر قىلىندى. ئامانلىق ساقچى مەھكىمىسى تىك ئۇچار ئايروپىلاندا نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. مەسئۇلىيەت سۈرۈشتۈرۈلدى.

بۇ پاجىئە، ئىختىيارىي پائالىيەت ۋاقتىدا يۈز بەرگەن ۋە قېيىققا چىقىشنىڭ ئالدىدا جەمئىيەتنىڭ مەسئۇل كادىرى قاتتىق دىققەت قىلىشنى ئاگاھلاندۇرغان بولغاچقا، مەسئۇلىيەت ۋاپات بولغۇچىدا، دەپ قارالدى.

جەسەتنى يۈتكەش ۋە بارلىق چىقىمنى ئەۋلىيابىبى مەريەم تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. جەمئىيەتمۇ تېگىشلىك ياردەمدە بولدى.

بۇ ئىشلاردىن سىرت، بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلەر ئىچىدە ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، چەت ئەللەردىكى مۇساپىرلىق، غېرىبلىققا كۆنەلمەي روھىي ئاجىزلىقى تۇتۇپ بېرىپ، نورمالسىز بولۇپ قايتىپ كەتكەنلەرمۇ بولدى.

## دوستلۇق ياردىمى ۋە ساخاۋەت پائالىيەتلىرى

شۇ چاغلاردا ياپونىيىنىڭ جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋىتى نورماللىشىپ، جۇڭگونى چۈشىنىش ۋە قىزىقىش كەيپىياتى ئۆرلىگەن ھەمدە يېڭىياچە شىنجاڭلىقلار بىلەن ئۇچرىشىش، ئۆزگىچە مەدەنىيەت پىسخىكىسى بىلەن تونۇشۇش كۈچلۈك قىزىقىشلار تەبىئىي ھالدا شىنجاڭلىقلارغا دوستانە ياردەم قىلىش، كۆيۈنۈش دولقۇنى كۆتۈردى.

قىسمەن مەكتەپلەرنىڭ شارائىتىدا تۇرالغۇ ياتاق مەسىلىسى ھەل قىلىنغان بولسىمۇ، بەزى مەكتەپلەر بولۇپمۇ، توكيو شەھەر ئىچىدىكى مەكتەپلەردە بۇ شارائىت بولمىغاچقا، توكيودا ئولتۇرۇشلۇق يامانوئۇچى ئەر ـ ئايال ئىككى قەۋەتلىك ئۆيىنى ئەرزىمىگەن ئايلىق ھەق بىلەن شىنجاڭلىقلارغا ئىجارىگە بەردى ۋە تۇرمۇشقا لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ بەردى.

چىبا ۋىلايەت ناگارې ياما شەھەرلىك چوڭ يەر ئىگىسى خاسۇمىنىڭ تۇرالغۇسى توكيو تەبىئىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تارماق مەكتىپىنىڭ يېنىدا ئىدى، مەكتەپ مۇدىرىيىتى 2 ـ قارارلىق بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن پەرىدە ياسىن ئۈچۈن ياتاق مەسىلىسىدە ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنگەندە بىر يۈرۈش ياتاق ئۆي ئاجرىتىپ بەردى. پەرىدەنىڭ تىرىشچانلىقى، مۇلايىم، خۇشخۇي، چىقىشقاق تەبىئىتى خاسۇمى ئائىلىسىدىكىلەرگە تولىمۇ ياخشى تەسىرات قالدۇرغان. شۇنىڭ تۈرتكىسى ۋە شىنجاڭلىقلار بىلەن قويۇق ئارىلىشىش نەتىجىسىدە خاسۇمى شىنجاڭدىن بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلەر ئۈچۈن، ئىككى قەۋەتلىك زامانىۋى ياتاق بىناسى سالدۇرۇپ ئون يۈرۈش ئۆيىنى ھەقسىز (توك، سۇ، گاز ھەققىمۇ) تەمىن ئەتتى. بۇ ئەھۋال ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، دەسلەپكى يىللاردىكىدىن

بەكمۇ پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. چۈنكى روھىيىتىمىزدىكى تولىمۇ ناچار ئىللەتلەر (بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەي، چېقىمچىلىق قىلىش قاتارلىق) خاسۇمىدا ئۈمىدسىزلىك ۋە بىزارلىق تۇيغۇسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

شىنجاڭدىن بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كوللېكتىپ ھالدىكى ياپونىيە ـ شىنجاڭ دوستلۇق ھەمكارلىق ئۇيۇشمىلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

## كيۇشيۇ يىپەك يولى ھەمكارلىق ئۇيۇشمىسى

1988 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مائارىپ ۋەكىللەر ئۆمىكى ياپونىيىگە زىيارەتكە كەلگەندە، كيۇشيۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلغان. بۇ چاغدا ئۇنىۋېرسىتېت تەشەببۇسكارلىق بىلەن «كيۇشيۇ يىپەك يولى ھەمكارلىق ئۇيۇشمىسى» قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ شىنجاڭدىن بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلەرگە ياردەم، ھەمكارلىق پائالىيىتىنىڭ تۇنجى قەدىمىدۇر. بۇ ئۇيۇشما قۇرۇلۇپ كېيىنكى يىلى ۋە 1999 ـ يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ يېزا ئىگىلىك پەنلىرى فاكۇلتېتى ۋە سانائەت پەنلىرى فاكۇلتېتىغا شىنجاڭلىقلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلغان.

## ياپونىيە ـ تەڭرىتاغ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۇيۇشمىسى

بۇنى كيوتو ـ ئوساكا ـ كوبېدىكى شىنجاڭدىن بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلەرنى ئوبيېكتى قىلغان، ياماموتو ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلەر بىلەن ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىن باشقا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوقۇش مۇكاپات پۇلى تارقىتىش پائالىيىتىنىمۇ ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

## ياپونىيە يىپەك يولى كۇلۇبى

ھۆكۈمەت راسخوتى بىلەن بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلەر ھەممە جەھەتتىن ياخشى شارائىت، خاتىرجەم ئوقۇش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئېتىلگەن بولۇپ، ياپونىيە تۇپرىقىغا قەدەم تاشلىغاندا جەمئىيەت مەمۇرىيىتى تەرىپىدىن كۈتۈۋېلىنىدۇ، مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. مەكتەپ ھەيئەت رىياستى مۇدىرى، مەكتەپ مۇدىرى، فاكۇلتېت مۇدىرى قاتارلىقلار قوبۇل قىلىپ ھال ـ ئەھۋال سورايدۇ. قىيىنچىلىقى بولسا، دەرھال ئىنكاس قىلىشنى تاپىلايدۇ. ھەر ئايلىق تۇرمۇش راسخوتى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغاچقا، خاتىرجەم ئوقۇش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان بولىدۇ.

بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلەر بارا ـ بارا ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى ياپونىيىگە چاقىرىش، مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش، ئۆز خىراجىتى بىلەن ياپونىيىدە ئوقۇش قىزغىنلىقى بارلارغا خالىسانە ياردەمدە بولۇشقا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن مەكتەپ ئوقۇشۇش، ئىش تېپىش، تۇرالغۇ غېمى قاتارلىق مەسىلىلەر شىنجاڭلىقلارنىڭ باش قېتىنچىلىقى بولدى. بۇ جەھەتتە ياپونىيە يىپەك يولى كۇلۇبى چوڭ ياردەمدە بولۇپ، كەلمەكتە. 1995 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «ياپونىيە يىپەك يولى كۇلۇبى» قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ۋە ياپونىيە خەلقلىرىنىڭ دوستلۇق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش پائالىيىتىنى باشلىدى. بۇ كۇلۇب، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىنى، ئۇسسۇل سەنئىتىنى مەركەز قىلىپ، ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى. بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن ياپونىيىلىكلەر ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلار يەنە ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى تۈزۈش، شىنجاڭدىكى نامرات يېزىلاردىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوقۇش ياردەم پۇلى ئىئانە قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

## قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر

ياپونىيىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا چىققانلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ناھايىتىمۇ زور بولدى. بۇ ياپونىيە تەرەپنىڭ شىنجاڭ ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىش ھەمكارلىقىنىڭ تۆھپىسىدۇر.

ئوقۇشنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ، ئۆز كەسپىي ساھەسىدە، جەمئىيەتتە بەلگىلىك تۆھپىلەر قوشۇپ، رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقانلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ۋەكىل قىلىپ بىر قانچىسىنىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

1. بىرىنچى قاراردىكىلەر ئىچىدە ئەڭ ياش ئىختىساس ئىگىسى زەپەر ئابلىز، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن تاللىنىپ، ياپونىيە مېي سېي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئۇ ئي دا ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ماگىستىر ئۇنۋانىنى ئېلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ 1991 ـ يىلى 4 ـ ئايدا 2 ـ قېتىم توخو ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەتقىقاتچى سالاھىيىتى بىلەن تەكلىپ قىلىنىپ، 1993 ـ يىلى دوكتور ئۇنۋانىنى ئالغان. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، جۇڭگو بويىچە دورىگەرلىك تەتقىقاتىدا

ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇن بېيجىڭ جۇڭگو تېببىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دورىلىق ماتېرىياللار تەتقىقات ئورنىدا دوكتور تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ ياش پروفېسسورلار ۋەكىلى سۈپىتىدە دوكتور يېتەكچىسىدۇر. ئۇ يەنە ئاكادېمىيە ئىلمىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بېيجىڭ شۇەنۋۇ رايونى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، دۆلەتلىك دورا ماتېرىياللار باشقۇرۇش مەھكىمىكىسىنىڭ تەكشۈرۈش ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە.

2. تۆتىنچى قارارلىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن تاللانغان مۇنەۋۋەر ياش تاشپولات تېيىپ، توكيو تەببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئوباياشى پروفېسسورنىڭ يېتەكچىلىكىدە دوكتور ئۇنۋانىنى ئېلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ، ئۆز كەسپىدە زور نەتىجىلەر يارىتىپ، ياپونىيە بىلەن بىرلىشىپ تەتقىقات ئىشلەش، دوكتورلۇق ئىلمىي دىسسېرتاتسىيىسىنى ئەمەلىي ئىشلىتىپ، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۆلچەش خىزمىتىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە.

3. بەشىنچى قارارلىق شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىدىن تاللانغان ئىقتىدارلىق تەتقىقاتچى مەمتىمىن غىنى، توكيو تەببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى كىكۇچى پروفېسسورنىڭ يېتەكچىلىكىدە دوكتور ئۇنۋانىنى ئالغاندىن كېيىن، ياپونىيە ئىلىم-پەننى گۈللەندۈرۈش فوندىنىڭ «ئالاھىدە تەتقىقاتچى» مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، شۇ مەكتەپتە ئىككى يىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. 1999-يىلى 12-ئايدا مەكتىپىگە قايتىپ، ئۆزى ئىقتىساد چىقىرىپ، 2000-يىل 4-ئايدا تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇپ، ياش بىلىم ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش، يېتەكلەشتە تۆھپىلەر قوشماقتا. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو غەربىي شىمال سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتور يېتەكچىسى.

مەمتىمىن ۋەتەنگە قايتىشنىڭ ئالدىدا شۇ چاغدىكى ياپونىيە مائارىپ مىنىستىرى ناكاسونى (سابىق ياپونىيە باش ۋەزىرى ناكاسونىنىڭ ئوغلى) بىلەن كۆرۈشۈش شەرىپىگە ئېرىشتى. ناكاسونى شىنجاڭلىق ياشلارنىڭ ئۇنۋان ئېلىپ قايتىپ، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىدىن تولىمۇ خۇشال بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ياپونىيىدە بىلىم ئاشۇرۇپ قايتقانلار ئىچىدە ئۆز كەسپىدە نەتىجىلەر قازانغاندىن باشقا جامائەتچىلىك خىزمىتىدە ۋەزىپە ئۆتىگەنلەرمۇ بولدى.

1-قارارىدىن مەريەم ساقىم جۇڭگو سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا، 4-قارارىدىن چىمەن يۇنۇس سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئەزالىقىغا سايلىنىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

ياپونىيىدە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان شىنجاڭلىقلار شىنجاڭنىڭ ئىلىم-پەن، ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ۋە قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇش مەقسىتىدە تەتقىقاتچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئىلىم-پەن ئالماشتۇرۇش پۇرسىتى يارىتىپ، ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى دوكلات قىلىش ئىلمىي پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى.

1998-يىل 10-ئاينىڭ 19-كۈنى توكيو تەببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نودا شەھىرى تارماق مەكتىپىنىڭ ئىلمىي پائالىيەت زالىغا 70-60 دەك ياپونىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان-ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىقلار يىغىلىپ ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ئىلمىي ماقالىلەر ئوقۇش مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

ھۆكۈمەت راسخوتى بىلەن چىققانلار ۋە شەخسىي راسخوتى بىلەن چىققانلارنىڭ يىغىندا ئوقۇغان ۋە ئەۋەتىلگەن ماقالىلەردىن 52 پارچە ماقالە 1999-يىلى 7-ئايدا، مەمتىمىن غىنى ۋە ئېلىيار شەيخىدىنلارنىڭ زور كۈچ چىقىرىشى ۋە ئەستايىدىل ئىشلىشى بىلەن «ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى ۋە ئالىي پەن تەتقىقاتى-ئۈمىد» سەرلەۋھەسىدە چوڭ ھەجىملىك توپلام بولۇپ نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى بادەي ئەپەندى ۋە ياپونىيە خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مولى موتو ئەپەندى بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

2-قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 1999-يىل 10-ئاينىڭ 30-كۈنى سايتاما ۋىلايىتىدىكى توكيو ئېلېكتر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا ياپونىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 50 چە شىنجاڭلىق كەلدى ۋە قىزىقارلىق ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇدى. بېيجىڭ تېببىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلەۋاتقان زەپەر ئابلىز يىغىنغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. ئىپتىخار ۋە جۇشقۇنلۇق ئىچىدە 3-قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ھەققىدە پىكىر-تەكلىپلەرنى بېرىشتى.

3-قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 2001-يىلى 10-ئايدا چىبا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلدى.

(ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە ئوقۇتۇشى كافېدراسىدىن)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# بىزنىڭ تۇرمۇش يولىمىز



ئېرىخ فروم

مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئامېرىكىلىق ئىستېمالنى بەخت دەپ چوقۇنىدىغان، لەززەتكە ئىنتىلىدىغان، ساياھەتكە ئامراق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بۇ جەمئىيىتىمىز مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە بەخت ياراتتى، دەپ قارايدۇ. ئەكسىچە مەن ھازىرقى تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز بىزنى تېخىمۇ كۆچىيىۋاتقان پەرىشانلىققا، غېرىبلىققا دۇچار قىلىپ، ئاخىرىدا ئۆز مەدەنىيىتىمىزنىڭ يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارايمەن. مەن ئويۇننى خۇشاللىق بىلەن، ئىستېمالنى لەززەت بىلەن، ئالدىراشلىقنى بەخت بىلەن، مەۋقەسى يوق مىننەتخور «ئورگان ئادەملىرى» بىلەن مۇستەقىل ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە ئادەملەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشنى خالىمايمەن.

بۇ، تەنقىدىي نۇقتىدىن قارىغاندا، جەمئىيىتىمىزدىكى ھاراقكەشلىك، ئۆلۈۋېلىش، نىكاھدىن ئاجرىشىش، شۇنداقلا ياشلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتىنىڭ ئېشىشى، قارا گۇرۇھلار، زوراۋانلىق، تۇرمۇشتىن سوۋۇش دېگەنلەر «كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر ئىلمى»دىكى تىپىك ئالامەتلەردۇر. بەلكىم بەزىلەر بۇ ئالامەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، بىزنىڭ تېخى ئۆزىمىز مەقسەت قىلغان پاراۋان جەمئىيەتكە يېتەلمىگەنلىكىمىز سەۋەبىدىن بولغان، دېيىشى مۇمكىن. توغرا، بىز تېخى پاراۋان جەمئىيەتكە يېتىشتىن تېخى يىراق. بىراق يېقىنقى 20 يىل ئىچىدىكى ماددىي تەرەققىياتلار بىزنى تۇرمۇشىمىزنىڭ ئاخىرى بىر ماددىي پاراۋان جەمئىيەت قۇرۇپ چىقالايدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلىشقا يېتەرلىك ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. بىراق بىز شۇنىڭ بىلەن بەختلىك بولالارمىزمۇ؟ شۋېتسارىيىنى مىسالغا ئالايلى، شۋېتسارىيە ياۋروپادىكى ئەڭ باي، دېموكراتىك، تىنچ دۆلەت. ئەمما، ئۇ دۆلەتنىڭ ئەھۋالى ئادەمنى ئۈنچىۋالا ئۈمىدلەندۈرەلمەيدۇ.

ئادەتتە ھەمىشە تىلغا ئېلىنغاندىكىدەك، گەرچە بۇ بىر ماددىي جەھەتتە ناھايىتى تەرەققىي قىلغان دۆلەت بولسىمۇ، ئۇ ياۋروپادىكى هاراقكەشلىك، ئۆلۈۋېلىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ئىرلاندىيە ئۆزى بىر نامرات دۆلەت بولسىمۇ، بۇ جەھەتتە ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى ئورۇندا. بىزنىڭ ماددىي بايلىق بەخت ئېلىپ كېلىدۇ، دەيدىغان ئارزۇلىرىمىز راستتىنلا بىر چۈش بوپقالارمۇ؟

بىزنىڭ ئىدېئولوگىيە پېشۋالىرىمىز بولغان 18، 19 ـ ئەسىرلەردىكى گۇمانىست مۇتەپەككۇرلار ياشاشتىن مەقسەت ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق نامايان قىلىش، دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ كۆزدە تۇتقىنى توقفۇزى تەل ئادەملەر ئەمەس، بەلكى ۋۇجۇدى باي ئادەملەردۇر. ئۇلارغا نىسبەتەن ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئادەمنىڭ ئۆزىنى نامايان قىلىشتىكى بىر ئۇسۇلى. ھەرگىزمۇ مەقسەت ئەمەس، بىراق بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئاللىقاچان مەقسەتكە ئايلىنىپ قالدى. خۇددى نىتزى 19 ـ ئەسىردە ئېيتقاندەك «خۇدا»لا ئەمەس، ئەمدىلىكتە ئادەملەرمۇ ئۆلدى، تىرىك قالغىنى پەقەت ئورگانلار، ماشىنىلارلا بولدى. ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئىگىسى ئەمەس، قۇلىغا ئايلىنىپ قالدى.

ھەر بىر جەمئىيەت ئۆزىنىڭ ئائىلە تەربىيىسى، مائارىپ تۈزۈمى، ئۆزىنىڭ ئۈنۈملۈك قىممەت قارىشى (تەشۋىق قىلمىسىمۇ جەمئىيەت ئەزالىرىغا تەبىئىي مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان) ئارقىلىق ئۆزىگە خاس ئادەم تىپى، ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىگە زۆرۈر بولغان «ئىجتىمائىي خاراكتېر» يارىتىدۇ ھەم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىشنى خالايدىغان ئادەملەرنى يېتىشتۈرىدۇ. ئەمما، بىزنىڭ بۇ بيۇروكراتلىشىپ كەتكەن كېلەچەكسىز سانائەت جەمئىيىتىمىز قانداق تىپتىكى ئادەملەرگە ئېھتىياجلىق؟

ئۇ، ئورگان ـ گۇرۇپپىلاردا ئاسان ھەمكارلىشالايدىغان، يۇقىرى ئىستېمالنى قوغلىشىدىغان ئادەملەرگە موھتاج. بۇنداق

كىشىلەرنىڭ ئىشتىيى ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن، ئۇلارغا ئاسانلا تەسىر كۆرسەتكىلى، ئۇلارنى ئوڭاي بىلگىلى بولىدۇ. ئۇ، ئۆزىنى ئەركىن، مۇستەقىل دەپ قارايدىغان، شۇنداقتىمۇ باشقۇرۇلۇشنى خالايدىغان، باشقىلار كۈتكەننى قىلىدىغان، ئىجتىمائىي ماشىنىلار ئىچىدە غىچىلدىماي سىلىق ئىشلىنالايدىغان ئادەملەرگە موھتاج، بۇنداق كىشىلەرنى مەجبۇرلىمايمۇ باشقۇرغىلى، يېتەكچىسىز يېتەكلىگىلى بولىدۇ. ئۇلار تىرىش، ئالغا باس، دېگەن مەقسەت ئۈچۈنلا ھەرىكەت قىلىدۇ.

ھازىرقى زامان سانائىتى بۇنداق ئادەملەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇ بىر «ياتلاشقان» ئىنسانلاردۇر. بۇ ئاقىۋەت ئۇلارنىڭ ئۆز پائالىيىتى ۋە كۈچىدىن مەھرۇم قالغانلىقىدىن بولدى. ئۇلار مەھرۇم بولغان بۇ پائالىيەت ۋە كۈچ ئەمدىلىكتە مەزكۇر ئىنسانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن قارشىلىشىدۇ. ئۇلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلماي، ئەكسىچە ئۇلارنى باشقۇرىدۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاللىقاچان بۇيۇم ۋە ھەر خىل تۈزۈملەرگە ئايلىنىپ كەتكەن ھەم بۇ نەرسىلەر ئۇلارغا نىسبەتەن ئاللىقاچان مەبۇدقا ئايلانغان. ئۇلار بۇ مەبۇدقا چوقۇنىدۇ، بويسۇنىدۇ. ياتلاشقان ئادەم ئەمدىلىكتە ئۆز قولى بىلەن ياسىغان نەرسىلەر ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرماقتا. ئۇ ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزىنىڭ كۈچى، بايلىقىنىڭ ھەقلىق خوجىسى بولۇپ ئەمەس، بەلكى ماددىي بۇيۇملارغا تايىنىپ ئۆتكۈزمەكتە. ئۇ ئاللىقاچان ئۆزى ياراتقان ئىقتىسادىي، سىياسىي مۇھىتنىڭ مەھبۇسى بولۇپ قالدى.

بىزنىڭ ئىقتىسادىي ئورگانلىرىمىز ئىزچىل ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىستېمال ئاساسىغا قۇرۇلغان بولغاچقا، ئەگەر كىشىلەر كونا ماشىنىسى پۈتۈنلەي كاردىن چىقىشتىن ئىلگىرى ماشىنا سېتىۋالمىسا، بۇنىڭ ئىقتىسادىمىزغا ئېلىپ كېلىدىغان تەھدىتىنى ئويلاپ كۆرۈڭ، ئوڭايلا بىلىۋالالايسىز. ھازىرقى زامان سانائەت كىشىلىرى ئىستېمال تەلۋىلىرىدىن بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇلماقتا، ئۇلار ئىچىدۇ،يەيدۇ، سەيلە قىلىدۇ، لېكسىيە ئاڭلايدۇ، كىتاب ئوقۇيدۇ، كىنو ـ تېلېۋىزور كۆرىدۇ، يېڭى ـ يېڭى ئويۇنلارنى ئوينايدۇ، ئەمما، ھېچقايسىسىدىن ھەقىقىي ھۇزۇر ئالالمايدۇ. دۇنيا غايەت زور ئەمچەككە، ئادەم مەڭگۈلۈك ئەمگۈچىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ مەڭگۈ زارىقىپ كۈتىدۇ، يەنىلا مەڭگۈ قانالماي ياشايدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، جەمئىيىتىمىز بيۇروكراتىزم رەھبەرلىك قىلىۋاتقان غايەت زور كارخانىغا، ئادەملەر بولسا، بۇ غايەت زور ماشىنا ئىچىدىكى سىلىق مايلانغان ۋىنتىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ مايلىنىش يۇقىرى مائاش، ئارتۇق كىرىم، ھاۋاسى ياخشى زاۋۇت ۋە ياڭراق مۇزىكىلار، شۇنداقلا پسىخولوگ، «ئىجتىمائىي ئالاقە» مۇتەخەسسىسلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ خىل مايلاشلار ئادەملەرنىڭ ئاجىزلىشىۋاتقانلىقى، خىزمەتتىدىن زېرىككىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلمەيدىغانلىقىدەك پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاق ياقىلىق ۋە كۆك ياقىلىق ئىشچىلار ئاپتوماتىك ماشىنىلارنىڭ تاراق ـ تۇرۇقلىرى ۋە بيۇروكرات تۈزۈلمىلەرنىڭ سادالىرىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئىقتىسادىي قونچاقلارغا ئايلىنىپ قالدى.

ئىشچىلار، ياللانمىلار دەككە ـ دۈككىدە (تۆلەيدىغان قەرزىنىڭمۇ ۋاقتى توشۇپ قالغاچقا) تۇرمۇشىدىن ھەقىقىي قانائەت ۋە لەززەت ئالالمىغانلىقىدىن ئىنسان مەۋجۇدىيىتىدىكى ھېسسىيات، ئەقىل، ئىجادچانلىق، سەممىيلىك، مۇستەقىللىق دېگەندەك ئەڭ تۈپكى ھەقىقەتلەرگە يۈزلىنەلمەي ياشايدۇ ۋە شۇنداق ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئىجتىمائىي مۇنبەرگە چىقىۋالغانلارمۇ شۇنداق دەككە ـ دۈككىدە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى قول ئاستىدىكىلەرنىڭكىگە ئوخشاشلا قۇرۇق، بەزى جەھەتتە ئۇلار تېخىمۇ خاتىرجەم ئەمەس. ئۇلار كەسكىن رىقابەت ئىچىدە ياشايدۇ، ئۇلارغا نىسبەتەن ئۆسۈش ياكى چۈشۈش نوقۇل مائاش ـ پۇل مەسلىسىلا ئەمەس، مۇھىمى غۇرۇر، ئابرۇي مەسلىسى. ئۇلار بىرىنچى خىزمىتىنى ئىلتىماس قىلغاندا زېھنىي كۈچ، رايىشلىق ۋە مۇستەقىللىق جەھەتتە سىناقتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۇلار قايتا ـ قايتا سىنىلىدۇ. پسىخولوگلار سىنايدۇ (ئۇلارغا نىسبەتەن سىناش بىر چوڭ ئىش). ئۇلارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى، ئىجتىمائىيلىقى، باشقىلار بىلەن چىقىشىش ئىقتىدارىغا ھۆكۈم قىلىدىغان خوجايىنلىرى سىنايدۇ. يەنە ئۆزلىرى، ئۆزىنىڭ خوتۇنلىرى سىنايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى باشقىلاردەكلا ياخشى، شۇنداقلا باشقا رىقابەتچىلىرىدىن ئىقتىدارلىق دەپ ئىسپاتلاش ئېھتىياجى ئۇنىڭغا تېخىمۇ غەمكىنلىك، بېسىم ئەپكېلىدۇ، بۇلار بەختسىزلىك ۋە روھىي، جىسمانىي كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبى.

بۇ «ئورگان ئادەملىرى» ئوبدان يېقىلىشى، خۇشال قىلىنىشى، ئوبدان مايلىنىشى مۇمكىن. بىراق، ئۇلاردا ئۆزلۈك سالاھىيەت تۇيغۇسى كەم. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇ، تەپەككۇرى ئۆزىدىن ئۇرغۇپ چىقمىغان، ھەقىقىي ئەمەس. مەيلى سىياسىي جەھەتتە ياكى دىنىي، پەلسەپە جەھەتتە ياكى مۇھەببەتتە بولسۇن، ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم ئېتىقادى يوق. ئۇلار تەپەككۇر، سەنئەت ۋە باشقا ئېقىم ـ ئۇسلۇبلاردىكى «ئەڭ يېڭى مودا»لارغا مەستۇ مۇستەغرەق. ئۇلار ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن ئاڭلىغان ئىدىيە ـ تۇيغۇلارنى مېنىڭمۇ شۇنداق، دەپ ياشاپ يۈرۈيدۇ.

ئۇلار ئىندىۋىدۇئاللىقا ئىگە، تەشەببۇسكارلىق، ئادالەتكە توشقان بىر ھاياتقا ئىنتىزار. ئۇلار بۇ ئىنتىزارلىقنى غەربنىڭ كىنو ـ كىتابلىرى ئارقىلىق قاندۇرىدۇ. بىراق، بۇ قىممەتلەر ئاللىقاچان غايەت زور دۆلەت، غايەت زور ئەمگەك ماشىنىسى، غايەت زور كارخانا ۋە ھەربىي بيۇروكراتىزمغا ئايلىنىپ قالغان، بۇ دۇنيادىكى رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلغان. ئۇلار بۇ گىگانت مەخلۇقلار ئالدىدا ئۆزىنى تولىمۇ ئەرزىمەس كىچىك سانايدۇ، ھەتتا بۇنى ئۆزىنى

تۆۋەن چاغلاش پىسخىكىسىدىن قۇتۇلۇشتىكى بىردىنبىر يول قىلىۋالغان، ئۇلار ئاللىقاچان بۇ گىگانت مەخلۇقتا سىڭىپ كەتكەن، ئۇنىڭغا بۇ مېنىڭ كۈچۈمنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى، دەپ چوقۇنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە ئىگە بولالماي قالىدۇ. ئۇلارنىڭ غەمكىنلىكتىن قۇتۇلۇش تىرىشچانلىقىمۇ باشقىچە تۈس ئالىدۇ. ئۇلار توڭلاتقۇسىنىڭ لىق توشقۇزۇلغىنىدىن خۇش، بەلكىم بۇ ئۇلارنىڭ تەسەللىي تېپىشتىكى بىر خىل تەبىئىي چارىسىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىستېمالغا بولغان زىيادە قىزغىنلىقى بولسا (تېلېۋىزوردىن جىنسىيەتكىچە) ئادەتتە پىسخىك كېسەل بىمارلىرىدا ئۇچرايدىغان بىر خىل كېسەللىك ئالامىتىدۇر. بۇنداق ئالامەتلەر ئادەتتە ئويۇن ـ تاماشا، يەپ ـ ئىچىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رېئال مەسىلىلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ھەمىشە دەككە ـ دۈككىدە، پىسخىك بېسىم ئىچىدە يۈرۈيدىغان كىشىلەردىلا تېپىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، تاۋار ئىستېمال قىلىشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ، ھەتتا ئۇلار ئۆزىمۇ تاۋارغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇلار ھازىر تەبىئىي ئورگانىك نەرسىلەرگە ئەمەس، سۈنئىي مېخانىكىلىق نەرسىلەرگە بەكرەك قىزىقىدۇ. ھازىر نۇرغۇن ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا تەنتەربىيە ماشىنىلىرىغا بەكرەك قىزىقىدۇ، ئۇلار ئاياللارنى كۇنۇپكىنى توغرا باسسىلا ھەرىكەتلىنىدىغان مۇسابىقە ماشىنىسى، دەپ قارايدۇ. قىسقىسى، ئۇلار بەختنى تىرىشچانلىق، تەۋەككۈلچىلىك بەدىلىگە ياراتقىلى بولىدىغان ئىجادىيلىقتا، رەڭگارەڭ مەزمۇنغا تولغان تۇرمۇشنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارىماستىن، بەلكى توغرا كۇنۇپكىنى تېپىش، دەپ قارايدۇ. ئۇلار شۇ توغرا كۇنۇپكىنى تېپىش ئۈچۈن بەزىلىرى روھ ئانالىزچىلىرىنىڭ قېشىغا بارىدۇ، بەزىلىرى چېركاۋلارغا بارىدۇ، يەنە بەزىلىرى «ئۆزۈڭنى قۇتقۇز» دېگەندەك كىتابلارنى ئوقۇيدۇ. ئۇلار بەختنىڭ كۇنۇپكىسىنى تاپالمىسا، كامېرا، رادىئو، تېلېۋىزورلارنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى رېئاللىقتا ئايلىنىۋاتقان ئىلمىي فانتازىيىلەرنى ئوقۇپ ئۆزىنى قانائەتلەندۈرىدۇ.

ھاياتقا بولغان مېخانىكىلىق پوزىتسىيىنىڭ ئەڭ غەلىتە بىر تەرىپى شۇكى، كىشىلەر يادرو قوراللارنىڭ خەتىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك سەل قاراۋاتىدۇ، كىشىلەر بۇ خىل مۇمكىنچىلىكنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپتۇ. مەن كىشىلەر ھازىر بۇ قوراللارنىڭ خەتىرىدىن خەۋپسىرىمەستىن، بەلكى پەخىرلىنىۋاتىدۇ، دەپ قارايمەن ھەم ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي غەلبە ـ مەغلۇبىيىتى، ئار ـ نومۇسى ھەققىدە بەك قايغۇرۇپ، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ، دۇنيانىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىدەك ئېھتىماللىقلارغا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ.

مەن ھازىرقى زامان ئادەملىرى تۈگەشتى، بىز سانائەت جەمئىيىتىدىن ئىلگىرىكى ھالىتىمىزگە ياكى 19 ـ ئەسىردىكى «ئەركىن شىركەت» كاپىتالىزمىغا قايتىشىمىز كېرەك، دېگەننى تەرغىپ قىلىۋاتامدىمەن؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس، مەسىلىلەر ھەرگىزمۇ ئاللىقاچان ھالقىپ بولغان باسقۇچقا قايتىش بىلەن ھەل بولمايدۇ. مەن بىزنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمىمىزنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمالنى ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت قىلىۋالغان بيۇروكرات سانائەتچىلىكتىن بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ئادەم ئۈچۈن، ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى (مۇھەببەتتىكى ۋە ئەقلىي جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارى) جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىنسانپەرۋەر سانائەتچىلىككە ئۆزگەرتىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋاستە بولۇشى، ئادەملەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن توسۇلۇشى لازىم.

بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بىز يەنە بىر قېتىم ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى، گۇمانىزم، ئاقارتىشتەك ھەرىكەتلەرنى قوزغىشىمىز لازىم ھەم بۇ چوقۇم 17 ـ ، 18 ـ ئەسىرلەردىكىدىن كەسكىن، رېئاللىققا ئۇيغۇن، تەنقىدلىكى كۈچلۈك ئېلىپ بېرىلىشى لازىم ھەم ئادەمنى ماشىنا ئادەم، ئىستېمال ئادىمى ۋە ئورگان ئادىمىگە ئەمەس، بەلكى مۇكەممەل، تويۇنغان ئادەمگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك. بىر ئىنسانپەرۋەر جەمئىيەتنىڭ مەقسىتى ھاياتنى سۆيىدىغان، ھاياتقا سادىق، ئىجادچان، مۇستەقىل ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈشتۇر. ئەگەر بىز ھازىرقى تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزنىڭ بىزنى تىرىكچىلىككە زۆرۈر ھاياتىي كۈچتىن مەھرۇم قىلىپ، زېھنىي كۈچىمىزنى خورىتىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتسەك، ئاندىن بۇ ئۆزگەرتىش رېئال مۇمكىنچىلىككە ئايلىنىدۇ.

بۇ ئۆزگەرتىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ـ ئاشماسلىقى باشقا مەسىلە. بىز بۇ تاللاش ئىمكانىيىتىمىزنى بايقىمىغىچە ھەم بۇ تاللاشنىڭ يەنىلا ئۆز ئىلكىمىزدە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىگىچە، غەلبە قىلالمايمىز، ھازىرقى تۇرمۇش يولىمىزدىن رازى بولماسلىق، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە قاراپ ماڭغان بىرىنچى قەدىمىمىز. بۇنى ئۆزگەرتىشكە كەلگەندە شۇ نەرسە ئېنىقكى، بۇ ئۆزگەرتىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت، سىياسىي ۋە روھىيەت ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىدە تەدرىجىي ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، بىر ساھەدىلا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش خۇددى نوقۇل سىياسىي ئىنقىلاب فرانسىيە ئىنقىلابىدەك ياكى ئىقتىسادىي ئىنقىلاب روسىيە ئىنقىلابىدەك بىزنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويىدۇ. ئادەم مۇھىتنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا مۇھىتمۇ ئادەملەرنىڭ مەھسۇلى. ئادەم ئۆزىنى باشقا مەۋجۇداتلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىردىنبىر ئىقتىدارغا ئىگە. ئۇ بولسىمۇ، ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ مۇھىتىنى بىلىش، شۇنىڭغا ئاساسەن پىلان تۈزۈش ۋە شۇ پىلان بويىچە ھەرىكەت قىلىشتىن ئىبارەت.

---

«ئۇنىۋېرسىتېت ئىنگلىز تىلى» 6 ـ قىسىم، شاڭخەي چەت ئەل تىلى مائارىپ نەشرىياتى، 1999 ـ يىل 7 ـ ئاي ئىنگلىزچە نەشرىدىن تەرجىمە قىلىندى.

ئابدۇرېھىم دۆلەت تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: يۈسۈپ ئىسھاق



# يۇمۇرلار

## هايۋان تىلى

بەدخۇي بىر كىشى كىشىلەر ئولاشقان سورۇندا ھەدەپ پو ئېتىپتۇ:

— تىل ئۇستىسى مەن، بەش - ئالتە تىل بىلىمەن، ئادەملەرنىڭ تىلى تۇرماق، ھايۋانلارنىڭ تىلىنىمۇ بىلىمەن...

— دەرۋەقە، — دەپتۇ گەپ تىڭشاپ تۇرغانلاردىن بىرى، — بىز بىر قىلىقلىرىڭىزنىڭ غەلىتىرەك ئىكەنلىكى بىكار ئەمەسكەن - دە!

## ئايلىنىش

بىراۋ بىر بىلەرمەننىڭ توختىماي قىلۋاتقان گېپىنى يېرىپ سورىدى:

— ئېيتىڭا، يەر شارى قۇياشنى ئايلىنىپ چۆرگىلەيدۇ، دېگىنىڭىز راست گەپمۇ؟

— ئەلۋەتتە راست، — دەپتۇ بىلەرمەن.

— ئەمىسە، كېچىسى قانداق قىلىدۇ؟

بىلەرمەن بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن سۆز قايتۇرۇپتۇ:

— ئايىنى ئايلىنىپ چۆرگىلمەمدۇ!

## ئۈچ بالا

ئۈچ كىچىك بالا چىمەنلىكتە ئويناۋېتىپ ئۆز دادىلىرى بىلەن ماختاندى:

— مېنىڭ دادام ئاخشام تېلېۋىزور ئەكەلدىغۇ، تازا! — دېدى بىرىنچىسى.

— مېنىڭ دادام ئاخشام ماڭا سۈرەتلىك كىتاب ئەكىلىپ بەردىغۇ، تازا! — دېدى ئىككىنچىسى. ئۈچىنچى بالا بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ دېدى:

— مېنىڭ دادام ئاخشام مەست بولۇپ كەلدىغۇ تازا!

## قايسى يېقىن بولسا

بىر ساقچى كوچىدا يېتىپ قالغان مەستنى سىلكىشلەپ ئويغاتتى - دە:

— ئۆيۈڭگە كېتەمسەن ياكى مەن بىلەن ساقچىخانىغا بارامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— قايسىسى يېقىن بولسا شۇنىڭغا كېتەيلى، — دېدى تېخى كەيپىدىن يېشىلمىگەن مەست.

## كىيىم ئالماشتۇرۇش

ياسانچۇق بىر قىزچاق ئاپىسىغا ھەدەپ كىيىمنىڭ جىدىلىنى قىپتۇ.

— ئىككى ساندۇق كىيىمىڭ بار، شۇلار يەتمەمدۇ، — دەپتۇ ئانىسى كايىپ. قىز باھانە كۆرسىتىپتۇ:

— ئاپا، ئۇ كىيىملىرىمنىڭ ھەممىسىنى دوستلىرىم كۆرۈپ بولدى، ئەمدى باشقىسىغا ئالماشتۇرمىسام بولمايدۇ.

— مۇنداق بولسۇن، — دەپتۇ چېچەن ئانا، — مېنىڭچە ئەمدى سەن كىيىملەرنى ئەمەس، دوستلىرىڭنى ئالماشتۇر.

## توخۇ ئىزدەش

بىراۋ تۈن نىسپىدە كەيپىلىكتىن يېشىلمەي كوچا كېزىپ يۈرسە، مەھەللە قوغدىغۇچىلىرى يولنى توسۇپتۇ:

— توخۇ چىللاي دېگەندە ئۇيۇقىدە ياتماي، نېمىدەپ تالادا يۈرۈيسەن؟

ھېلىقى مەست دەرھال ئەقىل تېپىپتۇ:

— شۇ توخۇ مېنىڭكى ئىدى، كاتەكتىن قاچۇرۇپ قويۇپ ئىزدەپ يۈرۈيمەن، كۆرگىنىڭلار بارمۇ؟

## مال باھاسى

دائىم سەت تىللار بىلەن باشقىلارنى ھاقارەتلەيدىغان بىر ئادەمنى قازى دەۋاگەرنىڭ تەلپىگە ئاساسەن سوراق قىپتۇ:

— قوشنىڭنى ئېشەك، دەپ تىللىغىنىڭ ئۈچۈن، 200 تەڭگە تۆلەيسەن، — دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ. جاۋابكار رازى بولماپتۇ.

— ئۆتكەندىمۇ بۇ كىشىنى ئېشەك، دەپ تىللىسام، 100 تەڭگە كەسكەنىدىڭىزغۇ؟

— بۇ يىل مال باھاسى بىر ھەسسە ئۆسكىنىدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟

## بۇگۇن چىقتى

بىر نەچچە كىشى بىر دېھقاننىڭ قوغۇنلۇقىغا كىرىپ، ئۆزلىرى خالىغانچە قوغۇن - تاۋۇزلارنى راسا يېيىشىپتۇ. ئاردىن بىرەيلەن چەتتە بولارغا قاراپ ھەيران قالغان دېھقانغا قاراپ:

— ئاكا قوغۇنلىرى راسا ئوخشاپتۇ، ئەمگەكچان قوللىرىڭنىڭ خاسىيىتىدە قوغۇنلۇقتا شۇمبۇيا چىقماپتۇ، — دەپتىكەن.

— راست، — دەپتۇ ئاچچىقىنى ئارانلا يۇتۇپ تۇرغان دېھقان، — شۇنداق، شۇمبۇيا نەچچە ۋاقىتتىن چىقمىغانىدى، مانا بۈگۈن چىقتى.

توپلىغۇچى: ماخمۇت مۇھەممەت («شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» ئىدارىسىدىن)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# ئامېرىكىلىقلار ئەقىل ساتىدۇ، جۇڭگولۇقلارچۇ؟



مەي دى

2002 ـ يىلى مايدا ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولغاندا، خارۋارت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ قالدىم. ئامېرىكا تەرەپنىڭ خەنزۇ تىلى مۇتەخەسسىسى بۇگاۋيى ئەپەندىم راۋان ۋە ساپ خەنزۇ تىلى بىلەن: «جۇڭگونىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، جۇڭگونىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان تاشقى سودىسىنىڭ ئاكتىپ بالانىس پەرقى 60 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى (بەزىلەر گەپكە قوشۇق سېلىپ ستاتىستىكا ئۇسۇلى بىر خىل ئەمەس، ئەمەلىيەتتە 40 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن بولۇشى مۇمكىن دېيىشتى)، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئامېرىكا دۇكانلىرىغا كىرىپ قالسىڭىز جۇڭگونىڭ ماللىرى ھەممىلا يەردە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئەكسىچە، جۇڭگونىڭ ماگىزىنلىرىدىن ئامېرىكا ماللىرىنى تاپماق تولىمۇ تەس.» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە مەن ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى چوڭ ـ كىچىك ماگىزىنلارنى ئەستايىدىل ئارىلاپ چىقتىم. مەيلى كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، كىيىم ـ كېچەك، گىرىم بۇيۇملىرى، سەنئەت بۇيۇملىرى ياكى باسما بۇيۇملار بولسۇن ۋە ياكى ئۈستىگە ئامېرىكىنىڭ تارىختىن بۇيانقى پىرېزىدېنتلىرىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن فار ـ فۇر تەخسىلەر بولسۇن ھەتتا سۇ ئىچىدىغان ئىستاكانلىرىغىمۇ «جۇڭگودا ياسالغان» دېگەن خەتلەرنىڭ بېسىلغانلىقىنى كۆرمەك تەس ئەمەسكەن. ھەتتا پارلامېنت بىناسى ئىچىدە سېتىلىۋاتقان رەڭلىك نەشرىيات بۇيۇملىرىدىمۇ «جۇڭگودا بېسىلغان» دېگەن خەتلەر كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىكەن. جۇڭگولۇقلار كوچىسىدىكى دورا ماتېرىياللىرى، چىلان، كاشتان قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپلىكىنى تىلغا ئېلىش ھاجەتسىز بولسا كېرەك. ھېلىقى خەنزۇ تىلى مۇتەخەسسىسىنىڭ ئاغرىنغىنى بىكار ئەمەس ئوخشايدۇ. بۇنى ئۆزىمىزدىن كۆرسەك بولغۇدەك.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا زىيارەتتە بولۇۋاتقىنىمدا يەنە بىر جۇڭگولۇق ئالىم بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا سودىسىدىكى ئاكتىپ بالانس مەسىلىسى، شۇنداقلا يەنە ھېلىقى ئامېرىكىلىق ئالىمنىڭ ئاغرىنىشلىرى ھەققىدە سۆھبەتلەشتىم. جۇڭگولۇق ئالىم مۇنداق دېدى: «جۇڭگولۇقلار ئامېرىكىلىقلارغا نېمە ساتىدۇ؟ ئامېرىكىلىقلار ئىشلەپچىقىرىشنى خالىمايدىغان زىچ ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى يەنى دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدۇ. ئۇنداقتا ئامېرىكىلىقلار جۇڭگولۇقلارغا نېمە ساتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ساتىدىغىنى، ئايروپىلان، كومپيۇتېر، يانفون، چاقىرغۇ دېگەندەك نازۇك، يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ساتىدۇ. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئامېرىكىلىقلارغا ساتىدىغىنى، قان تەرى ۋە بايلىقى بولسا، ئامېرىكىلىقلارنىڭ جۇڭگولۇقلارغا ساتىدىغىنى ئەقلىدۇر.»

«ئەقىل ساتىدۇ» مېنىڭ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي گاڭگىراپ قالغان ھالىتىمگە قاراپ جۇڭگولۇق ئالىم يەنە مۇنداق دېدى: سىز ئامېرىكا بازارلىرىنى ئوبدانراق كۆزىتىپ بېقىڭ، زادى قانچىلىك «كېندىچە» ۋە «ماكدونالد» تېز تاماقخانىلىرى، يەنە قانچىلىك «كالىفورنىيە كالاگۆشى ئۆگرىخانىسى» باركىن؟ ئەكسىنچە جۇڭگونىڭ چوڭ شەھەرلىرىنى قاپلىغان زەنجىرسىمان تارماق دۇكانلاردا ھەتتا ئامېرىكىلىقلارنىڭ بىرەر تال توخۇ قانىتى ياكى كالىسىنىڭ بىرەر يېرىم تال تۈكىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. ھەممىسى جۇڭگونىڭ خام ئەشياسى. ۋەھالەنكى، ئامېرىكىلىقلار ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش تىجارەت ئۇقۇمى، بىر يۈرۈش ئۆلچەملەشكەن باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى جۇڭگولۇقلارنىڭ قولى، يانچۇقىدىن چىقارغان باغلام ـ باغلام پۇلى ئارقىلىق

جۇڭگوغا ساتىدۇ. ھەتتا بەزىلەرنىڭ ئالغان قەرزىمۇ جۇڭگونىڭ سودا ـ سانائەت بانكىلىرىدىن ئېلىنغان. ئۇلار سېپى ئۆزىدىن تېپىك «قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر» دۇر. پەن ـ تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنى ساتقانلىق ئەمەلىيەتتە ئەقىل ساتقانلىقتۇر، بىر ئايروپىلاننىڭ قىممىتىگە قانچىلىك چىلان ۋە كاشتان توغرا كەلمەكچىدى؟ بۇ جۇڭگولۇق ئالىمنىڭ كۈچلۈك مىللىي ھېسسىياتى بىلەن دېگەن بۇ گەپلىرى مېنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەن داڭلىق كارخانىچى، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ۋۇ شۇچىڭ ئەپەندى بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ جۇڭگوغا ئەقىل سېتىش مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىپ قالدىم. مول كارخانا باشقۇرۇش ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ۋە مول ئىقتىساد نەزەرىيە بىلىملىرىگە ئىگە ۋۇ شۇچىڭ ئەپەندى كېسىپلا مۇنداق دېدى: ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۇقۇم سودىسى خېلى بۇرۇنلا باشلانغان. يەنە كېلىپ جۇڭگوغىلا ئەقىل سېتىپ قالماستىن، بەلكى يەنە دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرگىمۇ ساتىدۇ. خۇددى خەلقئارا سودا مەركىزىدىكى دورسۇل ئەپەندى 1976 ـ يىلى «خەلقئارا سودا مەركىزى» دېگەن ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويسا، نيۇ ـــ يورك پورت باشقارمىسى يەر ۋە مەبلەغ چىقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ، نيۇ ـ يوركتىكى ئەڭ ئېگىز ئىككى بىنا ـ خەلقئارا سودا مەركىزي بىناسىنى سالغىنىغا ئوخشاش، ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۇقۇمنى پۈتۈن دۇنياغا ساتتى. ھەرقانداق بىر دۆلەت خەلقئارا سودا مەركىزىنىڭ تارمىقىنى قۇرماقچى بولسا، چوقۇم تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك شەرتنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك: بىرى، كوللېكتىپ ياتاق ۋە تاماقلىنىش شارائىتى ھازىرلىغان بولۇش، يەنە بىرى، يىغىن ئېچىش شارائىتىغا ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، نيۇ ـ يوركتىكى خەلقئارا سودا مەركىزى باش شتابىغا 980 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاپشۇرۇشى كېرەك. خەلقئارا سودا مەركىزىگە ئەزا بولغان كارخانا 8000 ئامېرىكا دوللىرى ئەزالىق بەدەل پۇلى تۆلەيدۇ. دورسۇل ئەپەندىنىڭ بۇ ئەقلى دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ئۆزى خالاپ بۇ تەشكىلاتقا قاتناشتۇردى. دورسۇل ئەپەندى مۇشۇ تۆھپىسى بىلەن ئىككى قېتىم نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئامېرىكىلىقلار نېمە ئۈچۈن ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشقا شۇنچە كۈچەيدۇ؟ چۈنكى، ئامېرىكىلىقلار پەن ـ تېخنىكا ۋە ئۇقۇمغا تايىنىپلا دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ پۇللىرىنى جۈندەۋاتىدۇ ـ دە!

ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئامېرىكىلىق ئالىم، جۇڭگولۇق ئالىم ۋە ۋۇ شۇچىڭ ئەپەندىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشى، شۇنداقلا ئون نەچچە كۈن ئىچىدە ئامېرىكىدا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىم ئارقىلىق خىيال ئېكرانىمدا «ئامېرىكىلىقلار ئۇقۇم سېتىۋاتىدۇ، جۇڭگولۇقلارچۇ؟ » دېگەن ئوي ئىختىيارسىز رەۋىشتە دولقۇنلاندى.

چىلان، كاشتان، چاي، فار ـ فۇر بۇيۇملار، گەزلىمە ماللار ۋە نەشر بۇيۇملىرىنى ساتساق بولىدۇ. بىراق جۇڭگولۇقلار قاچانمۇ سۈپەتلىك چىلان، كاشتان ۋە راكلارنى ئۆزىنىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ «كوكوكولا»، «كېندىچە»، «ماكدونالد» قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىغا ئوخشاش «روڭخۇا توخۇسى»، «شىمالىي مۇز ئوكيان گازلىق سۈيى» دېگەندەك مەھسۇلاتلىرىنى ئامېرىكا ۋە دۇنيادىكى ئىقتىسادىي كۈچلۈك باشقا ئەللەرگە ساتالايدىغان بولاركىن؟

جۇڭگولۇقلار دۆت ئەمەس، بۇ ھەتتا ئامېرىكىلىقلارمۇ ئېتىراپ قىلىدىغان ھەقىقەت، «تۆت چوڭ كەشپىيات»نى دېمەيلا قويايلى، ھازىر ئامېرىكىنىڭ ئالىي ئۇنىۋېرسىتېتلىرى، تەتقىقات مەركىزى قاتارلىق جايلاردا ئىشلەۋاتقان جۇڭگولۇقلار زادى قانچىلىك؟ ئامېرىكىدىكى جۇڭگولۇقلار پۇشتىدىن بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى ئادەتتە باشقا ئىرقتىكىلەرنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىنى بېسىپ چۈشسە چۈشىدۇكى، قىلچە كەينىدە قالمايدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرى يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىگە نىسبەتەن باي مىللەت. ئۇنداق بولمىغاندا، بىزدە قانداقمۇ «ئاي پەرىسىنىڭ ئايغا پەرۋاز قىلىشى»، «سۈن ۋۇكۇڭنىڭ تۈكتىن مايمۇن پەيدا قىلىشى» (مانا بۇنى بۇرۇنقى جانلىقلارنى كلونلاش تېخنىكىسى دېمەي بولمايدۇ) دېگەندەك رىۋايەتلەر پەيدا بولسۇن؟ ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، بىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىمىز ھەدېگەندىلا خاتا تەرەپلەرگە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. «ئىچكى نىزا» جەھەتتىكى دەرىجىدىن تاشقىرى ئەقىللىقلىقىمىزنى دېمىگەندىمۇ سىرتقى جەھەتتىكى ئەقىللىقلىقىمىزغىمۇ گەپ كەتمەيدۇ، باشقا دۆلەتلەردە كەڭ ئىشلىتىۋاتقان IDD تەڭگە پۇل سېلىپ ئىشلىتىلىدىغان ئاممىۋى تېلېفونىمۇ بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز تەڭگە پۇلغا كىچىك تۆشۈك تېشىپ، ئىنچىكە يىپ بىلەن باغلاپ، ئۇنى تېلېفوننىڭ تۆشۈكىگە تىقىپ «ئۇلاندى» دېگەن سىگنال چىققان ھامان، تەڭگىنى تارتىۋېلىپ، ھەق ئېلىنىدىغان ئاممىۋى تېلېفوننى خەلقئارالىق ھەقسىز تېلېفونغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى.

جۇڭگولۇقلار قائىدە ـ يوسۇنلۇق خەلق، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ «ئەدەپ ـ قائىدىلىك، ئەخلاقلىق بولۇش مىزانى» نى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلىشلىرىنى دېمەيلا تۇرايلى، جۇڭگولۇقلارنىڭ سىرتقى مەدەنىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە قاراپلا ھەممىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. پەمىدۇر، قاپاق، تاۋۇز قاتارلىق، ئىشقىلىپ سىرتقى رايونلاردىن كۆچۈرۈپ

كېلىنگەنلىكى نەرسىلەر بولسىلا، ئۇلار ئۇنىڭغا بىر ئېنىقلىغۇچى قوشۇپلا سىرتتىن كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ، يەرلىك مەھسۇلاتلار بىلەن بولغان پەرقىنى ئىسپاتلايدۇكى، سۈن ۋۇكۇڭنى تارتىپ چىقىرىپ «تۇكلۇك مىراخور» قىلىپ قويۇشتەك ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايدۇ.

ۋەھالەنكى، يېقىنقى يىللار مابەينىدە تەرەققىيات سۈرئىتى تېزلىشىپ، ھەرقايسى كەسىپلەر گۈللەندى. بىر قىسىم كىشىلەر ئىجاد قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە «ئەكىلىپلا قوبۇل قىلىۋېلىش» ئىدىيىسىدە بولدى. ھەتتا ئوغرىلىقچە قوبۇل قىلىش، قانۇنسىز نەشر قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بەنت بولدى. ھەتتا چەت ئەلنىڭ ئۇقۇمىنى كۆچۈرۈپ كۆپەيتتى. ئاقىۋەتتە، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە «يوشۇرۇن كۆچۈرمىكەشلەر جەمئىيىتى»، «ئىقتىسادىي غەيرىي جەمئىيەتلەر» پەيدا بولۇپ قالدى. بەزىلەر بۇنداق ئەھۋاللارنى يىغىنچاقلاپ «ئاخىرقى زاماننىڭ بېشارىتى» دەپ ئاتىدى. مەن، دەۋر يېڭىلانغاندىن كېيىنمۇ بۇنداق ئەھۋاللار تېخى تۈگىمىدى، دەپ قارايمەن، دۆلىتىمىز سىرتقا ئېچىۋېتىلدى، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ. كىشىلەر باي بولۇشقا ئالدىراپ ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئەگەر بۇ خىل ھادىسە تىزگىنلىنىپ، بۇ خىل خاھىشلار ئۆزگەرتىلمەيدىغان بولسا، بىز چوقۇم «سىرتقى مەدەنىيەت پىيەنچۇكلىرى»گە ئايلىنىپ قالىمىز ـ دە، ئىقتىسادىمىز «باشقىلارغا ئەگىشىپ ماڭىدىغان ئىقتىساد» قا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنداق بولغىنىدا، بىز مەڭگۈ چەت ئەللەرگە چىلان، كاشتانلىرىمىزنى ساتساق ساتىمىزكى، ئامېرىكىلىقلارغا ئوخشاش پۈتۈن دۇنياغا خىلمۇ خىل ئۇقۇملارغا ساتالمايمىز.

بۇنداق دېگىنىم، جۇڭگولۇقلار ئۇقۇم سېتىشنى بىلمەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، جاۋشىنشيەن «999» ماركىسى ۋە باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى دۆلەت ئىچىدىكى بازارلارغا كېڭەيتىۋېتىپتۇ، بەزى كارخانىلارنى قوشۇۋېلىشقا باشلاپتۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىياشى ئالتۇنگۈل كارخانا گۇرۇھى ئۆزىنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرىنى بىر قىسىم شەھەرلەرگە كېڭەيتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇقۇمى خەلقئارالىق يۇقىرى سەۋىيىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنىڭ يىغىندىسىدىن كەلگەن بولۇپ، چەت ئەل پۇرىقى، شۇنداقلا تەتۈر مەدەنىيەت پۇرىقىدىن خالىي.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «پەن ـ تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» دېگەن. ئۇنداقتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۇقۇم بىلەن ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلىچۇ؟

مىللىتىمىزنىڭ باھادىرلىرى چىلان، كاشتان سېتىش بىلەنلا بولۇپ كەتمەي، جۇڭگونىڭ ئۇقۇملىرىنى سېتىپ باقسا قانداق بولار؟

(«غەربىي قىسىم» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىلى 2 ـ سانىدىن)

ئۆمەرجان ھەسەن تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

MIRAS

## كەيپىياتنى ياخشىلاشنىڭ ئون ھېكمىتى

«نەس كۈن» لەرگە ئۇچراپ، كەيپىياتى ئۇچۇپ كەتمەيدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. بۇزۇلغان كەيپىياتىڭىزنى ئوڭشىۋېلىشنىڭ بىر نەچچە چارىسىنى دەپ بېرەي:

1. چاقچاق، لەتىپىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان كىتابتىن بىرەرنى تېپىپ ئوقۇڭ، سىزنى بىردەمدىلا كۈلدۈرەلەيدۇ.

2. تالا ـ تۈزگە چىقىپ ئون مىنۇتچە مېڭىڭ، مېڭىپ كېتىۋېتىپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىڭ.

3. كۆزىڭىزنى يۇمۇۋېلىپ، تۇرمۇشىڭىزدا كۆرگەن راھەتلىك چاغلىرىڭىزنى ئەسلەڭ.

4. ئويغاق تۇرۇپ ئون مىنۇت چۈش كۆرۈڭ. ھەرقانداق ئىشقا چامىم يېتىدىغان قابىلىيىتىم بولسا، نۇرغۇن مال ـ دۇنيا ماڭا مىراس بولۇپ قالسا، بىرەر ئادەم مېنى ھەقسىز ساياھەت قىلدۇرۇپ دۇنيانى ئايلاندۇرسا... دېگەندەك خىياللارنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. چۈش كۆرۈشكە پۇل كەتمەيدۇ، لېكىن كەيپىياتىڭىزنى كۆپ ياخشىلايدۇ.

5. كىچىك باللار بىلەن بىر نەچچە مىنۇت بىللە ئويناڭ. بالا دېگەن پەرىشتىگە ئوخشايدۇ. ئادەمگە ھەر ھالدا خۇشاللىق بېغىشلايدۇ.

6. جىم ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈڭ ياكى دۇئا ئوقۇڭ. مۇشۇ ئىككى ئىشنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سۈكۈت ۋە جىملىق كەيپىياتنى ياخشىلاشنىڭ شىپالىق دورىسىدۇر.

7. ئەتراپىڭىزدا مۈشكۈلچىلىككە ئۇچراپ قالغان بىرەر ئادەمنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا قانداق ياردەم قىلىشنى ئويلاڭ. ساۋابلىق ئىش قىلىش ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى ئېچىشنىڭ يەنە بىر ياخشى چارىسىدۇر.

8. كۈلكىلىك تېلېۋىزىيە فىلىمىنى ياكى كومېدىيىلىك كىنو فىلىمىنى كۆرۈڭ.

9. ھەرىكەت قىلىڭ. بىر نەچچە مىنۇت دەم تارتىش ياكى بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەرىكىتى قىلسىڭىز، روھىي ھالىتىڭىزنى تېزلا ئۆزگەرتەلەيسىز.

10. مىجەزى ئوچۇق، خۇشخۇي، تۇرمۇشتا بەختلىك ئۇرۇق ـ تۇغقان، يارۇ بۇرادەرلىرىڭىزگە تېلېفون بېرىڭ، ئۇلار ھەر ھالدا سىزنى قىزغىنلىق بىلەن رىغبەتلەندۈرەلەيدۇ.

---

بۇ سۆزلەر خەنزۇچە «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى»نىڭ 2002 ـ يىل 4 ـ ئۆكتەبىر سانىدىن توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى



# ئانىڭ بىر قولىدا بۆشۈك، بىر قولىدا دۇنيا تەۋرەر

رىزائىۋددىن ئىبنى فەخرۇددىن

**بۇ ئەسەر ھەر بىر ئۆيدە ۋە ھەر بىر ئايالنىڭ قولىدا بىردىن بولۇشى كېرەك.**

## مۇقەددىمە

ئاللا تائالا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى بىلدۈرمەك ئۈچۈن ئۇشبۇ ئالەمنى يارىتىپ، ھېسابسىز مەۋجۇدات ئارىسىدا ئىنسانلارنى ئەقىل بىلەن باشقىلاردىن پەرىقلەندۈرمىشتۈر. بۇ ئالىي مەۋجۇداتنى كۆپەيتىش ۋە ئۆزىگە مەلۇم بولغان ۋاقىتقا قەدەر ياشىشى ئۈچۈن ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر ـ بىرىگە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئاتا قىلمىشتۇر. ئاللا ئادەم بالىسىغا ئەقىل، ئىلىم بەرگىنى سەۋەبلىك بۇ ئالەمنىڭ تۈزۈكلىكىگە ۋە ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا ھەم ئاخىرەتتە سائادەتلىك بولۇشلىرىغا سەۋەب بولغۇسى نەرسىلەرنى بۇيرۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئەكسىنى(يەنى بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى قىلىشنى) مەنئى قىلغاندۇر. ئادەم بالىسى شۇ قەدەر بەختلىكدۇركى، ئۇ ئەزىمەت ساھىبى ئاللانىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشىغا لايىقتۇر. دۇنيانىڭ تۈزۈكلىكى ۋە ئادەملەرنىڭ خۇشھال بولماقلىرى شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھالدا، يەنى نىكاھ قەسمى بىلەن بىرلىششىدە ئىپادىلىنىدۇ.

شەرىئەتكە خاس ھالدا قوشۇلغان ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇھەببەت(سۆيۈشمەك) يالغۇز نەپسىنىڭ تەلىپى بولۇپ قالماستىن بەلكى ئاللادىن ئېھسان قىلىنغان بۈيۈك بىر ھەدىيەدۇر. چۈنكى، نەپسىنىڭ پادىشاھلىقى قالمىغان قېرىلىق ۋاقىتلىرىدا ياكى كېسەللىك پەيتلىرىدىمۇ ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ھامان مەۋجۇتتۇر. جىنسداشلارغا ئەزگۈلۈك قىلماق، كىمدىن كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر گۈزەل تىرىكلىك قىلماقتىن ئارتۇق راھەت نەرسە يوقتۇر. مال سەرپ قىلىپ تېپىلمىغان خاتىرىلەر، ئەسكەر چىقىرىپ ھاسىل بولمىغان مۇرادلار گۈزەل خۇلق بىلەن تېپىلۇر. بۇنداق مۇئامىلىدە بولۇش ھەر ۋاقىت، ھەر قانداق ئادەمگە لازىم بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا بۇنداق مۇئامىلىنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلىكىنى سۆزلەشكە ھاجەت يوقتۇر. ئاللا تائالادىن ھەدىيە قىلىنغان نىكاھ نېمىتىنى كۆپ ئېتىبار بىلەن ساقلاپ، ئازغىنا بولسىمۇ بىر-بىرەر ئورۇندا خاتاغا يول قويماسلىققا ئىنتىلىپ ياشاش ئەر بىلەن ئايالنىڭ ھەر ئىككىسىگە لازىم ئىشتۇر. گۈزەل مۇناسىۋەت ھەر ئىشتا ئادالەت بىلەن بولۇش دېمەكتۇر. ئادالەت بولغاچقا ئاسمان، يەر ئۆز ئورنىدا تۇرىدۇ. ئادالەت، يەنى گۈزەل مۇناسىۋەت بولسىلا نىكاھمۇ ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا كامىل قۇۋۋەت بىلەن ياشار. ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئۈچۈن شەرىئەت ۋە ئەقىل تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مەلۇم ۋەزىپىلەر باردۇركى، ھەر بىر ئەر بىلەن ھەر بىر ئايالنىڭ بۇ ۋەزىپىلەرنى بېجىرىشلىرى ھەم قەرز ھەم پەرزدۇر. چۈنكى گۈزەل مۇناسىۋەت بولمىسا، ئۇلار بىر ـ بىرىگە رىئايە قىلىشماس، مۇھەببەتلىرى بۇزۇلۇر. ئادەم بالىسى مۇھەببىتى بولمىغان كىشىنىڭ ھەر ۋاقىت ئەيىبىنى


2003.1

ئىزلەر ۋە ئازغىنا بىر ئىشى بولسا يۈزىگە سالار. بۇ سەۋەبتىن ئارىدا زاھىر بولغان داۋايۇ غوۋغانىڭ ئاخىرى چىقماس ۋە بۇ رەۋىشتە بولغان تىرىكلىكتە لەززەت بولماس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىللىق،تەربىيىلىك ئەرلەر ۋە ئاياللار گۈزەل مۇناسىۋەتنى ئۇلۇغ بىر نېمەت دەپ بىلۇر، بۇنى بۇزغىسى نەرسىلەردىن ھەر ۋاقىت يىراق تۇرار ۋە بۇ جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان گۈزەل مۇناسىۋەت كۈندىن ـ كۈنگە مەھكەم، لەززەتلىك بولۇر.

بىز بۇ يەردە تەربىيىلىك ئاياللارنى تەرىپلەپ يازماقچىمىز. يازغانلىرىمىزدىن ئاياللارنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولۇر. ئەگەردە ئاياللار ئۇشبۇ ئۆزىگە تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلغاندا كەمچىلىك سادىر قىلمىسا، شۈبھىسىز ئەرلىرىنىڭ مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتىگە مۇۋەپپەق بولۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىمۇ گۈزەل مۇكاپاتقا سازاۋەر بولۇر. تەربىيىلىك ئاياللار تەربىيىسىز ئايالLارغا نىسبەتەن راھەتتە ياشاپ، ئاخىرەتتىمۇ ئۇلۇغ ۋە مەڭگۈلۈك مەرتىۋىگە ئېرىشۇر. تەنلىرى تۇپراققا كۆمۈلگەن تەقدىردىمۇ ئىسىملىرى ھەرقاچان ھۆرمەت بىلەن مەجلىسلەردە سۆزلىنۇر ۋە خەيرلىك دۇئا بىلەن زىكرى قىلىنۇر. ھەتتا كىتابلارغا يېزىلىپ كەلگۈسىدىكىلەرگە ئۆرنەك ۋە مىسال قىلىنىپ كۆرسىتىلۇر. ئەمما تەربىيىسىز ئاياللار تەربىيىسىزلىكلىرى سەۋەبىدىن دۇنيادا تۈرلۈك جاپالار تارتىپ ۋە يامان نام قالدۇرۇپ كېتۇر. ئۇلار ھايات ۋاقتىدىمۇ راھەت كۆرەلمەس، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ رەھمەت ئالالماس.

گۈزەل مۇناسىۋەت توغرىسىدا ئايالLارنىڭ ۋەزىپىلىرى كۆپ بولسىمۇ بىز تۆۋەندە ئەڭ لازىملىرى خۇسۇسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

## ئېتىقاد

تەربىيىلىك ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادلىرىنى بۇزۇق ئوتماقتىن كامىل ئېتىبار بىلەن ساقلىنۇر. ئۇلار شەرىئەت بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ئېنىق ئاڭلاپ ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ، شەرىئەت مەنئى قىلغان نەرسىلەرگە ھەرگىز ئېتىقاد قىلماس. سېھىرگەر، پالچى، كىشىلەر ئارىسىنى مەنىۋى سەۋەبلەر بىلەن بۇزىدىغان ياكى تۈزىتىدىغان جىن، پەردىلەرنى خىزمىتىگە سېلىشنى داۋا قىلغۇچى كىشىلەرگە ئەسلا ئىشەنمەس. بۇنداق كىشىلەر پەقەت ئالدامچى، كۆز بوياھچى بولغانلىقى ئۈچۈن تەربىيىلىك ئايالLارغا يورۇق يۈز كۆرسەتمەس، ئەرلىرىنىمۇ قوبۇل قىلماس. سېھىرگەرگە، پالچىغا بىر ئايال ئىشەنسە، ئۇنىڭ كەينىدىن ئېرىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئىشىنىشكە باشلايدۇ. بۇنداق ئايالLارنىڭ يامان ئېتىقادى بالىلىرىغىمۇ مىراس بولۇپ قالىدۇ. ئاخىرىدا يۇرت ئىچىدىمۇ ئىمان، ئېتىقاد قالمايدۇ، كىشىلەر ھەممە نەرسىدىن شەك ـ شۈبھىگە چۈشۈپ، پۈتۈنلەي قورقۇنچلۇق خىيال ئىچىدە قالىدۇ. بۇنداق يۇرتنىڭ ھالى ئاققۇرۇت چۈشكەن ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشايدۇ.

## ئىتائەت

تەربىيىلىك ئايالLار شەرىئەت ۋە ئەقىلگە خىلاپ بولمىغان ئەھۋالدا ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلۇر. چۈنكى ئايالنىڭ زىممىسىدە ئەرلەرنىڭ كۆپ ۋە ئۇلۇغ ھەقلىرى باردۇر. ئاللا تائالانىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاخىرەتتە شادلىق كۈتكەن ئايال ئۈچۈن ئېرى بىلەن گۈزەل مەئىشەت قىلماق ۋە سۆزلىرىنى جان دىلى بىلەن ئاڭلاپ ئىتائەتلىك بولماق لازىمدۇر. بۇنىڭ ئەكسىنى قىلغان ئايال دۇنيادا پۇشايمان قىلۇر، ئاخىرەتتە قورقۇنچلۇق جازا كۆرەر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ئېرىنى رازى قىلغان ھالدا ۋاپات بولغان ئايال جەننەتكە كىرۇر»، «بەش ۋاخ نامىزىنى ئوقۇغان، پەرىز روزىسىنى تۇتقان، ئۆزىنى نامەھرەملەردىن ساقلىغان، ئېرىگە ئىتائەت قىلغان ئايال ئاللا تائالانىڭ جەننىتىگە كىرەر»، «ئەگەر بەندىلەرگە سەجدە قىلماق شەرىئىتىمىزگە ئۇيغۇن بولسا، ئايالLارنى ئەرلىرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرار ئىدىم» دېگەن سۆزلىرىدىن ئەرلەرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ئايالLار ئۈچۈن ئۇلۇغ بۇرچ ئىكەنلىكى ھەمدە ئىتائەتلىك ئايالLارنىڭ كەلگۈسىدە كۆپ راھەتتە ئۆتىدىغانلىقى مەلۇم بولۇر.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، شەرىئەتكە خىلاپ بولمىغان ئورۇنلاردا ھەر ۋاقىت ئەرلىرىگە ھۆرمەت ۋە ئىتائەتتە بولۇپ ئۆمۈر ئۆتكۈزمەك لازىمدۇر. ئايالLارنىڭ شۆھرەتلىرى ۋە شەرەپلىرى ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلماق، سائادەتلىرى ئۆي ئەھلىنى گۈزەل بىلمەكتىن ئىبارەتتۇر.

تەربىيىلىك ئايالLار خۇلقسىزلىق قىلىپ، ئەرلىرىنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى بالدۇر ئاقارتىشتىن، ئەركىلەپ قارشى سۆزلەرنى قىلىشتىن ۋە مۇرادىغا خىلاپلىق قىلىشتىن بارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تاقەتلىرى بىلەن ساقلىنىدۇ. ئەر نەقەدەر ئەخلاقسىز ۋە
مىجەزى ئوسال بولسىمۇ ئايالى تەربىيىلىك بولسا، ئۆز
ۋەزىپىسىگە رىئايە قىلىپ، ئېرىنىڭ قىلىقلىرىنى ئوڭشار،
تىرىشچانلىقى ۋە ئېتىقادى سەۋەبلىك ئېرى بىلەن گۈزەل
كۈن ئۆتكۈزمەككە مۇۋەپپەق بولار. گۈزەل تۇرمۇش
دەپ شۇنى ئېيتۇر. ئادەملەرنىڭ كۈچى يەتمىگەن بىر
خىزمەتنى گۈزەل خۇلق كامىل قىلۇر. ماللار بىلەن تۈ-
زىتىلمىگەن مىجەز گۈزەل خۇلق بىلەن تۈزىتىلۇر.

تەربىيىلىك ئاياللار گەرچە ئەرلىرى مەملىكەتكە
ھۆكۈمران بولغان پادىشاھلار ۋە ئىلىملىرى دەريا بولغان
ئۇستازلار بولسىمۇ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى بىلىپ ھەركەت
قىلىشلىرى، ئۆلپەت ئەدەپلىرىگە رىئايە قىلىشلىرى، ئىخ-
لاس بىلەن تائەت ــ ھۆرمەت كۆرسىتىشلىرى سەۋەبلىك
ئەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى تېپىشنى بىلەر. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي
ئەرلىرىنى ئۆزلىرىگە رام قىلىشنى بىلۇر.

## ئەرنىڭ يېقىنلىرىغا رىئايە قىلىش

تەربىيىلىك ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ئاتا ــ ئانىلىرىغا،
بالىلىرىغا، قېرىنداشلىرىغا ۋە قانداق بولۇشىدىن قەتئىي-
نەزەر دوستلىرىغا رىئايە قىلىشتا نۇقسان سادىر قىلماس.
كىشىنىڭ كۆڭلىنى تاپماق دوستنى دوست، دۈشمەننى
دۈشمەن بىلىشتىن باشلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە دوستنى
دۈشمەن، دۈشمەننى دوست قىلىشتا كۆڭۈل تاپماق ئو-
رۇنسىز ئىش ھېسابلىنىدۇ. ھەتتاكى دوستىنىڭ ئىتىنىمۇ
باشقا ئىتلاردىن ئارتۇق كۆرمەك لازىم، دېگەن گەپ بار.
ئاددىي ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا بولغان دوستلۇقنىڭ
شەرتلىرى بۇ دەرىجىدە بولغان ئىكەن، ھەر ۋاقىت ئې-
رىنىڭ كۆڭلىنى تاپماق بۇرچ ھېسابلانغان بىر ئايال
ئۈچۈن ئېرىنىڭ يېقىنلىرىغا نەقەدەر رىئايە قىلىش، ھۆر-
مەت كۆرسىتىش لازىملىقىنى ھەممە ئادەم بىلەر. ھەقتىن
قورقۇش ئۈمىدى بولغان بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ يېقىن-
لىرىغا، خۇسۇسەن ئاتا ــ ئانىسىغا قىلىنىدىغان ھۆرمەت-
لەرنى ئايالىنىڭ يۈز ــ خاتىرىسى ئۈچۈن ھېچ ۋاقىت پىدا
قىلماس. پەرەز قىلايلى، بىر ئەر ئۆزىنىڭ تەربىيىسىزلى-
كىدىن ۋە ئادىمگەرچىلىكىنىڭ يوقلىقىدىن يېقىنلىرىنى
ھۆرمەت قىلىشنى كۆڭلىگە كەلتۈرمىسە، ئەمما ئايالى
تەربىيىلىك بولسا، ئۆزى ئىززەت ــ ھۆرمەتكە رىئايە قى-
لىشتىن تاشقىرى ئېرىنىمۇ شۇنداق يولغا باشلاش ئۈچۈن
ھەرىكەت قىلۇر. ھويلىلارنىڭ بىر ــ بىرىگە تۇتاشلىقى ۋە
ئۆيلەرنىڭ بىر ــ بىرىگە يېقىنلىقى سەۋەبلىك شەرىئەت-
مىزدە قوشنىلارنىڭ ھەققى ئۇلۇغ بولغان ئەھۋال ئاستى-
دا، بىر جان، بىر قان بولغان يېقىنلارنىڭ ھۆرمىتىنىڭ
نەقەدەر ئۇلۇغ بولىدىغانلىقىنى ھەر كىم ئويلىسۇن. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن ئېرىنىڭ يېتىم بالىلىرىنى ئۆز بالىسى قاتا-
رىدا ياخشى تەربىيە قىلىش ۋە ئۆستۈرۈش ئاياللار ئۈ-
چۈن لازىم بىر ئىشتۇر.

كىشى نەقەدەر قاتتىق كۆڭۈل ۋە ئاچچىق سۆزلۈك
بولسىمۇ ئۆز بالىسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن خورلىنىشىغا
رازى بولماس. بەزى بىر ئۆگەي ئانىلار تەرىپىدىن بالى-
لىرىغا زۇلۇم قىلىنغاندا ئاتىلارنىڭ ئېغىز ئاچماي تۇ-
رۇشلىرى ئۇلارنىڭ بۇ ئىشقا رازىلىقلىرى ياكى بالىسىنى
سۆيمىگەنلىكلىرىگە، ئايالىنى بالىسىدىن ئارتۇق كۆرگەن-
لىكىگە نىشان بولماس. بۇنىڭ ئىككىنچى بىر ھېكمىتى
باردۇر. پەرەز قىلايلى، بىر ئاتا ئۆزىنىڭ يېتىم بالىسىغا
قارىغاندا ئايالىنى ئارتۇق سۆيسە، ئايالىنىڭ ئاچچىق
سۆزلىرى، غەزەپلىك بېقىشلىرى ۋە ئاياۋسىز مۇشتلىرى
ئاستىدا بالىسىنىڭ ئېزىلىشىگە قايغۇرمىسا، شۇ يېتىم با-
لىنىڭ ئاھلىرىغا قۇلاق سالغۇچى چىقماسمۇ؟ ئۇلارنىڭ
كۆزىدىن ئاققان ياشلىرىغا دىققەت قىلغۇچى تېپىلماسمۇ؟
ئەلۋەتتە چىقىدۇ ۋە تېپىلىدۇ.بىر كۈنى كېلىپ بۇنداق
ئايال ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە بىرمۇبىر جاۋاپ
بېرىدۇ، ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن ئانىلىق بۇرچ بەلكى ئىككى
ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ ئېلىنىدۇ. ھالبۇكى ئۆگەي بالىلىرىنى
چىرايلىق تەربىيىلىگەن ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە
ئېرىشىپ مۇھەببەت بىلەن تۇرمۇش كۆچۈرەر.

ئۆگەي بالىلارغا شەپقەتسىز بولغان ئاياللار ئايال
ئەمەس، يىرتقۇچتۇر. ئۆز بالىلىرىنىڭ ئىككىنچى بىر
باغرى قاتتىق ئايال تەرىپىدىن خورلىنىشىنى كۆز ئالدىغا
كەلتۈرۈپ قارىغان ھەر بىر ئايال بۇ سۆزنىڭ راستلىقىغا
ئىشىنىدۇ. يېتىملارغا زۇلۇم سېلىش ۋە شەپقەتسىز مۇئا-
مىلىدە بولۇش قاتتىق بىر گۇناھ بولۇپ، بۇ يالغۇز ئۆ-
گەي ئانىلارغىلا ئەمەس، بەلكى ئۆگەي ئاتىلار ۋە بار-
لىق يېقىنلارغا، بالىلارغا قارىغۇچىلارغىمۇ تېگىشلىكتۇر.
ئەرنىڭ مۇھەببىتىگە چوڭقۇر ئېرىشىش ئۈچۈن بالىسىغا
ماسلىشىش، ئەرنىڭ ئاتا ــ ئانىسىغا ۋە باشقا يېقىن
قېرىنداشلىرىغا ھۆرمەت قىلىشتەك كۈچلۈك سەۋەب

بولماس. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك ۋە ئەقىللىق ئاياللار بۇنى ياخشى بىلىپ، ئۆز يولى بىلەن ئىش تۇتار، بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادا راھەت، ئاخىرەتتە ياخشى قىسمەتلەرنى كۆرەر. بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھاۋادىكى بۇلۇت مىسالى تارقىلىپ كەتمەستىن بەلكى ھايات داۋامىدا ئىگىسىگە قايتار. ئاتا ـ ئانىسىغا خىزمەت قىلغان كىشىگە بالىسىمۇ خىزمەت كۆرسىتىدۇ. قېيىنئاتىسى بىلەن قېيىنئانىسىغا خىزمەت قىلىشتىن ئاغرىنىپ، ئېرىنى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىغان كېلىنمۇ كەلگۈسىدە ئۆز كېلىنىدىن ئۇشبۇ ئىشنى كۆرىدۇ. چۈنكى نېمە تېرىساڭ شۇنى ئورىسەن!

پالانى مۇنداق دېدى» دېگەنلەرگە قۇلاق سالماققا مۇپتىلادۇر. بۇنداق سۆزلەرگە نەقەدەر ئىشەنگۈسى كەلمىسىمۇ ئاڭلاشتىن ئۆزىنى تۇتالماس ۋە بۇنىڭ بىلەن قانچىلىك ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى سەزمەس. يامان ئاياللار ئىشكتىن كىرىپ كەلسە، ئىشنى ئەلۋەتتە ئۇشبۇ تەرتىپتە باشلار. دوستلىقى كامىل دەرىجىدە بولغان ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىسىنى بۇزماق، سالامەت كىشىلەرگە تۈرلۈك سۆزلەرنى قىلىپ قورقۇتۇپ، ئۇلارنى ئاغرىتىپ قويماق،ھەر خىل ئاماللار بىلەن ساپ كۆڭۈل كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىشەندۈرمەك يامان ئاياللارنىڭ ئورۇنسىز ئىشلىرىدۇر.

## سۆھبەت

تەربىيىلىك ئاياللار ياخشى ۋە كۆركەم خۇلقلىق ئاياللار بىلەن سۆھبەت قىلىپ، يامان خۇلقلىق ئاياللارنىڭ سۆھبىتىدىن نەپرەتلىنىدۇ ۋە ئۇنىدىن يىراق بولىدۇ. چۈنكى ياخشىلار بىلەن سۆھبەت قىلىپ ئۇلار بىلەن دوست بولماق ياخشىلىققا سەۋەب بولغىنىدەك يامانلار بىلەن سۆھبەت قىلماق ۋە ئۇلارغا يولداش بولماق، بۇزۇقلۇقلارغا سەۋەب بولىدۇر. يامان ئايال ئايال ئەمەس، بەلكى شەيتاندۇر. شۇ سەۋەبتىن يامان خۇلقلىق ئاياللارغا يورۇق يۈز ئاچماق ۋە ئۇلارنى ئۆيگە كىرگۈزمەك دۇرۇس ئىش ئەمەس. شەيتان بىلەن بولغان دوستلۇقتىن پايدا چىقماس. ئۆزۈم ياخشى بولغاندىكىن ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ماڭا نېمە زىيان، دېيىلمىسۇن. ئۇنىڭ زىيىنى بارلىقى قۇياش كەبى ئاشكارىدۇر، بۇنىڭغا ھېچبىر ئايال شۈبھە قىلمىسۇن.

ئادەم بالىسىنىڭ ھالىنى بىلمەك زۆرۈر بولغىنىدا ئەڭ بۇرۇن «دوستلىرى كىملەر» دەپ سورىشۇرلەر. دوستلىرى ۋە ئارىلاشقان كىشىلىرىنىڭ ياخشىلىقى ۋە يامانلىقىغا قاراپ، مەزكۇر كىشى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلۇر. تۈگمەنگە كىرگەن كىشىگە ئۇنى، قازان بېشىغا بارغانغا قارىسى يۇقار. يامان ئاياللاردا بولغان ھىيلە ـ مىكىرگە شەيتان ھەيران قالار.شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئاياللار ئىشىكتىن كىرىپ كەلسە، ئىش يامانغا تارتار. بىچارە ئادەم بالىسى نەقەدەر ئەقىللىق بولسىمۇ باشقىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەككە، خۇسۇسەن«سەن توغرىسىدا

## سىر ساقلىماق

تەربىيىلىك ئاياللار چوڭ بولسىمۇ، كىچىك بولسىمۇ ئۆز ئەرلىرىنىڭ سىرلىرىنى باشقىلارغا پاش قىلماقتىن، سۆزلىمەكتىن بەكمۇ ساقلىنىدۇر. سىرى پاش بولغان كىشى مۇرادىغا كۆپ مۇشەققەت بىلەن ئېرىشۇر، بەلكىم كۆپ ھاللاردا ئېرىشەلمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن سىرنى باشقىلارغا بىلدۈرمەك پەقەتلا زىيانلىقتۇر. سىرنىڭ ساندۇقى كۆڭۈل، ئاچقۇچى تىلدۇر. ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى ياخشى ساقلىمىغان ۋە كۆڭۈلنىڭ ئاچقۇچى بولغان تىلنى ياخشى تىزگىنلىمىگەن كىشى شۈبھىسىز ئەخمەقتۇر. سىر ساقلىمىغانلىق شەرىئەتتىمۇ زور ئەيىبتۇر. دېمەك، ئېرىنىڭ سىرىنى بىلىپ، ياخشى ساقلىماي ياتلارغا پاش قىلغان ئايال ھەم ئېرىگە، ھەم شەرىئەتكە خىيانەت قىلغان بولۇر. ئۆزىنىڭ سىرىنى ساقلىماي ئىككىنچى بىرسىگە «ساڭىلا ئېيتتىم، زىنھار ھېچكىمگە سۆزلىمە» دېگەن كىشى دۇنيادىكى ئىككى ئەخمەقنىڭ بىرى بولۇر. چۈنكى سىر ئىگىسى ئۆز سىرىنى ساقلاشقا قۇدرىتى يەتمەي باشقىلارغا سۆزلىگەن ئەھۋال ئاستىدا باشقا بىراۋنىڭ بۇنى ساقلاشقا قانداق كۈچى يەتسۇن؟ بۇ ئويلانماي قىلىنغان ئىشتۇر. چوڭلار باشقىلارنىڭ يۈزلەپ ئالتۇنىنى ساقلىماق، كىچىكىنە سىرنى ساقلىماقتىن يەڭگىل، دېگەن. سىر ساقلىمىغانلىقى سېزىلگەن كىشى ئىناۋەتكە ئېلىنماس، خەلق ئارىسىدا ئېتىبارى قالماس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېرىنىڭ سىرىنى باشقىلارغا يايغۇچى ئايالنىڭ خوتۇن بولۇپ تۇرمىقى لايىق ئەمەس.

مەسلەن، ئەر ئائىلىنىڭ يامان خۇلقىنى سېزىپ «ـ بۇنىڭغا سىر بىلدۈرۈش ياخشى ئەمەسكەن» دەپ دۈشـمىنىدىن سىر ساقلىغان دەرىجىدە ئائىلىدىن سىر ساقلاپ يۈرسە، ئۇلارنىڭ ئەر ـ خوتۇن بولۇپ دۇنيادا ياشاشلىـرىدا نېمە لەززەت بولسۇن. سىر ساقلىغۇچى ئائىلىلارغا ئەرلىرى ئىختىيارسىز مۇھەببەت قويىار. شۇڭلاشقا ئۇچۇن ئەرلىرىنىڭ سىرلىرىنى ياخشى ساقلىماق تەربىيىلىك ئائىلىلارنىڭ ئەڭ زۆرۈر بۇرچلىرىنىڭ بىرىدۇر.

## قانائەت ۋە رىزا

تەربىيىلىك ئائىلىلار ھەر ۋاقىت قانائەتلىك بولۇر.قانائەت يېتەرلىك بولغانغا ياكى ئۆزىدە تېپىلغىنىغا رازى بولماق دېمەكتۇر. بۇ ئەرلەر ئۇچۇنمۇ، ئائىلىلار ئۇچۇنمۇ ئەڭ گۈزەل بىر سۈپەتتۇر. قانائەت بىر خەزىنىدۇركى، ھېچ ۋاقىت كېمەيمەس. يېتەرلىك بولغانغا رازى بولمىغان كىشى ئالەمچە بايلىقى بولسىمۇ ھەرگىز قانائەت قىلماس. دېمەك، قانائەتسىزلىك ئادەم باللىسىدىكى بىر خەستىلىكتۇر. ئۇشبۇ سەۋەبتىن قانائەتسىزلىككە مۇپتىلا بولغان كىشى ئاخىرەتنىڭ توغرا يولىدىن چەتنەپ، كۆپ ۋاقىت ئادىششىپ قالۇر ۋە تۇرمۇشنىڭ كۆپ مۇشەققەتلىرىگە دۇچار بولۇر. قانائەتسىز كىشىنىڭ ھاجىتى كۆپ ۋە كۆزىنىڭ ئاچلىقى چەكسىز بولغانلىقتىن مۇرادىنى ھاسىل قىلىش ئۇچۇن ھەر ۋاقىت يالغان سۆزلەر بىلەن مەدداھلىق قىلۇر.شۇڭلاشقا ئۇچۇن ئائىلىلارغا ئەرلىرىنىڭ تاپقان ـ تەرگىنىگە قانائەت ئەيلىمەكلىك لازىمدۇر.

ئەگەر ئادەم باللىسى ھەر ۋاقىتتا ئۆزىدىن بىچارە كىشىلەرنى كۆرۈپ تۇرسا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈشى مۇمكىنلىكىنى كۆڭلىگە كەلتۈرسە، ئەلۋەتتە بارىغا قانائەت قىلغۇسىدۇر.

قولىغا كىرگەن مېلىنى ئېتىبار بىلەن سەرپ قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكىگە رازى بولۇر، ھەم شۈكۈر قىلۇر.«ساقلىقلىق بايلىقلىق» دېگەن سۆزنى ئۇنۇتماقلىق ياخشى ئەمەس.

## چېچەنلىك

ئۆيگە قارىماق، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ غېمىنى قىلماقلىق خىزمىتى ئائىلىلارنىڭ زىممىسىدە بولۇر. شۇڭلاشقا ئۇچۇن تەربىيىلىك ئائىلىلار ھەر ئىشقا چېچەن بولۇر. ئىسراپچىلىق قىلماقتىن، لازىملىق نەرسىلەرنى زايە قىلماقتىن ساقلىنۇرلار. چۈنكى دۇنيادا ياشاش ۋە باللارنى ياتلارغا ئېھتىياجسىز ھالدا تەربىيىلەشتە بايلىققا، مالغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۆلگەن كىشىنىڭ كېپەنگە موھتاج بولغىنىدەك تىرىكلەرنىڭ دۇنيا سەۋەبلىرىگە موھتاج بولۇشى شۈبھىسىزدۇر.

«باي ھالدا ۋاپات بولۇپ، ئائىلىنىڭ ئۆزگە ھېساپ بەرمەك، دۇنيادا كىشىلەرگە مۇھتاج بولماقتىن ياخشىراق»، ياكى«دۈشمەنلەر ئۇچۇن مال قالدۇرۇپ ئۆلمەك، دوستلارغا موھتاج بولۇپ ياشاشتىن ياخشىراق» دېيىلگەن سۆزلەر ناھايىتى ئەقىللىق ۋە ئىلملىك زاتلاردىن بايان بولۇنمىشتۇر. خۇسۇسەن بىزلەر شۇنداق بىر زاماندىمىزكى، ئېتىبار بايلىقتا، خارلىق نامراتلىقتىندۇر. ھالبۇكى، بايلىق تاپماق ئىجتىھات قىلىشقا، بار نەرسىلەرنى تۇتۇشنى بىلىشكە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۆي ئىچىدە بولغان خىراجەتلەر ۋە خىزمەتلەر ئائىلىلارنىڭ قولىدىن ئۆتىدىغانلىقى ئۇچۇن ئەرلەردىن ئېتىبارلىق ئورۇندا تۇرماقلىرى لازىمدۇر. ئەلگەككە بۇلاق سۈيى ھەر قانچە ئېقىپ تۇرسىمۇ ھامان توشمىغىنىغا ئوخشاش، باشقۇرۇشنى بىلمىگەن ئائىلىنىڭ ئىبرى ھەر قانچە پۇل تاپسىمۇ يېتىشمەس.

مەردلىك ئەرلەرگە نىسبەتەن گۈزەل خۇلق بولسىمۇ ئائىلىلارغا نىسبەتەن قىسمەن ئەيىبتۇر، دېيىلگەن. مال ـ مۈلۈكنىڭ قەدرىنى بىلگەن ئائىل ھەتتا نان ئۇۋاقلىرىغا قەدەر دىققەت قىلىپ، زايا قىلماس، ناننى ھاجەتتىن ئارتۇق سۇندۇرماس، ئاشقانلىرىنى ئۇيەر ـ بۇيەرگە تاشلىماس، خېمىر پارچىلىرىنى ۋە ئۇنلارنى باللىرىنىڭ تۆكۈشى ۋە چېچىشىغا يول قويماس. نەزىرىمىز ئىلغىمىغان نان ئۇۋاقلىرى ئۇچۇن زور مېھنەت سەرپ قىلىنغان. كىچىك بىر نان بۇردىلىرى ئۇچۇن دۇنيادا بەزىلەر جان بەرمەكتە. دۇنيادا بىر پىيالە سۇ بىلەن بىر پارچە نان ئۇچۇن پۈتۈن مۈلكىنى بېرىشكە رازى بولغۇچىلار بولغان ئەھۋال ئاستىدا بۇلاردىن كۆز يۇمۇش ئەقىلسىزلىق بولۇر.

يىغىپ پايدىلىنىش مۇمكىن بولغان تاختا پارچىلىرىنى تاشلىماق، ھاجەت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئوت ياقماق، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ئېچىپ بار بولغان ھارارەتنى چىقار ـماق، ئۆزى قىلالايدىغان خىزمەتلەر ئۇچۇن باشقىلارنى چاقىرماق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى

2003 . 1

بولۇمسىزلىقتۇر. ئاز ھەم كىچىككىنە نەرسىلەردىن تېگىشلىك رەۋىشتە پايدىلىنىلمىسا، كېيىن كۆپ ھەم مۇھىم نەرسىلەر سەرپ قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، يۇقىرىدا ئېيتقان نەرسىلەر ھەققىدە چېچەنلىك بىلەن ئىش تۇتۇلسا پايدا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، چېچەنلىك ئۇلۇغ بىر كەسىپ ـ ھۈنەردۇر. تەربىيىلىك ئاياللار ھەر ۋاقىت بۇنى ئەسلىرىدە تۇتار. «يوتقانىغا قاراپ پۇت سۇن» دېگەن سۆزنى تەربىيىلىك ئاياللار كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ زىننەت توغرىسىدا ئۆزلىرىگە بىر قائىدە قىلىپ ئەمەل قىلۇرلەر. دۇنيانىڭ كۈنى ئۆزۈن، مال ـ دۇنيا تاپماقنىڭ مۇشكۈل ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن ھەرگىز چىقماس. چۈنكى ھەر كۆرۈنگەن نەرسىنى ئالماق، كىيىم ـ كېچەك توغرىسىدا بايلارغا ئەگىشىش، بەئەينى ئىسراپنىڭ ئىشىكىنى ئاچماق ھېسابلىنىدۇر. ئىسراپ قىلىش بىلەن بايلىق ھېچكىمدە يىغىلماس. بىر مەرتىبە نېسىپ بولۇپ ئايرىلىپ كەتكەن دۆۋلەت ئىككىنچى مەرتىبە قايتىپ كەلمەس.

دۆلەتنى تۇتۇشنى بىلمىگەن ئائىلىنىڭ ئېرى كۈن ـ تۈن پۇل تېپىشقا موھتاج بولۇپ، قەيەردىن كەلسىمۇ، قانداق كەلسىمۇ كەلسۇن، دېيىشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقى شۈبھىسىزدۇر. شۇ سەۋەبتىن بىچارە ئەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خورلۇققا چۈشۈپ ھالاك بولۇر. بىر ياخشى نامىمۇ قالماي، سۇغا چۆككەن تاش كەبى يوقىلۇر.

ئۇشبۇ ھۆكۈمگە بىنائەن، ئاۋۋالقى زامانىنىڭ ئەزگۈ ۋە تەربىيىلىك ئاياللىرى ئەرلىرىنى بۇنداق رەسۋالىقتىن ساقلىماق ئۈچۈن غايەت قانائەتلىك بولغان ئىكەن. ئەرلىرى سەھەر تۇرۇپ، كەسىپكە ماڭغان ۋاقىتىدا «ھارام كەسىپ بىلەن شۇغۇللانما، ئاچ قالساقمۇ سەۋر قىلالايمىز، لېكىن دوزاخ ئوتىغا تاقىتىمىز يەتمەيدۇ» دەپ ئۈزىتار ئىكەن. بۇ دۇنيادا شۇ كەبى ئاياللار ھازىر ھەم باردۇر. كۆڭۈل كۆزى كۆرگەن كىشى ئۈچۈن بۇنداق ئائىلىنىڭ ئېرى بولماق بىر مەملىكەتنىڭ پادىشاھى بولۇشتىن خەيرلىكتۇر. ئۆزىنىڭ ئاچ ـ يالىڭاچ قالمىغىنىغا شۈكۈر قىلىپ، قانائەتلىك بولغان بىر ئەقىللىق كىشىنىڭ ئائىلى ئېرىنىڭ تەرلەپ ـ پىشىپ تېپىپ كەلگەن پۇلىنى تۇتۇشنى بىلمەي بۇزۇپ ـ چېچىپ تۈگەتسە ياكى ئېلىپ كەلگەن رومال، كۆڭلەك ۋە باشقا كىيىملىك نەرسىلەرنى ئىشلەتمەي تاشلاپ قويسا ياكى ئېغىر كۈنلەر ئۈچۈن ساقلاپ قويغان پۇللىرىنى زۆرۈرىيەتسىز زىننەتلەرگە ۋە زامانە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە سەرپ قىلىپ زايە قىلسا، ئۇنداقتا بىچارە ئەرنىڭ ھالىغا ۋاي. ئەگەر بۇنداق تەربىيىسىز ئايال ئۆز ھالىنى ياخشى بىلمەي ئېرى تەرىپىدىن قىلىنغان نەسىھەتلەرگە قارشى تۇرسا، بۇنداق ئايال بىلەن بىرگە ياشاش بىلەن جەھەننەمگە كىرمەكنىڭ ئارىسىدا پەرق قالماس. شۇ سەۋەبتىن ھەر بىر ئايالغا ئەدەپ ـ ئەردەم ۋە باشقا ئىلىملەرنى ئۆگەنمەك لازىم بولغىنىدەك، تىرىكچىلىك قىلىشنى بىلىش، مال ـ دۇنيا تۇتۇشنى بىلىش ئىلمىنى ھەم ئۆگەتمەك لازىم بولۇر. «ئەقىللىق ۋە تەربىيىلىك ئايال بولغان ئۆي ھېچ ۋاقىت خاراپ بولماس، تەربىيىلىك ئانىسى بولغان بالىلار يوقالماس» دېگەن پازىللار.

## پاكلىق ـ زىننەت

تەربىيىلىك ئاياللار ئۆز ئۈستىباشلىرىنى ھەر قاچان پاكىز ۋە گۈزەل تۇتۇپ يۈرگەندەك ئۆيلىرىنىمۇ كامىل دىققەت بىلەن پاكىز تۇتار. چۈنكى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھۆكمىچە پاك يۈرمەك، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر.

ئاياللارغا ئۆزلىرىنى ھەر ۋاقىت ئەرلىرىگە گۈزەل ۋە مۇھەببەتلىك كۆرسەتمەكلىك لازىم بولغىنىدەك پاسكىنا يۈرمەك ۋە ئۆيىنى بىسەرەمجان تۇتماق دۇرۇس بولماس. «ئۆينىڭ پاسكىنا تۇرمىقى خاراپ بولمىقىنىڭ ئالامىتىدۇر» دېيىلگەندۇر. ئۆيدە تەربىيىلىك ئايالىنىڭ بارلىقىغا ئۆينىڭ پاكىزلىقى، يوقلۇقىغا ئۆينىڭ مەينەتلىكى دەلىل بولۇر. ئەرلىرىگە مۇھەببەتلىك كۆرۈنۈش ئۈچۈن پاكىز بولۇش، خەزىنىسىدە بارىنى خەجلەپ كىيىنىش، ھەتتا پۇراقلىق نەرسىلەرنى سۈرتۈش، ئەزگۈلۈك ۋە توغرىلىققا خىلاپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك ئاياللار ئەرلىرى ئىستىگەن رەۋىشتە ھەر ۋاقىت پاكلىقنى ئادەت قىلۇرلەر، مۇمكىنقەدەر ساپ كۆڭۈل بىلەن ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلۇر. ئەرلىرىنىڭ خۇشال ۋاقىتلىرىدا مۇلايىم سۆپەتتە ئەرلىرىنىڭ يانلىرىدا بولۇرلەر ۋە ھەر ۋاقىت ناچار، روھسىز قىياپەتلەردە كۆرۈنمەكتىن ساقلىنۇر.

ئاياللارنىڭ تەربىيىلىك بولماقلىرى پۈتۈن كىشىلەر ئۈچۈن زۆرۈر بىر ئىش بولسىمۇ، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا زىننەتلەردە ئەرلىرى ئۈچۈن بولۇشى لازىمدۇر. ئەكسىنچە، تويلارغا، باغچىلارغا، سەيلى ـ ساياھەتكە بارغاندا زىننەتلەرگە بېزىنىپ، ئۆيلىرىگە، ئەرلىرىنىڭ

يېنىغا قايتقانلىرىدا ئەسكى ئىش كىيىملىرىنى كەيگۈچى ئاياللار تەربىيىسىز ئاياللاردۇر.

ئەرلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن زوررۇر ئىش پاكلىق دېدۇق، ئۇنداقتا پاكلىق دېگەن نېمە؟ پاكلىق بولسا ھەر ۋاقىت سوپۇن بىلەن يۇيۇنماق ۋە ھەر كۈنى كىر يۇماق ئەمەستۇر. بەلكى ھاجەت ۋاقىتلىرىدىن كىچىكتۈرمەي يۇماق ۋە يۇيۇلغاندىن كېيىن نەرسىلەرنى ۋە ئەزالارنى ساپ تۇتماق دېمەكتۇر. بولمىسا ئۆردەك كەبى بىر تەرەپتىن سۇغا چۆمۈلۈپ، بىر تەرەپتىن بالچىققا ئۆزىنى ئاتماق پاكلىق ئەمەستۇر. بەلكى بۇنداق قىلىش ھەقىقىي نىجىس ھالدىن تۆۋەن بىر سۈپەتتۇر. چۈنكى بىر تەرەپتىن يۇيۇنماق ۋەئىككىنچى تەرەپتىن ئىپلاس بولماقلا نۇرغۇن بۇيۇم ۋە ۋاقىت زايە بولىدۇ. ئەرلەرگە گۈزەل كۆرۈنمەك ئۈچۈن كىيمەك ۋە ياسانماق ياخشى ئىش بولسىمۇ، لېكىن بۇمۇ ھەر ھالدا لايىقىدا بولمىقى كېرەك. بەزى نەرسىلەر باركى، ئۇلار بىلەن ياسانماق مۇناسىپ بولماس. تۆۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر:

1. يۈز ۋە قوللىرىنى ئۇپا كەبى نەرسىلەر بىلەن بويىماق. بۇ بوياقلارغا زىيانلىق نەرسىلەر قوشۇلغانلىقتىن ياش ئاياللارنىڭ يۈزلىرىنى زەھەرلەپ، كەمپىرنىڭ يۈزىدەك پۈرۈشتۈرۈپ قويار ئىكەن. بۇ زىننەتلىنىشنىڭ مەقسىتى بولغان ئىشقا تامام خىلاپتۇر. بۇ بوياقلارنىڭ بەزى تۈرلىرى كۆز ھەتتا ئەقىلگە زىيان يەتكۈزەر ئىكەن. مەسىلەن، تېرىمىزدىكى ھۆجەيرىلەر ئارقىلىق ئىچكى ئەزالارغا ھاۋا كىرىپ تۇرغىسىدۇر. كىشى تەرلىگەندە چىققان تەر ئۇشبۇ تۆشۈكلەردىن كېلىپ چىقىدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن بۇ تۆشۈكچىلەرنى تازا تۇتماق لازىم. ھالبۇكى، ئۇپا ۋە باشقا بوياقلار بىلەن يۈز ۋە قوللارنى بويىغاندا مەزكۇر تۆشۈكچىلەر ئېتىلىپ قالىدۇ. بۇ بولسا زىياندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

2.چىشلارنى بويىماق. چىشلارنىڭ ئاقلىقى ئاياللارنىڭ ئايرىم بىر زىننەتلىرىدىندۇر. ئىلگىرىكى زاماندا ئاياللار چىشلىرىنىڭ ئاق بولمىقى بىلەن ئالقىشلىنار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىشلارنى ئاق تۇتماق، خۇسۇسەن زىيانلىق بوياقلاردىن پاك تۇتماق كېرەكتۇر. كۆز بىلەن قارىماققا چىشلار سۆڭەكتەك كۆرۈنسىمۇ خىزمىتى كۆپ بولغانلىقى سەۋەبتىن تەبىئىتى ناھايىتى نازۇك بولۇپ، ھەر قانداق نەرسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.چىشلار بۇزۇلۇپ، خىزمەتلىرىگە زىيان يەتسە، ئاشقازانغىمۇ زەرەر يېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، چىشنى زىننەتلەش نىيىتى بىلەن بىر نەرسە سۈرتمەك مۇۋاپىق بولماس. ئەسلىدە چىشنىڭ زىننىتى يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك ئاقلىقى ۋە پاكلىقىدىدۇر.

3.چاچنى ئۆرۈمەي يۈرمەك ۋە ئۇچىغا بىر نەرسە تاقىماق، شۇنداقلا بويىنىغا كۈمۈش ياكى ئالتۇن تەڭگىلەر ئاسماق. بۇ نەرسىلەر ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن باش ۋە بويۇنغا كېسەللىك كەلتۈرمەككە سەۋەب بولۇر. بۇندىن باشقا ئۇلار ساپ پۇل بولغانلىقى ئۈچۈن يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشۈش سەۋەبلىك خەۋپ تۇغۇلۇر.

## ھايا ــ ئىپپەت

ھايا ۋە ئىپپەت تەبىئىكى ئاياللارغا ئادەت بولمىقى لازىم.ھايا بىلەن ئىپپەت ئاياللارنى ئەرلىرىگە سۆيۈملۈك كۆرسەتكۈچى سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ قۇتلۇقلاشقا ئەرزىيدىغىنىدۇر. ئايالنىڭ ئەدەپسىز بولمىقىغا ۋە ھاياسىز يۈرمىكىگە ئەرلەرنىڭ ھېچ بىرى رازى بولماس. ئايالى بىرىنچى دەرىجىلىك گۈزەل بولسىمۇ نومۇسسىزلىقىنى بىلگەن ئەرنىڭ شۇ سائەتتە ئىخلاسى قايتۇر، مۇھەببىتى سۇنار ۋە نەپرەتلىنىشكە باشلار. نومۇسسىزلىق، ھاياسىزلىق خەلقنىڭ ئالدىدا ھېچ ۋاقىت ئەيىپ قىلىنماس. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك ئاياللار بىر تەرەپتىن ئەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى تېپىش ئۈچۈن، ئىككىنچى تەرەپتىن ھەقنىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن نومۇسسىزلىق ۋە ھاياسىزلىقتىن يىراق بولۇر. ھايالىق كىشىلەر نەقەدەر يوقسۇل بولسىمۇ ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ھۆرمىتى بولۇر. ھاياسىز كىشى نەقەدەر باي بولسىمۇ ئېتىبارى بولماس.

ھايا ئىسلام دەرىخىدىكى بىر شاخ بولۇپ، تومۇرلىرى جەننەتتىدۇر. بۇ شاخقا يېپىشقان زات ئەلۋەتتە تومۇرلىرىغا يېتىشۇر. ئاياللارنىڭ يۈزىدە بولغان ھايا قىزىللىقى ئەرلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە يېشىندىن تېز ۋە قۇتلۇق تەسىر قىلىپ، مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى چاچۇر. سۆز توشىماق، غەيۋەت قىلماق، يالغان سۆزلىمەك كەبى بۇزۇق خۇلقلار ھاياسىزلىقتۇر. تەربىيىلىك ئاياللار سۆز توشىماس، غەيۋەت قىلماس، يالغان سۆزلىمەس. يالغان سۆز ئەگەردە ئاياللار تەرىپىدىن ئەرلىرىگە سۆزلەنسە يامانلىقى ئىككى ھەسسە ئارتۇق بولۇر. ئېرىگە يالغان سۆزلىگەن ئايال دۇنيادىكى بىرىنچى دەرىجىلىك بۇزۇق

ۋە تەربىيىسىز ئايالدۇر.ھەرقانداق كىشى يالغانچىنى خو-
تۇن قىلىپ ئۇتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، خىزمەتچى قىلىپمۇ
ساقلىماس. قوپال سۆزلۈك كىشىلەر بىلەن ئورۇنسىز تا-
لاش ـ تارتىش قىلماق، كىشىگە ياۋۇز دۇئا قىلماق ۋە
لەنەت ئوقۇماق، كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىپ سۆزلىمەك،
ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلماق، تەكەببۇرلۇق قىلماق ۋە
باشقا ئىللەت ۋە خۇلقلارنى يوقتۇرماق، ھايالىق ۋە
تەربىيىلىك ئايالالارنىڭ ئىشى ئەمەس.

ھايا بىلەن ئىپپەت ئايالالارنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكى-
دۇر.بۇ شۇنداق بىر گۈزەللىكتۇركى،تاشقى كۆرۈنۈشى
بىرىنچى دەرىجىدە گۈزەل بولغانلار بىلەن تەڭلەشتۇرۇپ
بولماس. ھەتتا گۈزەل بولسىمۇ ھاياسىز ۋە ئىپپەتسىز
بولسا، ئۇنداق ئايالدىن ئېرى ۋە باشقا يېقىن دوستلىرى
تېز ئارىدا نەپرەتلىنىپ، ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ.

## ئۆي تۇتۇش

تەربىيىلىك ئايالالار ئۆيىنىڭ ۋە ئۆيىدىكى نەرسى-
لەرنىڭ ئىنتىزامىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئىنتىزام ھەر
نەرسە ئۆز ئورنىدا بولماق دېمەكتۇر. بۇ مەئىشەت ئىل-
مىنىڭ ئەڭ زۆرۈر بىر بابىدۇر. ئۆيدىكى نەرسىلەر بەل-
گىلىك ھەم ئۆزلىرىگە مۇناسىپ بولغان ئورۇندا تۇرسا
گۈزەل ساقلىنىدۇ ۋە كېرەك بولغاندا ئاسان تېپىلىدۇ. ئە-
گەر نەرسىلەرنىڭ بەلگىلىك ئورنى بولماي قەيەر ئۇدۇل
كەلسە، شۇ يەردە قويۇلسا قالايمىقان ھالەت شەكىللىنىدۇ.
بىرەر نەرسە كېرەك بولغاندا ئىزلەپ ۋاقىتنى بىكارغا
ئۆتكۈزۈپ ئۇمۇر زايە بولىدۇ. خۇسۇسەن بەزى نەرسىلەر،
مەسىلەن، پىچاق، ئاچقۇچ، قايچا، شام، پالتا، قەلەم، قە-
غەز ۋە ھەر تۈرلۈك ئاشخانا ئەسۋاپلىرى ئالدىراش كې-
رەك بولىدۇ، ھەر بىر دەقىقە جان بەرمەك كەبى ئېغىر-
سانىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق نەرسىلەرنىڭ ئورۇنلىرى
بەلگىلىك مۇقىم ئورۇن بولۇپ، كېرەك بولغان ۋاقىتتا
ھەر كىم شۇ يەردىن ئېلىپ،شۇ يەرگە قويىمىقى لازىم بو-
لىدۇ. بۇنى قائىدە قىلماق، خۇسۇسەن ئاشخانا ئەسۋاپلى-
رىنىڭ ئورۇنلىرىغا ۋە پاكىزلىقىغا ئېتىبار بەرمەك ئايال-
لارنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ. ئايالالارنىڭ تەربىيىلىك ۋە
ئىش بىلەرمەن بولۇشىدىكى ئۇچۇق ئالامەتنىڭ نېمە ئى-
كەنلىكىنى بىلەمسىز؟ بۇنى بىلىش تولىمۇ ئاساندۇر.
ئاشخانىسى پاكىز، يېمەك ـ ئىچمەك ئەسۋاپلىرى ساپ
ۋە تازا، ھەر بىر نەرسە دۇكاندىكىدەك تىزىقلىق ئو-
رۇنغا قويۇلغان بولسا، شۇ ئۆيدىكى ئايال تەربىيىلىك ۋە
ئىش بىلەرمەندۇر. بۇنىڭغا ھەرگىز شۈبھىلەنمەڭ.

بىر ئۆينىڭ تەرتىپلىك ياكى تەرتىپسىز بولۇشى شۇ
ئۆيدىكى ئايالغا باغلىقتۇر. يەنى ئۆيدىكى ئايال تەربىيە-
لىك بولسا ئۆيمۇ تەرتىپلىك، ئايال تەربىيىسىز بولسا،
ئۆيمۇ تەرتىپسىز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نەقەدەر باي،
نەقەدەر مەرتىۋىلىك ۋە ھۆرمەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينە-
زەر، ئۆيلەرنى ياخشى تۈزەتمەك ۋە ھەر نەرسىنى ئۆز
ئورنىدا ئىشلەتمەك، تەربىيىلىك ئايالنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.
ئەگەر ئۆيدە ھاجەت نەرسىلەرگە خاس بەلگىلىك ئورۇن
بولمىسا ئىشنىڭ نىزامى بولماس. ئۇ چاغدا ئاز نەرسە
ئۈچۈنمۇ سائەتلەپ ۋاقىت سەرپ بولىدۇ. بۇنىڭ مىساللى-
رى ھەر بىر ئۆيدە، ھەر سائەتتە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاش-
خانا ۋە ئۆي ئىچىدىكى ئەشيالار خۇسۇسىدا نىزام بو-
لۇپ، بەش مىنۇتتا داستىخان يېنىدا چاي ھازىر بولىدۇ.
بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا بەش مىنۇت ئەمەس، بەش سا-
ئەت ئۆتسىمۇ ساماۋەردىن سادا چىقماس. مېھمانلارنىڭمۇ
تاقىتى توشۇپ كېتىپ قالار، ئاقىۋەتتە ئۆيدە ئەر بىلەن
ئايال ئوتتۇرىسىدا بەزى بىر جەڭگى ـ جېدەل، غوۋغا
زاھىر بولىدۇ. بۇنداق تەرتىپسىز رەۋىشتە مېھمان كۈت-
مەكچى بولغان ئايال ئۆزى پايدىسىز مۇشەققەت تارتىش
بىلەن بىرگە ئېرىدىنمۇ رەھمەت ئالالماس. ئايال دېمەك
بىر ئائىلىنى تەرتىپ، قائىدە بىلەن تەربىيە قىلغۇچى دې-
مەكتۇر. ئۇنداق بولمىسا ئۇنىڭ ئىشلىگۈچى كىشىلىرىم
بار، دەپ كۆرپە ئۈستىدە كېرىلىپ ئولتۇرغۇچى، ياكى
قوشنا ئايالالارنى يىغىپ گەپ ساتقۇچى، ئۆتكەن ـ ـ
كەچكەنلەر توغرىسىدا تۈرلۈك سۆزلەرنى تېپىپ سۆزلە-
گۈچى، ئەتراپىتا بولغان خەۋەرلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇر-
غۇچى بەرىكەتسىز،مەنىسىز ئايالدىن پەرقى قالماس.

ئايالالارنىڭ ئۆيىنى تەرتىپ بىلەن تۇتۇشتىكى ئىش-
لىرىنى يوقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. خىزمەتچى ئايالنىڭ
بولۇشى بىلەن خوجايىن ئايالنى ۋەزىپىلەردىن خالاس
بولدى دېگىلى بولمايدۇ. خىزمەتچى ئايالالار نەقەدەر
كۆپ بولسىمۇ خوجايىن ئايالنىڭ ئىشلىرى يەنە شۇ نىس-
بەتتە كۆپ بولىدۇ. چۈنكى بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە
خىزمەت تەقسىم قىلىپ بېرىش ۋە ھەممىسىنى جايىدا
ئىشلىتىشنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، خىزمەتچى
ئايال بىر ئىشنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمىسە،

سۆزلەپ بەرگىنىنى چۈشەنمىسە، يەڭگى شىمايلاپ ئۆزى ئۇلارغا ئىشلەپ كۆرسەتمەك ۋە ياخشى بىلدۈرمەك لازىم بولىدۇ. تۇرمۇشىمىزدا ئاياللارنىڭ باشقۇرۇشتىن ئارتۇق يىڭنىلەرگە ۋە يەر ئۆلچەش ئىلمىنى بىلگىنىدىن ئارتۇق تاماق پىشۇرۇشقا موھتاج ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر. ئىشنىڭ تەرتىپىنى بىلىپ ئىشلىمەكمۇ بىر ھۈنەردۇر.

ئادەم ئىشلىتىشنى بىلىش، بىرىنچىدىن، قانداق ھالدا قىلىش كېرەكلىكىنى، ئىككىنچىدىن، ئىشلىگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، مۇلايىملىق بىلەن خىزمەت قىلدۇرماقتىن ئىبارەتتۇر. خۇسۇسەن، غەپلەت بېسىپ بىرەر نەرسىگە زىيان يەتكۈزگۈچى ئىشچىغا جازا بەرمەك ياكى قىينىماق تەربىيىگە خىلاپ، بەلكى بۇ ئادەتلەر تۆۋەن كىشىلەرگە خاس خۇلقلاردۇر.

ئادەم بالىسى نەقەدەر غاپىل،پاراسەتسىز بولسىمۇ ئۇرماق ۋە قىينىماقتىن ئەمەس، ياخشى سۆزدىن ۋە ئىنكار نەزىرىدە قارىغان كۆزدىن ئۇيۇلۇر، تارتىنۇر. شۇ سەۋەبتىن باشقىلارنى ئىشلەتكۈچى كىشى ئۆزىنىڭ ئورنىنى بىلىپ،ئۆزىگە خاس ئورۇندا تۇرمىقى لازىم بولۇر.چۈنكى كۆپ جازالانغان، تەنبىھ ئاڭلىغان، داۋاملىق قىينچىلىق كۆرگەن كىشى شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ، كېيىن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، بىزىرىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن ئاچچىقلانماي، ئىشلىرىنى سەبىر بىلەن قىلدۇرۇر ۋە خىزمەت ئىزلەپ يۈرگۈچىلەرنى ئۆزلىرىدىن بەزدۈرمەسلەر.چۈنكى خىزمەت قىلغۇچىلارمۇ خىزمەت قىلدۇرغۇچى بايلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر.

## سالامەتلىكنى ساقلىماق

سالامەتلىك بىر نېمەتتۇركى، ھېچقاچان ھەققى ئادا قىلىنماس. سالامەتلىك بولمىسا، پۈتۈن دۇنيا پەرىشتە بولسىمۇ كۆزگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەس. خەستىلىكنىڭ تۈرلىرى كۆپ ۋە سەۋەبلىرى ھەر خىل بولسىمۇ تەجرىبىگە ئاساسەن بەزىلىرىنىڭ سەۋەبلىرى مەلۇم بولمىشتۇر. خەستىلىك سەۋەبلىرىدىن مۇمكىن بولغان ھالدا ساقلانماسلىق ئاللاھ ئۇلۇغ ئىگىمىز ئېھسان قىلغان سالامەتلىك نېمىتىگە كۇپرانلىك قىلماقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك ئاياللار سالامەتلىككە زەرەر قىلىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنۇر، بىر مىقتار بولسىمۇ خەستىلەرنى تەربىيە قىلىش قائىدىلىرىنى ئۆگىنۇرلەر.

يۇمشاق كۆڭۈللۈك ۋە مەرھەمەتلىك بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاياللار خەستىلەرنى گۈزەل ۋە مۇلايىم كۈتۈشنى بىلۇر.

سالامەتلىككە زەرەر يەتكۈزگۈچى نەرسىلەرنىڭ ھەممىگە مەلۇم بولغانلىرى: تەن قىزىغان ۋاقىتتا سوغۇق سۇ ئىچمەك، كىشىلەر بار يەردە كۆمۈر ئىسى ۋە باشقا زىيانلىق ئىسلارنى چىقارماق، تىرىكلىك قىلىۋاتقان ئورۇننى ھۆل تۇتماق، مايلىق نەرسىلەرنى كۆپ يېمەك، ئاچ كۆزلۈك قىلماق، مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچمەك، زىنا قىلماق، نەشە چەكمەك ۋە ۋاھاكازالار.

سالامەتلىكنىڭ مەشھۇر سەۋەبلىرى: تەن ۋە كىيىملەرنى، تىرىكچىلىك قىلىپ تۇرغان ئورۇننى پاكىز تۇتماق،تاھارەت ئالماق،ئۆي خىزمەتلىرىنى قىلماق ۋە باشقىلار.

ئەگەر بىرەر تۈرلۈك ئاغرىق پەيدا بولسا، ئادەتتىن تاشقىرى قايغۇرماق ۋە ھەسرەتلەنمەك،ئۈمىدسىزلەنمەك لايىق ئەمەس. چۈنكى بارچە خەستىلىكنىڭ داۋاسى باردۇر.

ئەھلى ئاۋام خەستىلىكنىڭ ھەممىسى بولمىسىمۇ كۆپىنى جىن ياكى كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن دەپ قارايدۇلەر. ئۇلارنىڭ پىكرىگە كۆرە بۇنداق كېسەللىكلەرگە تېۋىپلار شىپا قىلالماس، موللىلارغا ئوقۇتۇش لازىم ئىمىش. ئۇشبۇ سەۋەبلەر ئۈچۈن كۆپلىگەن كېسەللەر ۋاقتىدا تېۋىپلارغا كۆرۈنمەس. بۇ شۇ دەرىجىدە بۇزۇق ۋە ئەقىلسىز سۆزدۇركى، بۇزۇقلىقى ھەققىدە قەغەزگە يازماق پايدىسىزدۇر. مەجۇسىيلىك زامانىسىدىن ھازىرقى زامانىمىزغىچە قالغان نەرسىلەرنىڭ بىرى ئۇشبۇ ئېتىقاتتۇر.

ھېچقانداق مەرىپەتلىرى بولمىغان ھالدا كېسەلنىڭ يېنىغا كىرىپ، سېنى جىن ئۇرۇپتۇ ياكى ئىچىڭگە كىرىۋاپتۇ، دەپ قاپ يۈرەكلىك بىلەن قورقۇنچلۇق سۆزلەرنى قىلغۇچىلار بىچارە كېسەلنىڭ ئاغرىقىنى ئاشۇرار، ئەجىلىنى تېزلەشتۈرەر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك ئاياللار بۇنداق سۆزلەرنى تىللىرىغا ئەمەس، كۆڭۈللىرىگىمۇ كەلتۈرمەسلەر، شۇنداق دەپ سۆزلىگۈچىلەرگىمۇ ئىشەنمەسلەر.

گۈزەل ئەخلاق يولىدا بىر خىزمەت بولۇپ قالسۇن، دەپ يازغانلىرىمىز مۇشۇ يەردە تامام بولدى. باشقىلىرىنى يازماق ئۈچۈن ئاللا تائاللادىن ياردەم ئۈمىت قىلىمىز.

---

(1991 ـ يىلى تاشكەنت «مېھنەت» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىسىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەزىزى)

مۇھەررىرى: يۇسۇپ ئىسھاق

# مەشھۇر ئالىم ئەل پەرغانى



ئەزىزى

بىز ئۆزىمىزنىڭ كۆپ ئەسىرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزدىن شۇ قەدەر يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى بارلىق نەتىجىلەرنى باشقىلارنىڭ ئىلتىپاتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا كۆنۈكۈپ كەتكەنىمىز. بولۇپمۇ تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى بايقاشلارنى نوقۇل غەربلىكلەرنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان سىرلىق مۆجىزە، دەپ تونۇش كۆپ ساندىكى كىشىلىرىمىزنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن بىر خىل غەيرىي تۇيغۇ. شۇنى ۋىجدانەن تەن ئېلىشىمىز كېرەككى، بۇ نۇقتىدا مائارىپىمىز يول قويغان سەۋەنلىكلەرنىڭ سالمىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ مائارىپ قۇرۇلمىمىز چەت ئەلنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مائارىپ قۇرۇلمىسى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ئەڭ مۇھىمى بىزنىڭ ئوقۇشلۇقلىرىمىز، بولۇپمۇ تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى ئوقۇشلۇقلىرىمىز «غەرب مەركەز» چىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا يېزىلغان، غەرب ئەللىرىنىڭ خەلقئارادىكى ئابرويى ۋە شۆھرىتىنى تىكلەش چىقىش قىلىنغان غەرب ئوقۇملىرى ئاساسىدىكى دەرسلىكلەردىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بولغاچقا كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ بىلىش دائىرىسى پەقەت شۇ نۇقتىلار بويىچىلا چەكلىنىپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇڭا كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئوقۇش جەريانىدا دەرسلىكلەردىكى تەلەپلەر بويىچە پىفاگور، ئارىستوتېل، كوپېرنىك، گالىلېي، دېكارت، نيۇتون قاتارلىق غەرب ئالىملىرى ھەققىدە ئاز ـ تولا چۈشەنچىگە ئېرىشىش پۇرسىتىگە نائىل بولسىمۇ ئۆز ئەجدادلىرىمىزدىن بولغان، ئىلىم ـ پەن جەھەتتىكى تۆھپىسى نۇقتىسىدىن يۇقىرىقى غەرب ئالىملىرى بىلەن دەرقەمدە تۇرالايدىغان ئەل خارەزمى، ئەل فارابى، ئەل پەرغانى، ئىبنى سىنا، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى، ئەبۇ ئابدۇللاھ خارەزمى، ئۇلۇغبېك قاتارلىق ئالىملىرىمىزنى دېگەندەك بىلىپ كەتمەيدۇ. گەرچە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ ئەھمىيەتلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بۇ نەتىجىلەر پەقەت تەتقىقات ساھەسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغاچقا، ئەۋلادلىرىمىز بۇ ھەقتە يەنىلا تەربىيىسىز قالماقتا. بۇ ئەلۋەتتە جەمئىيىتىمىز جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مەسىلە.

ئەل پەرغانى ئوتتۇرا ئەسىر ئىلىم ـ پەن تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق مەشھۇر ئالىملارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇل ئابباس ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى كەسىر ئەل پەرغانى بولۇپ، تەخەللۇسىدىن ئۇنىڭ پەرغانىلىك (ھازىر ئۆزبېكىستان تېررىتورىيىسىگە تەۋە) ئىكەنلىكى مەلۇم.

ئەل پەرغانى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار تولىمۇ ئاز بولۇپ، ئالىملار تارىخىي سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ تۇغۇلغان يىلىنىڭ تەخمىنەن مىلادىيە 797 ـ يىللىرى ئەتراپىدا بولۇش ئېھتىماللىقىنى مۆلچەرلىگەن. مەنبەلەردە ئەل پەرغانى ھەققىدىكى بىۋاستە ئۇچۇرلار ئۇنىڭ خەلىپە ھارۇن ئەر رەشىد (786 ـ 809)

ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئابباسىلار سۇلالىسى دەۋرىدە دەمەشىق ئەتراپىدىكى كاسىيۇن دېگەن ئېگىزلىكتە قۇرۇلغان رەسەتخانىدا ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىدىن باشلىنىدۇ. ئەل پەرغانىنىڭ خەلىپىلىك تەۋەسىدىكى كاسىيۇن رەسەتخانىسىغا كېلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق ئىككى نۇقتىدىن پەرەز قىلىشقا بولىدۇ: بىرىنچىدىن، ئەل پەرغانى خەلىپە ھارۇن ئەر رەشىدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ خەلىپىلىكىنىڭ خۇراساندىكى نائىبى بولۇپ مەرۋدە تۇرغان چاغدىلا ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان ئالىم ـ ئۆلىمالار قاتارىدا بولغان بولۇشى ۋە ئابدۇللاھ ئەل مەئمۇن دېگەن نام بىلەن خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلىپ مىلادىيە 819 ـ يىلى باغداتقا كۆچكەندە خەلىپە بىلەن بىرگە باغداتقا بېرىپ كاسىيۇن رەسەتخانىسىغا ئەۋەتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئېھتىماللىق تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. سالمىقى بىر قەدەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى مەرۋ ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يىرىك مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن مەركىزى بولۇپ، ئەل پەرغانىدەك ئىلىم ـ پەن شەيداسىنىڭ بۇ يەرگە تەلپۈنمەسلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇللاھ خەلىپىلىكىنىڭ خۇراساندىكى نائىبى. مەرۋدە تۇرغان چېغىدا ئەتراپىغا كۆپلىگەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئالىملارنى توپلىغان بولۇپ، ئۇ خەلىپە بولۇپ باغداتقا كۆچكەندە ئەتراپىدىكى ئالىملارنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتكەن. شۇڭا ئەل پەرغانىنىڭ ئەنە شۇ ئالىملار قاتارىدا بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. ئىككىنچىدىن، ئابباسىلار سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرى غايەت زور گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن بولۇپ، خەلىپىلىكنىڭ پايتەختى باغدات دۇنياۋى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئوچىقىغا ئايلانغان ئىدى. شۇڭا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن نۇرغۇن ئىلىم ئىگىلىرى باغداتقا توپلىنىپ، خەلىپىلىكنىڭ قىزغىن ھامىيسىگە ئېرىشكەن ئىدى. بەلكىم ئەل پەرغانىمۇ ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلالايدىغان شۇنداق بىر ئەۋزەل مۇھىتنى ئىستەپ باغداتقا كەلگەن بولۇشى، باغداتتا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ئاسترونومىيە جەھەتتىكى ئالاھىدە ئىقتىدارىغا ئاساسەن خەلىپىلىك تەرىپىدىن كاسىيۇن رەسەتخانىسىغا ئەۋەتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئەل پەرغانى ھەققىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئېنىق مەلۇمات مىلادىيە 861 ـ يىلىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئەل پەرغانى شۇ يىلى خەلىپە مۇتەۋەككىل(861 ـ 847 ـ يىللىرى خەلىپىلىك قىلغان)نىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن نىل دەرياسىنىڭ سۇ يۈزىنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل تېخنىكىلىق قۇرۇلمىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئۈچۈن مىسىرغا بارغان. «ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيىسى»(1 ـ توم، 555 ـ بەت) دىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن غايەت ئىلغار ئىلمىي ـ تېخنىكىلىق بۇ قۇرۇلما نىل دەرياسىنىڭ سەييالەتۇل راد مەھەللىسىدە ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان.

ئەل پەرغانىنىڭ مىلادىيە 861 ـ يىلدىن كېيىنكى ئىش ـ پائالىيەتلىرى ھەققىدە ھازىرغىچە ھېچقانداق مەلۇمات ئېنىقلانمىغان. شۇڭا تەتقىقاتچىلار تەخمىنىي ھالدا ئەل پەرغانى مىلادىيە 865 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بەزى مەلۇماتلاردا ئەل پەرغانىنىڭ مىسىردا ناسرانىيلار ئارىسىدا ياشاپ، ئۇلارنىڭ دىنىغا ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ۋەقەنىڭ راست ياكى يالغانلىقى، قايسى ۋاقىتتا يۈز بەرگەنلىكى ئېنىق بولغان تارىخىي پاكىتلار بىلەن دەلىللەنمىگەن. شۇڭا ھازىرچە بۇنى پەقەت ئېنىقلانمىغان مەلۇمات سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. «ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيىسى»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، زەھىرىدىن مۇھەممەد بابۇر نامىدىكى ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسى 1997 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مىسىردا ئەل پەرغانى ھاياتىغا دائىر تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئەل پەرغانىنىڭ مىسىرنىڭ پۇستات شەھىرىدە ۋاپات بولغانلىقىنى، مۇنەتتام تېغىنىڭ شەرقىي تەرەپ سەل نېرىسىغا جايلاشقان ئىمام ئەش شافى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغانلىقىنى ئېنىقلىغان. ئېكسپېدىتسىيە ئەزالىرى تەرىپىدىن ئەنە شۇ قەبرىستانلىقتىن ئېلىپ كېلىنگەن تۇپراق ئەل پەرغانىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ھازىرقى پەرغانە ۋادىسىدىكى قۇۋا شەھىرىدە 1998 ـ يىلى بەرپا قىلىنغان رەمزىي قەبرىگە قويۇلغان. ئەل پەرغانىنىڭ ئۆز ھاياتىدا جەمئىي قانچە پارچە ئەسەر يازغانلىقى تېخى ئېنىقلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا ۋە گېئوگرافىيە پەنلىرىگە مۇناسىۋەتلىك يەتتە پارچە ئەسىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

1. «كىتاب ئەل ھەرەكەت ئەس ساماۋىيە ۋەجەۋامى ئىلم ئەن نۇجۇم»(«ساماۋى ھەرىكەتلەر ۋە ئومۇمىي ئىلمىي نۇجۇم كىتابى»)بۇ ئەل پەرغانىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ، «ئاسترونومىيە ئاساسلىرى

ھەققىدە كىتاب» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ھەمدە ملادىيە 1145 ـ ۋە 1175 ـ يىللىرى ئىككى قېتىم لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، بىرنەچچە ئەسىر داۋامىدا ياۋروپادىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئاساسلىق ئاسترونومىيە قوللانمىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. نەتىجىدە ئەل پەرغانىنىڭ نامى ياۋروپادا ئەلپراگانۇس دېگەن شەكىلدە شۆھرەت قازانغان. ئەل پەرغانىنىڭ بۇ ئەسىرى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئاسترونومىيە ۋە گېئوگرافىيەگە ئائىت ئەڭ مۇھىم چۈشەنچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ شەرق مەملىكەتلىرى، شۇنداقلا ياۋروپا ئەللىرىدىكى ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىنى زۆرۈر ئاساسلار بىلەن تەمىنلىگەن. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدىكى گېئوگرافىيەگە ئائىت قىسمىدا ئەل پەرغانى بارلىق رايونلارنى شەرقتىن غەربكە بولغان يۆنىلىشتە يەتتە ئىقلىمغا بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ كوردىناتىنى بېرىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ لاتىنچە تەرجىمىسى 1493 ـ يىلى تاش باسما ئۇسۇلىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئەڭ بۇرۇن نەشر قىلىنغان كىتابلاردىن سانىلىدۇ. گوللاندىيىلىك مەشھۇر ماتېماتىك ۋە ئەرەبشۇناس ياكوب گولىئۇس 1669 ـ يىلى ئەل پەرغانىنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئەرەبچە ئەسلى نۇسخىسى ۋە يېڭى لاتىنچە تەرجىمىسى بىلەن نەشر قىلدۇرغاندىن كېيىن ئەل پەرغانىنىڭ نامى ياۋروپادا يەنىمۇ شۆھرەت قازىنىپ كېتىدۇ.

2. «ئاستۇرلاب ياساش ھەققىدە كىتاپ»، يەنى «ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ـ ئۆلچەش ئەسۋابى ياساش ھەققىدە كىتاب». بۇ ئەسەردە ئەل پەرغانى ئاستۇرلاب ياساشقا ئائىت قائىدىلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئاساسلاپ بەرگەن. ئەسەرنىڭ قولىيازمىلىرى بېرلىن، لوندۇن، مەشھەد، پارىژ، تېھران كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا.

3. «ئاستۇرلاب بىلەن ئىشلەش ھەققىدە كىتاپ»بۇ ئەسەرنىڭ بىرلا قولىيازمىسى ھىندىستاننىڭ رامپۇر شەھىرىدە ساقلانماقتا.

4. «ئەل پەرغانى جەدۋەللىرى» (بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى ھىندىستاننىڭ پەتنە شەھرىدە ساقلانماقتا)

5. «ئاينىڭ يەر ئاستىدا ۋە ئۈستىدە بولۇش ۋاقىتلىرىنى ئېنىقلاش ھەققىدە رىسالە» (بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى قاھىرەدە ساقلانماقتا)

6. «يەتتە ئىقلىمنى ھېسابلاش ھەققىدە» (بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىلىرى گوتا ۋە قاھىرەدە ساقلانماقتا).

7. «قۇياش سائىتىنى ياساش ھەققىدە كىتاپ» بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىلىرى ھەلەپ ۋە قاھىرەدە ساقلانماقتا.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەبۇ رەيھان بېرۇنى تەرىپىدىن «ئەل خارەزمى‹زىج›نىڭ نەزەرىيىۋى قاراشلىرىنى ئاساسلاش»ناملىق ئەسەرئەل پەرغانىغا تەۋە دەپ ئەسلىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە قولىيازمىسى تېپىلمىغان.

ئەل پەرغانى ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتى ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپلا قالماستىن، بەلكى ئويغىنىش دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك ناماياندىلىرىنىڭمۇ نەزەرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. بۇ نۇقتىنى ياۋرۇپا ئويغىنىش دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى سەردارى، ئىتالىيىلىك دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئەدىپ ئالىھېرى دانتې ئەسەرلىرىدىن كۆرىۋېلىش مۇمكىن. دانتې كۈچلۈك ئىزدىنىش روھىغا ئىگە، بىلىم دائىرىسى كەڭ، ئىلمىي ھەقىقەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان ئەدىپ بولۇپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە قەدىمكى يۇنان، رىم دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئىلىم ـ پەن نەتىجىلىرىدىن، شۇنداقلا شەرق مۇسۇلمان خەلقلىرى مەدەنىيتىنىڭ نادىر ئۆلگىلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. دەرۋەقە دانتېنىڭ ئەرەب تىلى ياكى باشقا شەرق خەلقلىرىنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلىقى مەلۇم ئەمەس. شۇنداق ئىكەن ئۇنىڭ شەرق خەلقلىرى مەدىنىيتىگە دائىر بىلىملىرى ئەرەب تىلى ئارقىلىق لاتىن تىلىغا قىلىنغان تەرجىملەردىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

دانتې ئەسەرلىرىدە ئىبىن رۇشد، ئىبىن سىنا قاتارىدا ئەل پەرغانىنىمۇ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. ئاتاقلىق ئۆزبېك ئالىمى، پروفېسسور نەجمىددىن كاملوفنىڭ قارىشى بىلەن ئېيتقاندا، «تەبىئەتشۇناسلىق، ئىلمىي نۇجۇمغا ئائىت مەلۇماتلارنى شائىر‹يەنى دانتې› ئەل پەرغانى ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغان. 9 ـ ئەسىردە ياشىغان پەرغانىلىق ئەللامىنىڭ يۇلتۇزلار ئىلمىگە دائىر ئىشلىرى ئىتالىيان شائىرىغا ئاساسي دەستۇرلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ‹بەزمە›دە بايان قىلىنغان مۇلاھىزىلەر، ‹ئىلاھىي كومېدىيە›دە كەلتۈرۈلگەن پەلەك تۈزۈلۈشىنىڭ تەسۋىرىمۇ كۆپ جەھەتلەردىن ئەل پەرغانى كۆزىتىشلىرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ» ①««ئىلاھىي كومېدىيە›دە تەسۋىرلەنگەن ئاسمان جىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ھەركىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى گەپلەر، مۇساپە ئۆلچەملىرىنىڭ ھەممىسى ئەل پەرغانىدىن

ئېلىنغاندۇر.» ②نەجمىددىن كاملوفنىڭ بۇ قاراشلىرىنى ھەرگىزمۇ بىر تەرەپلىمە، مىللىي يېقىنچىلىقنى چىقىش قىلغان ساددا خۇلاسە دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى مەشھۇر دانىتشۇناس ئى. ن. گولېنشېف كوتوزوفمۇ دانتېنىڭ ئاسترونومىيە مەسىلىسىدە كۆپرەك ئەل پەرغانىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ③ تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، دانتې ئۆزىنىڭ بەزمە ناملىق ئەسىرىدە ئەل پەرغانى ئەسەرلىرىدىن ئىقتىباسلار كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قاراشلىرىنى باشقا ئاسترونوملارنىڭ قاراشلىرىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويغان. دانتې گەرچە پەننىي پەرق نوقتىسىدىن ئىستىپداتلىق ئەدەبىيات ساھىبى، يېتۈك شائىر بولسىمۇ، لېكىن ئاسترونومىيىگە چوڭقۇر قىزىقىش، ھەۋەس بىلەن ياندىشقان. ئالەمنىڭ تۈزۈلۈشى، ئاسمان جىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەت، خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدىكى ئاجايىپ رەڭدار چۈشەنچىلەر شائىرنىڭ تەپەككۇرىنى مول مەنبە بىلەن تەمىنلىگەن. شۇڭا دانتې ئاسترونومىيىگە، ئاسترونومىيە تارىخىدىكى مۇھىم شەخسلەرنىڭ بىرى بولغان ئەل پەرغانى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبارىنى قاراتقان.

1647 ـ يىلى ئاتاقلىق ئاسترونوم يان گېۋېلىلىنىڭ«سېلېنوگرافىيە»(سېلېنوگرافىيە ـ ئاسترونومىيىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، مەخسۇس ئاينى ئۆگىنىشكە قارىتىلغان پەن)ناملىق كىتابى نەشر قىلىندۇ. كىتابتا مۇئەللىپ ئايدىكى ۋولقان ئېغىزى ـ ئازگاللارغا ئاشۇ دەۋردە مەشھۇر بولغان تارىخىي شەخسلەر، ئالدى بىلەن ئاسترونوملارنىڭ ئىسمىنى قويىدۇ. بۇ شەخسلەرنىڭ كۆپ قىسمى ياۋروپالىق بولسىمۇ، لېكىن ئاسترونوم يان گېۋېلىلىنىڭ ئىلمىي ئىشلاردىكى خالىسلىقى سەۋەبىدىن ئاسترونومىيە ساھەسىدە ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان شەرق ئالىملىرىدىن ئۇلۇغبېك، ئەل بەتتانى، ئەبۇل ۋەپا قاتارلىقلارنىڭ نامى ئايدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئەنە شۇ قاتاردا ئەل پەرغانىنىڭ نامىمۇ ياۋروپاچە ترانسكرىپسىيەسى بويىچە ئەلپراگانۇس شەكلىدە ئايدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى. ④

مەشھۇر ئاسترونوم، ماتېماتىك، گېئوگراف ئەل پەرغانىنىڭ ئەسەرلىرى گەرچە ھازىر تولۇق نەشر قىلىنمىغان ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنمىغان بولسىمۇ دالامبېر، بروكېلمان، خ. زۇتېر، ئى. يۇ. كراچكورسكىي، ئا. پ. يۇشكېۋىچ، ب. ئا. روزېنفېلد قاتارلىق ياۋروپا ئالىملىرى ئەل پەرغانىنىڭ پەن تارىخىدىكى قىممەتلىك ئىلمىي مىراسلىرىغا يۇقىرى باھا بەرگەن.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، 1998 ـ يىلى ئۆزبېكىستاندا پرېزىدېنت ئىسلام كەرىموفنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەل پەرغانى تەۋەللۇتىنىڭ 1200 يىللىقى كەڭ دائىرىدە تەبرىكلەنگەن. پەرغانە شەھىرىدە ئەل پەرغانى نامى بىلەن ئاتالغان ئىستىراھەت بېغى قۇرۇلغان، ئەل پەرغانىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى دەپ قارالغان قۇۋا شەھىرىدە ئەل پەرغانى ھەيكىلى ئورنىتىلغان. ئۆزبېكىستان رېسپۇبلىكىسى ۋەزىرلەر مەھكىمىسىنىڭ«ئەھمەد ئەل پەرغانى تەۋەللۇتىنىڭ 1200 يىللىقىنى نىشانلاش توغرىسىدا»كى قارارىغا ئاساسەن ئەل پەرغانىنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرىگە بېغىشلانغان ئىلمىي ئەنجۇمەنلەر، بەدىئىي كۆرگەزمىلەر ئۆتكۈزۈلگەن، كىتابلار نەشر قىلىنغان. ئەللامىگە بېغىشلانغان دراممىلار سەھنىلەشتۈرۈلگەن، فىلىملار سۈرەتكە ئېلىنغان. پەرغانە شەھىرىدىكى مەيدان، كوچا، مەكتەپلەرگە ئەل پەرغانى نامى بېرىلگەن. ⑤

### ئىزاھلار

① نەجمىددىن كاملوف (ئۆزبېكىستان): «تەپەككۇر كارۋانلىرى» تاشكەنت «مەنئۋىيەت» نەشرىياتى، 1999 ـ يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 66 ـ بەت («بەزمە»، «ئىلاھىي كومېدىيە» دانتېنىڭ ئەسەرلىرى)

②يۇقىرىقى ئەسەر، يۇقىرىقى بەت

③ يۇقىرىقى ئەسەر، يۇقىرىقى بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قارالسۇن.

④ ئۆزبېكچە «جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىل ماي سانىدىكى ئابدۇللا ئەزەموفنىڭ «ئەھمەد ئەل پەرغانى نامى بىلەن» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن.

⑤ «ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيىسى» تاشكەنت، 2000 ـ يىل نەشرى، 1 ـ توم، 555 ـ ، 556 ـ بەتلەر

### پايدىلانغان مەنبەلەر

«مەنئۋىيەت يۇلتۇزلىرى» ئۆزبېكىستان رېسپۇبلىكىسى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەبۇ رەيھان بىرونى ناملىق شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈزگەن، 2001 ـ يىل تاشكەنت ئۆزبېكچە نەشرى.

«بۈيۈك سىمالار، ئەللامىلەر»تاشكەنت 1995 ـ يىلى ئۆزبېكچە نەشرى.

مۇھەررىرى: يۇسۇپ ئىسھاق

# ئەرەب قەلئەسىدىكى كۈنلەر



ئادىل تۇنىياز

... ماشىنا چاقى سويۇلماقتا تېز
يوللارنىڭ قارامتۇل تېرىسىدىن
.................. قالدۇرماي ئىز
—«بازاردىكى قەلئە»

بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىش دەرىجىسىنى مەلۇم جەھەتتىن يول تەرەققىياتىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. قۇرۇقلۇقتىكى چىغىر يوللار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بالىلىق دەۋرىگە مەنسۇپ ئىدى. دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى ئەنئەنە ئاساسىدىكى دۇنيا مەدەنىيىتىنى ئويغىنىش دەۋرىگە باشلاپ كىردى. ھاۋا يوللىرى ئىنسانلارنىڭ رەسمىي پەن - تېخنىكا دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولسا، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ۋە ئىنتېرنېت يەر شارىنىڭ يۈكسەك ئۇچۇر دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

تۆگە، خورما، «قۇرئان» قۇملۇق يوللاردىكى قەدىمكى ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىسى بولسا، يۇقىرى سۈرئەتلىك ئاسفالت يوللار بۇ مەدەنىيەتنىڭ ماشىنا، نېفىت، ئىسلام ئويغىنىشىدىن ئىبارەت يېڭى دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ. زامانىۋىلىك بىلەن ئەنئەنە، قەدىم بىلەن ھازىر، ئىسلام ئەخلاقى بىلەن جىنسىي ۋەسۋەسە تەڭ مەۋجۇت بولغان سېھىرلىك ئەرەب رېئاللىقى ئىنسانىيەتكە سىرلىق ۋاقىتنىڭ رىتىمىنى ئاشكارىلىماقتا.

ۋاقىت - ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئالەم قۇرۇلمىسىدا ئاپىرىدە قىلىنغان ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇق ھەم ئىنسانىيەت ئەخلاقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆزگىرىش ئىچىدىكى سۇبيېكتىپ مەۋجۇتلۇق. ئالەمنىڭ ئوبيېكتى ۋاقىت، سۇبيېكتى يۈكسەك ئاڭ. بارلىق ھەرىكەت ۋاقىتتىكى ھەرىكەت، بارلىق ئۆزگىرىش - ۋاقىتتىكى ئۆزگىرىش، مەۋجۇتلۇق ۋاقىتنىڭ مەۋجۇتلۇقى. ئىنسان ۋاقىت ئارقىلىق بار ياكى يوق، ئۆلۈك ياكى تىرىك، ياكى تۇپراقتۇر. دىنىي ئاڭ - ۋاقىتنىڭ مەڭگۈلۈكى، جىنسىي ئاڭ - ۋاقىتنىڭ چېكى. ئىنسانىيەت ئېڭىنىڭ مەڭگۈلۈككە ياكى چەككە قاراپ يۈزلىنىشى ۋاقىت رىتىمىدا ئوخشىمىغان ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. بىز كۈنسېرى ئاشكارىلىنىۋاتقان جىنسىي ئېڭىمىز ئارقىلىق ئالەمنىڭ بىرلىكىدىن ئايرىلىپ مەۋجۇتلۇقنىڭ چېكىگە قاراپ كېتىۋاتىمىز. دەل شۇنداق بولغاچقا ۋاقىت رىتىمى تېزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. مەدەنىيىتىمىز قارشى يۆنىلىشكە كېتىۋاتىدۇ. ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن ھەر خىل ماشىنىلارنى ياسىدۇق، ئەكسىچە ۋاقىتنىڭ سۈرئىتىمۇ بۇرۇنقىدىن ئىتتىكلەپ كەتتى. ئايروپىلان ياسىدۇق، ۋاقىتنىڭ سۈرئىتىگە يېتىشكىلى بولمىدى. تېزلىك ھەيران قالغۇدەك دەرىجىگە يەتكەن ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويدۇق. بىراق، ۋاقىت يېتىشمەي تېخىمۇ جىددىي رىتىم ئىچىگە كىرىپ قالدۇق. ھەممىسى ۋاقىت ئۈچۈن ئىدى، بىراق نەتىجە ئەكسىچە بولدى. ئېرىشمەكچى ئىدۇق، يوقىتىپ قويۇۋاتىمىز. مەڭگۈلۈككە ماڭماقچى بولدۇق، ئىزلىرىمىز دەقىقىلەردە ئۆچۈپ قېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ياسىيالايدىغىنىمىز ۋاقىت ئەمەس، پەقەتلا سائەت. بىز ئەڭ مۇھىم نەرسىنى ئۇنتۇپ قالدۇق. بىز ئالەم بېغىدىكى ئەڭ ئېسىل مېۋىگە قول ئۇزاتتۇق، لېكىن باغۋەننى ئۇنتۇپ قالدۇق...

چەكسىز چۆل - باياۋان، كۈن تىكلەنگەن، ھەممە نەرسە رەڭسىز كۆيمەكتە. توساتتىن يۇقىرى سۈرئەتلىك يول بويىدا بىر ئەرەب ماشىنىسىنى توختاتتى. بۇ ناماز پېشىن ۋاقتى ئىدى. يول بويىدىكى مەسچىت ئالدىدا بىر تۈپ خورما دەرىخى يېشىل سايە تاشلاپ تۇراتتى. بۇ ئەرەب ئەڭ مۇھىم نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئىدى. يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدىكى ۋاقىتنىڭ سۈرئىتى ئاستىلىدى. ئۇ مەڭگۈلۈككە يۈزلەنگەن بۇ دەقىقە مېنىڭ ئەسلىمەمدە شېئىرغا ئايلاندى.

شائىرنىڭ نەشىردىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان «بابىلدىن قەشقەرگىچە» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدىن ئېلىندى

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى



# تارىخشۇناسلار خاپا بولماقتا

«ھەزىل» دېگەن سۆز قىستۇرۇلغان ـ قىستۇرۇلمىغان بىمەنە تېلېۋىزىيە فىلىملىرى كەينى ـ كەينىدىن چىقىۋاتىدۇ، تارىخشۇناسلارنىڭ شۇنداق يارىماس فىلىملەرنى تەنقىدلەيدىغان ماقالىلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن گېزىت ـ ژۇرناللاردا چىقىۋاتىدۇ. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە يول قويماي تىركەشمەكتە، ئۇلار جىمىقىپ قالىدىغاندەك ئەمەس.

يېقىندا ئوتتۇرىغا چىققان «جى شاۋلەن سەتەڭ» ناملىق فىلىمدە جى شاۋلەننىڭ غەربىي دىيارلىق ئىپارخان ۋە ئىچكى ئۆلكىلىك مەستۇرە قىز مايۆفاڭ بىلەن ئاشىق ـ مەشۇق بولۇپ ئۆينىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. فىلىمدە ئۇلارنىڭ ئىشقى مۇھەببەتلىرى ۋە شۇ يولدا تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەقەلىكلەر تامامەن ياسالما، توقۇلغان ئويدۇرما بولۇپ، «ھەزىل» دېگەن سۆز قىستۇرۇلمىغان ھەزىل فىلىم. شۇنىڭ ئۈچۈن گېزىت ـ ژۇرناللاردا بۇ فىلىم ھەققىدىمۇ تەنقىدىي ماقالىلەر چىقتى.

بىراق، شۇ تەنقىدىي ماقالىلەر ھەزىل فىلىملەرنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسۇشتا كارغا كەلدىمۇ ياكى كارغا كېلەلمىدىمۇ؟ بۇ جەھەتتە گۇمانىم يېشىلگىنى يوق. چۈنكى، ھەزىل فىلىمنى ئىشلەش ئۈچۈن بىرىنچىدىن، ھېچقانچە كۈچ كەتمەيدۇ، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ بىلەن پۇل تاپقىلى بولىدۇ. ئىلپەتلەشكەن بىر نەچچە ئادەم باش قوشۇپ، پالانى ـ پوكۇنى شىركەت، دەپ بىرەر نامنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، بىرەر مېھمانخانىدىن بىرەر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ قويۇپ، بىر تاغدىن ـ بىر باغدىن گەپ سېتىشىپ، ئاخىر بىرەر سېنارىيىنى توقۇپ چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن بىر مۇنچە پۇل ئۈندۈرۈۋالىدۇ. پايدا تېگىدىغان ئىشنى قىلمىسا بولامدۇ!؟ ھەزىل فىلىمنى ئىشلەشكە باشى بولۇپ كەتكەن بىر ئادەم: «ھەزىل سېنارىيىلەرنى داۋاملىق يېزىپ، ھەزىل فىلىملەرنى داۋاملىق ئىشلەپ چىقىرىۋېرىمەن، ئاشۇ تارىخشۇناسلار دەردتە ئۆلسۇن!» دەپتۇمىش.

«تارىخشۇناسلار دەردتە ئۆلسۇن» ۋەھاكازا دېگەن گەپلەر تېرە تاراقشىتقاندەك بىر پوپوزا، ئەلۋەتتە. قانداق قىلسا ئۆزىنىڭ مەيلى. چۈنكى، ھەزىل فىلىم ئىشلەيدىغانلاردا ئۇقەدەر مادار يوق، تارىخشۇناسلارنىڭ نېرۋىسىمۇ ئۇقەدەر دەرمانسىزمۇ ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ تارىخشۇناسلارغا شۇنداق مەسلىھەت بېرىمەن: ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا مېيىقىڭلاردا كۈلۈپ قويۇڭلار، خاپا بولۇپ يۈرمەڭلار، تېببىي كىتابلاردا غەزەپ جىگەرگە، خاپىلىق ئۆپكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، دېگەن گەپ بار، ئاغرىقچان بولۇپ قالساڭلار ھەزىل فىلىملەرگە، يارىماس ھاۋايى ھەۋەسكە قانداقمۇ ئۇزاق ۋاقىت تەڭ تۇرالايسىلەر؟

يارىماس ھەزىلكەشلىكلەرنى تەنقىد قىلىش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتكىچە ئېلىشىدىغان ئىدىيىۋى تەييارلىق بولۇش كېرەك. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، ھەزىل ـ چاقچاق قاتارىدىكى فىلىملەر بەزى يازغۇچى، رېژىسسورلارنى ناھايىتى بەك جەلپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو تازىمۇ بەك كونا مەملىكەت. تارىختا، ھەزىل خۇمارلار ئاز ئەمەس، ھەزىلگە مۇناسىپ ماتېرىياللارمۇ يوق ئەمەس. «پادىشاھ توغرىسىدا ھەزىل»، «مەلىكە توغرىسىدا ھەزىل»، «يارانلار ھەققىدە ھەزىل» دەيدىغان فىلىملەر ئىشلىنىپ، خېلى بىر يەرگە باردى. ئەمدى «نەۋقىران يىگىت ھەققىدە ھەزىل»، «ھىيلىگەر زالىم ۋەزىر ھەققىدە ھەزىل» ۋە «مەشھۇر ئەسەرلەردىكى مۆتىۋەرلەر ھەققىدە ھەزىل»لەرگە نۆۋەت كېلىۋاتىدۇ. بىر تەرەپتىكىلەر تەنقىد قىلىۋاتسا، يەنە بىر تەرەپتىكىلەر ئىشلەۋاتىدۇ. ئېلىشىش ۋاقتى قىسقىرارمۇ؟

يېقىندا ئىككى خەۋەرنى كۆردۈم: بىرى ـ مەلۇم بىر يازغۇچى شۇ شياكې ھەققىدە بىر ھېكايە يېزىپ، بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن مەشھۇر ساياھەتچى شۇ شياكېنى بارغانلا يېرىدە شەھۋەتپەرەسلىك قىلىدىغان زىناخور «شۇ جالاپپەز» قىلىپ قويغانىكەن، ئۇنىڭ ئانا يۇرتى جياڭيىنلىك شەھىرىنىڭ خەلقى قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن × سوتقا ئەرز قىلماقچى بوپتۇ. يەنە بىرى، كىمدۇر بىراۋ لۇشۇننىڭ «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمھالى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى ئۆزگەرتىپ، «ئا Q نىڭ ھېكايىسى» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىگە ئايلاندۇرۇپ، ئا Q نى كۆك يىجىننىڭ قىزى ۋە «مىق ـ مىق سەتەڭ» ياڭ چوكان بىلەن ئاشىق ـ مەشۇق بولۇپ ئوينايدىغان ۋەقەلەرنى

2003 . 1

توقۇپ چىقارغانىكەن، بىر مۇنچە ئادەمنىڭ تەنقىدىگە ئۇچراپتۇ (شۇ قاتاردا ئا Q نىڭ رولىنى ئورۇندىغان قىزىقچى ئارتىس يەن شۇنكەيمۇ بار ئىكەن). ھەزىلكەشلىك ھاۋاسىنىڭ تېلېۋىزىيە فىلىمىدىن ھېكايىگە، ئۇنىڭدىن لۇشۇننىڭ مەشھۇر ئەسىرىگە ئۆتكەنلىكى بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەزىلكەشلىك ھەۋىسىنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا توسۇۋېتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ھەزىل فىلىملەرنىڭ ھازىرمۇ بازىرى بار، كۆرگۈچىلىرى بارئىكەن، لېكىن شۇنداق فىلىملەرنى كۆرگۈچىلەرنىڭ قىزغىنلىقىمۇ سوۋۇپ بارماقتىكەن، بۇنى پاكىت دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. بۇ يىل شاڭخەيدە «جى شاۋلەن سەنئەت» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى قويۇلغاندا، دەسلەپتە كۆرگۈچىلەرنىڭ سانى يامان ئەمەس ئىكەن. لېكىن، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 8 ـ قانالى «كاڭشى خاندانلىقى»نى قويغاندا كۆرگۈچىلەر جى شاۋلەننىڭ بىلىگە تېپىپ تاشلاپتۇ. «كاڭشى خاندانلىقى»نىڭ ئالدىنقى بىر نەچچە قىسمى تارىختا خېلى ئۇيغۇن بولۇپ، كۆرگۈچىلىكى بار ئىكەن. كېيىنكى قىسىملىرى بارغانسېرى تارىختىن چەتنەپ، تايىنى يوق ھەزىلگە ئايلىنىپ قاپتۇ، شۇڭا ئېرىيۆخېنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇغان ئادەملەر تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ. تېلېۋىزورنىڭ ئاچقۇچى قانداقلا بولمىسۇن، كۆرگۈچىنىڭ قولىدا بولىدۇ ـ دە، كۆرگۈچىلىكى يوق، يارىماس ھەزىل فىلىملەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىشتە باشقا ئامال تاپالمىغاندا تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتىش ھوقۇقى بار ـ دە!

فىلىمنى كۆرگۈچىلەر تايىنى يوق ھەزىلدىن بىزار، تايىنى يوق ھەزىللەر شۇنداق فىلىمنى كۆرگۈچىلەردىن مەھرۇم بولۇپ قالغان. بۇ يېڭى ئەھۋال تارىخشۇناسلارنىڭ ئۆز بۇرچىنى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئادا قىلىش ئىرادىسىگە تۈرتكە بولۇشى، تايىنى يوق ھەزىل فىلىملىرى بىلەن ئۇزاققىچە ئېلىشىش ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىشى لازىم.

مەن شۇنداق ئويلايمەن، ھەزىل فىلىملىرىمۇ بىر خىل مودا، ساغلام بولمىغان ھەۋەس. ھەرقانداق ھەۋەس ئۇمۇمەن ئاز ۋاقىت دەۋر سۈرەلەيدۇ، ئىستىقبالغا ئېرىشەلمەيدۇ. تارىخشۇناسلار ھارماي تىرىشىپ، تارىخنىڭ ساختىلىقىنى توغرىلايدىغان ماقالىلەرنى كۆپرەك يېزىپ، تارىخنى دەپسەندە قىلىدىغان يامان كەيپىياتلارغا پەشۋا بېرىپ، كىشىلەرنىڭ تارىخىي بىلىملىرىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بەرسە، ئۇ ھالدا بىمەنە ھەزىل فىلىملەرنى كاناي پاچاق ئىشتان، ئەمالار تاقايدىغان كۆزەينەك، يالغان قاشلىق، يالغان ئەمچەك ۋەھاكازالارغا ئوخشاش، ھەۋەسلەرنى بارا ـ بارا تارىختىن يوق قىلىۋەتكىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخشۇناسلارغا مەسلىھەتىم شۇكى، رەنجىپ يۈرمەڭلار، ئۆزۈڭلەرنى ئاسراپ، كۈچ ـ قۇۋۋەت توپلاپ، بىمەنە ھەزىللەردەك يارىماس قىلىقلارغا قارشى ئۇزۇنغىچە ئېلىشىش ئۈچۈن تەييارلىنىڭلار.

—گېڭشى ئىمزالىق بۇ مۇھاكىمە ئەسلىدە «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتىنىڭ 2002 ـ يىلى 28 ـ سېنتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىلى دېكابىر سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

## «جامائەت پىكرىنىڭ بىردەكلىكى»نىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى

ئۆتكەن ئەسىردىكى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بىر زامان ئىنسانلار پەن ـ تېخنىكىدا، ئىقتىسادتا ئۇچقاندەك يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن زامان بولدى، يەنى ئىلىم ـ بىلىم گۈللەنگەن دەۋر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر دەۋرى دەيدىغان دەۋرگە كىردى. ھازىرقى كۈندە ھەممىمىزنىڭ قولىدا بار بولغان، ئىشلىتىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن تېلېۋىزور، كومپيۇتېر، كۆچمە تېلېفون ۋەھاكازالارنىڭ ئەنە شۇ نەچچە ئون يىل ئىچىدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئويلاپ باقساقلا شۇ چاغدىكى دۇنيانىڭ نەقەدەر تېز سۈرئەت بىلەن ئالغا سۈرۈلگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايمىز.

لېكىن، شۇنىڭغا چوڭقۇر ھەسرەت قىلىمىزكى ۋە ئېچىنىمىزكى، ئەتراپىمىزدىكى دۇنيا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، بىز ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىلىدىن 70 ـ يىللىرىغىچە سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىۋېلىپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز خورىتىدىغان بىر ھالەتكە خۇددى قارا باسقاندەكلا چىرمىلىپ قالدۇق. ئاغزىمىزدا «بىر كۈنىمىز يىگىرمە يىلغا تەڭ»، «ئەنگلىيەگە يېتىشىۋالىمىز، ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتىمىز» دەيدىغان پاقپاق شوئارلارنى توۋلاپ قويۇپ، دەرۋازىمىزنى مەھكەم تاقاپ، يەرلىك ئۇسۇلنى ئىشقا سېلىپ، ھەممە ئادەم پولات تاۋلاش بىلەن بولدۇق، ئورمانلارنى كېسىپ تۈگەتتۇق، تېرىلغۇ يەر قىلىمىز دەپ كۆللەرنى تىندۇردۇق، ھەر مو يەردىن تۈمەن مىڭ جىڭلاپ ھوسۇل ئالىمىز، سۇنئىي ھەمرانى قويۇپ بېرىمىز دەپ داۋراڭ سالدۇق، «پۈتۈن ئەلدە نەغمە ـ ناۋا ياڭرىماقتا» دەيدىغان غەلىتە چۆچەكلەرنى پەيدا قىلدۇق، كوممۇنىزمغا يۈگۈرۈپ كىرمەكچى بولدۇق، ھارۋىلىرىمىزنى تاكىراڭلىتىپ چاپتۇرۇپ يۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنى ۋەيران بولۇش گىردابىغا ئاپىرىپ قويدۇق. دېمەك، ئون يىل شۇنداق ساراڭلىق قىلدۇق، بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ساۋاق؟!

ئەجەبا شۇ چاغلاردا شۇنداق تەتۈرلۈكنىڭ ئۆزىمىزنى

ئۆزىمىز هالاك قىلىدىغان، ماھىيىتىگە كۆزى يېتىدىغان دانا ئادەملەر يوقمىدى؟ 800 مىليون خەلق (شۇ چاغدىكى خەلق نوپۇسى)نىڭ ھەممىسى قاپاقباشمىدى؟ ياق. ئۇلار ئېغىز ئاچالمىغان، ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىغان، ئېغىز ئېچىشقا يول قويۇلمىغان. ئۇ چاغدا «جامائەت پىكرىنىڭ بىردەكلىكى» بېكىتىلگەن، (جامائەت پىكرىنىڭ بىردەكلىكى» دېگەن خەنزۇچە ئىبارىنى (جامائەت يەنى ئاما پىكىر ـ خىيالدا، گەپ ـ سۆزدە بىر مۇقامدىن چىقماسلىق، دېگەن مەنىدە تەرجىمە قىلىش ھەم مۇمكىن ـ ت) ئىدى، بېكىتىلگەن شۇ مۇقامدىن چىقىپ سۆزلەپ سالغان ئادەملەر «كېڭەيتىۋېتىش» (ناھەق جازالاش ـ تەرجىمان ئىزاھى)نىڭ كاساپىتىگە ئۇچرايتتى. ماينىچۇ پىلانلىق تۇغۇشنى ئاغزىدىن چىقارغانىدى، سۇن يىفالڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشنى تىلغا ئالغانىدى، ئۇلار بەدبەخت قىلىپ تاشلاندى، ھاياتى ھارام قىلىندى. ئۇلاردىن سەل ـ پەل ئىلگىرىرەك خۇفېڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدا ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى سەۋەبىدىن تارتقان ئېغىر كۈنلىرىنى تىلغا ئېلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. ھەتتا دۆلىتىمىزنىڭ ھەربىي ئاتىلىرىدىن بىرى بولغان پېڭ دېخۇەي خەلقنىڭ ئېغىر كۈنلەرگە قالغانلىقى توغرىسىدا ھەق گەپنى قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنچە يامان ئاقىۋەتلەرگە قالغاندا، كىممۇ «ۋەزىيەت چوڭ ياخشى»دىن بۆلەك گەپ قىلالىدى؟ دېمەك، دۆلەتنىڭ تەقدىرى «جامائەت پىكرىنىڭ بىردەكلىكى» دەيدىغان شاۋقۇن ئىچىدە ئوڭشىۋالغىلى بولمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشقا تاس قالدى.

شۇكۇر، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى مالىمانچىلىقلارنى ئوڭشىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسلاھاتنى باشلىدى، ھەممىگە كەڭ يول ئاچتى، ئىدىيە ئازادلىقىنى تەرغىب قىلىپ، جامائەت پىكرىنىڭ بىردەك بولماسلىقىغىمۇ يول قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بۇيانقى سائادەتكە ئېرىشىپ، ئۆتكەن بىر ئەسىردىكى زەبۇنلۇق كۈنلەرنىڭ ئورنىنى تىرىلدۈرۈۋالدۇق، خەلقئارا ئالدىنقى قاتاردىكىلەرگە تېز سۈرئەت بىلەن يېتىشىپ بارماقتىمىز. بۇ جەرياندا تارىخىي ئادەتلەرنىڭ كاشىلىسىدىن خالىي بولالمىغان بولساقمۇ، لېكىن ئومۇمىي نەتىجىلىرىمىز ھەممىگە ئايان.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرىدىكى غەربىي جۇ خاندانلىقىنىڭ خاقانى جۇلىۋاڭ (مىلادىيىدىن 720 يىل بۇرۇن خەلق قوزغىلىڭىدا قېچىپ يۈرۈپ ئۆلگەن. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا زالىملىقىدىن غەيۋەت ـ شىكايەتنى قىلغان ئادەملەرنى كۆپ ئۆلتۈرۈپ، خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە قالغان.ــــ تەرجىمان ئىزاھى)نىڭ جامائەت شىكايەتلىرىگە بەرھەم بەرگىنىدىن تارتىپ، جامائەتنىڭ گەپ ـ سۆزىنى، پىكىر ـ خىياللىرىنى بىر قېلىپقا چۈشۈرۈش مۇددىئاسى بىلەن ئوينايدىغان ئويۇنلار تارىختا كۆپ بولغانىكەن، ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ھوقۇقدارلار قولىقىغا ياقمايدىغان سادالارنى يوقىتىشقا كۆپ ئۇرۇنغانىكەن، لېكىن نەتىجىدە ھەممىسى ئۆزىنىڭ مەپىسىنى ئۆزى ئۆگىتۈرۈۋەتكەنىكەن. شۇنداق نەپىنىڭ تېگىدە يەنچىلىپ ئۆلگەنلەرنىڭ ئەرۋاھى ـ جىنى كېيىنكىلەرگە چاپلىشىپ، ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىغا ئوخشاشلا ئەخمەقلىق قىلغان. بىر مۇنچە ئادەملەر «باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزىگە قالغان يامان» ئىكەنلىكىنىلا بىلىدىكەن، «باشقىلارنىڭ زۇۋان چىقارماسلىقى يامان» ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. ئۆتكەن ئەسىردە بىر زامان «جامائەت پىكرىنىڭ بىردەك بولغان»لىقىدىن كېلىپ چىققان پاجىئەلەر يېقىنقى پاجىئەلىك ئەينەك بولۇپ قالسۇن، مەپە ئۆگىتۈرۈلۈپ چۈشكەن كونا يولغا ئەمدى قەدەم باسمايلى! دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ بېشىغا بالا بولىدىغان ئەخمەقلىقلەرنى قىلىپ يۈرمەيلى!

ئىسلاھات ۋە يول بېرىپ ئېچىۋېتىشتا ھەممىدىن مۇھىم ئىش گەپ ـ سۆزگە «يول بېرىش»دۇر. شۇنداق ئەمەسمۇ، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا، گىراژدانلارنىڭ ئەركىن سۆزلەش ھوقۇقىنى قوغداش شەرت، دەپ بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپ كەلمەيدىكەن، قانۇنغا خىلاپ ھالدا ياكى قانۇن سىرتىدىكى قانۇنلارنى دەستەك قىلغان ھالدا توسۇپ قويماسلىق لازىم، توسۇپ قويۇلىدىكەن، قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلىنغان بولىدۇ. ئېنىق قانۇنىي ئاساس بولمىغان ھەرقانداق «بىكار قىلىش»، «تەرتىپكە چۈشۈرۈش»لەرنىڭ ھەممىسى جامائەت پىكرىنى بىردەك قېلىپقا چۈشۈرۈش قەستىدىكى قانۇن سىرتىدىكى ئاساسسىز ھەرىكەتتۇر. مانا بۇ تولىمۇ چۈشىنىشلىك ھەقىقەتتۇر. ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا، ھەممە ئادەمنىڭ ھەرخىل، ھەر تۈرلۈك گەپ ـ سۆز، مۇلاھىزىلەرنى ئاڭلىشىغا يول قويۇشىمىز لازىم، دەرھال قۇلاقنى ياقمىسىمۇ مەيلى، ئاڭلاپ بېقىش لازىم.

كەمىنە قەلەم ئىگىسى ئۆزۈمنى چاغلىماي، جاھاندىكى ئىشلارغا، دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ ئاددىي مۇلاھىزىنى ئېلان قىلدىم، بىزنىڭ دۆلىتىمىز ئەمدى يەنە ئۇنداق دەرد ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

---

ــ بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2002 ـ يىلى 3 ـ دېكابىر سانىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# خەلق «بەزى ئادەملەر»چىلىك بولالمايدۇ



كومپيۇتېردىكى ئۈچۈر توردىن «تۈرمە سىياسىي كومىسسارىنىڭ ‹ئەمەلدارلىق دەستۇرى: مېنىڭ ئەمەلدارلىق قىلىشمغا رەھبەرلەرگە بەرگەن سوۋغاتلىرىم شاپائەت قىلدۇ›» دېگەن ماۋزۇدىكى («تەپتىشلىك» گېزىتىگە بېسىلغان) ماقالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى ئىككى «ئالماش سۆز»گە دىققىتىم چۈشۈپ قالدى.

ئۇنىڭ بىرى—ئاممىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان «خەلق» دېگەن سۆز.

يەنە بىرى—مەلۇم رەھبەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «بەزى ئادەملەر» دېگەن سۆز.

قەيەردىن ئالغانلىقى ئېنىق بولمىغان نۇرغۇن پۇل ـ مال سەۋەبى بىلەن گۇماندار بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىيانەتچىلىككە قارشى ئىدارىسى تەرىپىدىن ئەنگە ئېلىنىپ تەكشۈرۈلگەن ساۋخۇڭئاۋ — سانجى تۈرمىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، پارتكوم سېكرېتارى (ئۇنىڭ بانكىدىكى ئامانەت پۇلى جەمئىي 1 مىليون 200 مىڭ قانچە يۈەن، ئالتۇن جابدۇقلىرىنىڭ قىممىتى 60 نەچچە مىڭ يۈەن، چەك سوممىسى 350 مىڭ يۈەن، تاشقى پاي چەكلىرى 700 قانچە مىڭ يۈەن) «خەلق»نىڭ باھاسى بويىچە ئالغاندا: ئەخلاق ـ پەزىلەتتە پەس ئادەم، زالىم ئادەم، بويۇن ئەگكەنلەرنى كۆتۈرىدىغان، بويۇنتاۋلۇق قىلغانلارنىڭ كۆتىگە تېپىدىغان ئادەم. ئۇ جىنايىتى تۇيەيلىدىن قولغا ئېلىنغان كۈنى كەچتە سانجى تۈرمىسىدىكى خادىملارنىڭ ئائىلە قورۇلىرى ئەچەدە ساقچى، كادىرلار ۋە ئەسكەرلەر پوجاڭزىلارنى پاسلىدىتىپ ئېتىپ، بىر ـ بىرىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ، خۇشاللىقىدىن كېچىچە ئۇخلىيالمىغان...

لېكىن «بەزى ئادەم»لەرنىڭ ساۋخۇڭئاۋغا بەرگەن باھاسى «خەلق» نىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. يوغان قىزىل تامغا بېسىلغان بىر پارچە ماختاپ تونۇشتۇرۇش قەغىزىدە ئۇنىڭغا مۇنداق باھا بېرىلگەن: پارتىيىگە سادىق، خىزمىتىگە جان كۆيدۈرىدۇ، ئۆزىگە ھەممىشە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، باشقىلارغا سەممىمىي مۇئامىلە قىلىدۇ، كۆڭلى تۈز ئادەم، ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن چىقىشىپ ئىتتىپاق ئۆتىدۇ، خىزمەتنى پۇختا ـ قېتىرقىنىپ ئىشلەيدۇ، ئاما ئۇنى ‹ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان قوماندان› دەپ تەرىپلەيدۇ. نەزەر دائىرىسىنى كەڭ تۇتۇش ۋە يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتى خېلى كۈچلۈك؛ باشقۇرۇش تەجرىبىسى مول.... ئۆزىنى پاك تۇتىدۇ، خىيانەتتىن خالىي، پاك ئادەم، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئەدلىيە سىستېمىسى بويىچە ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلغان ئىقتىدارلىق ياخشى كادىر.

ئوخشاش بىر ئادەمگە «خەلق»نىڭ قارىشى بىلەن «بەزىلەر»نىڭ قارىشىدا ئەنە شۇنداق ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار ئىكەن. ساۋخۇڭئاۋ زادى قانداق ئادەم؟

ئەنە ئۆز جىنايىتىنى تاپشۇرۇپ يازغان بىر ۋاراق ماتېرىيال. خەتلەرىنىڭ مايماق ـ سايماق يېزىلغانلىقى بۇ ياقتا تۇرۇپ تۇرسۇن، بىر قانچە سۆزنىڭ ئىملاسى خاتا؛ يەنە بىر مۇنچە سۆزلەرنى قانداق يېزىشنى بىلەلمەي (بۇ يەردە گەپ خەنزۇچە خەت ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ. دېمەك، ئۇ بەزى سۆزلەرنىڭ ھەرپىنى يازالمىغان دېمەكچى ـ تەرجىمان ئىزاھاتى)، ئورنىنى بىكار تاشلاپ قويغان؛ ساۋخۇڭئاۋنىڭ «قابىلىيىتى»گە باھا بېرىشتە ئەنە شۇلار كۇپايە قىلار. ئەخلاق ـ پەزىلىتىچۇ؟ بىر ساقچى ئالدىراپ كېتىۋېتىپ، بىر چەتتە ئاپتاپ سۇنۇپ ئولتۇرغان ساۋكومىسسارنى كۆرمەي قالغان ئىكەن. ساۋخۇڭئاۋ ئاچچىقىدا ئورنىدىن چېچاڭلاپ تۇرۇپ يۈگۈرۈپ بارغىنىچە ھېلىقى ساقچىنى ياقىسىدىن قاماللاپ تۇتۇپ: «كۆزۈڭ قارىغۇ بولۇپ قالدىمۇ؟ غوجا ئاكاڭ بۇ يەردە تۇرسا كۆزۈڭ كۆرمىدىمۇ؟» دەپ چالۋاقىغان. بىر شەخسىي خوجايىننىڭ سانجى تۈرمىسىدىن ئالدىغان 10 مىڭ يۈەن قۇرۇلۇش پۇلى نېسى قالغانىكەن. ئۇ خوجايىن نېسى قالغان پۇلنىڭ ھۆججىتىنى كۆتۈرۈپ تۈرمىگە بارسا، ساۋخۇڭئاۋ خوجايىننىڭ قولىدىكى ھۆججەتنى قولىغا ئېلىپ، بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن جارت ـ جۇرت يىرتىپ تاشلاپتۇ ۋە: «كىم ساڭا

قەرزدار ئىكەن؟! يوقال كۆزۈمدىن!» دەپ تىللاپتۇ. سەي فاملىلىك بىر ئادەمنىڭ ئوغلى ھەربىي سەپتىن قايتقاندىن كېيىن، ساقچى بولۇش ئارزۇسى بىلەن ساۋ كومىسسارنىڭ ئالدىغا ياردەم تەلەپ قىلىپ بارغان ئىكەن. ساۋ ئۇنىڭ قولىدىكى غەلتە نۇسخىلىق بىر ئۇزۈككە كۆزى چۈشۈپتۇ ـ دە، 6000 يۈەن قىممىتىدىكى شۇ زۇمرەت كۆزلۈك ئۈزۈكنى زورلۇق بىلەن تارتىۋاپتۇ. ساۋخۇگاۋنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە باھا بېرىش توغرا كەلگەندە پاكىتلارمۇ كەملىك قىلمايدىكەن، ياخشى ـ يامانلىقنى ئايرىپ بەرگىدەك ئۆلچەمنى تاپماقمۇ قىيىن ئەمەس ئىكەن.

«بەزىلەر»نىڭ ساۋخۇگاۋغا بەرگەن باھاسىنىڭ «خەلق»نىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، شۇ «بەزى ئادەم» ساۋخۇگاۋنىڭ 30 مىڭ يۈەن پۇلىنى موك سالغان. شۇڭا ساۋخۇگاۋ: مېنىڭ مەنسەپدار بولۇشۇم رەھبەرگە بەرگەن سوۋغىتىمنىڭ شاپائىتى، دەپ ئاشكارا داغۋازلىق قىلغان. ئۇنىڭ پۇلىنى ئالغان «بەزى ئادەم» ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنىڭ نەقەدەر پەسلىشىپ كەتكەنلىكىگە پەرۋا قىلمايدۇ ـ دە!

كادىرلارنى ئىشقا قويۇش تۈزۈمى جەھەتتە «خەلق» قاچانكى «بەزى ئادەم»لەرگە تەڭ كېلىپ، ئۇلارنىڭ نوخۇلىسىنى ئالالايدىكەن، ساۋخۇگاۋدەك بىر نېمىلەر ئەنە شۇ چاغدا ئەسكىلىك قىلالمايدىغان بولىدۇ.

—سۇمگۇن ئىمزالىق بۇ ماقالە «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2002 ـ يىل 22 ـ ئۆكتەبىر سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

## غەربىي شىمال ئاشلىق خەزىنىسىدىكى خىيانەتچىلىك

چيەنلۇڭ خاندانلىقىنىڭ 22 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 1757 ـ يىلى) 100 مىڭدىن ئارتۇق مانجۇ ئەسكىرى سەددىچىن قوۋۇقىدىن چىقىپ جۇڭغارلارنىڭ ئىسيانىنى باستۇردى، ئاندىن كېيىن كونا بەگلىكلەرنى ۋىلايەت، ناھىيەلەرگە ئۆزگەرتتى، ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى ھەل قىلىش زۆرۈرىيىتى بىلەن بوز يەرلەرنى ئېچىپ، ئاشلىق تېرىش ئۈچۈن ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئادەم كۆچۈرۈپ كەلدى.

ئۈرۈمچى ئاشلىقنى يىغىپ ساقلايدىغان مۇھىم بىر جاي ئىدى ھەم ئاشلىق تېرىلىدىغان مۇھىم بىر يەر ئىدى. تۆۋەندىن يۇقىرىغا سانىغاندا، ھوقۇق جەھەتتە ھەممە ھەربىي، مۈلكىي ئەمەلدارلار ئىچىدە ئىلى سانغۇنىدىن قالسىلا ئۈرۈمچىنىڭ تۇتۇق بېگى ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى، يەنى ئۇ 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان كاتتا باشلىق ئىدى. ئۈرۈمچىنىڭ دەسلەپكى تۇتۇق بېگى سۇنۇمسىرىن موڭغۇل بولۇپ، جۇڭغارلارنىڭ قەبىلە باشلىقى ئىدى، ئۇ ئىسياننى بېسىقتۇرۇشتا تۆھپە يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن پادىشاھ چيەنلۇڭغا ياراپ قالغان.

پادىشاھقا مەنزۇر بولۇپ قالغان شۇ كاتتا بەگنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمنى كۆزىگە ئىلمايدىغان، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان چوڭ خىيانەتچى بولۇپ كېتىشىنى كىم ئويلىسۇن؟!

ئىش مۇنداق: چيەنلۇڭ خاندانلىقىنىڭ 30 ـ يىلى ئۈرۈمچى ئاشلىقىنىڭ بېيجىڭدىكى باھاسى بىر دادەن (بىر دادەن ئون چارەك يەنى ئون كۈرەگە باراۋەر) بۇغداي بىر سەر 5 مىسقال كۈمۈش ئىدى. خەزىنىگە ئېلىنغان ئاشلىقنىڭ پۇلى بازار باھاسى بويىچە خاندانلىقتىن بېرىلەتتى، ھەر يىلى قانچىلىك بۇغداي سېتىۋېلىنسا ئۇنىڭ پۇلى مەلۇم قىلىنغان باھاسى بويىچە بېرىلەتتى. لېكىن، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى، «ئىچكى ئۆلكىلەردىكى سودىگەرلەرنىڭ كەينى كەينىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ 30 نەچچە مىڭ ئۆيلۈك بولۇپ قېلىشى» بىلەن نەچچە 10 مىليون مو بوز يەر ئېچىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋامۇ ناھايىتى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن «ھوسۇل مول بولدى»، شۇنىڭ بىلەن بۇغداينىڭ بازار باھاسى يىلمۇيىل چۈشۈپ، چيەنلۇڭ خاندانلىقىنىڭ 38 ـ يىلى بىر دادەن بۇغداي بېيجىڭ باھاسى بويىچە سەككىز ـ توققۇز مىسقال كۈمۈشتىن ئاشمايتتى، يەنە تېخى كۈندىن ـ كۈنگە ئەرزانلىشىدىغاندەك بولۇپ قالغان. ئۈرۈمچىدە سۈرگۈن بولۇپ تۇرغان جى شياۋلەن: «جاھاندا ئاشلىق باھاسى ئۈرۈمچىدەك ئەرزان يەر تېپىلماس؛ ھەر بىر ھارۋىغا ئىككى دادەن ئاشلىق بېسىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىممىتى بېيجىڭغا بارغاندا ئىككى دادەن بەش كۈرىگە، يەنى بىر سەر كۈمۈشكە توغرىلىنىدۇ.» دەپ يازغان. دېمەك، ئۈرۈمچىدە بىر دادەن بۇغداينىڭ قىممىتى بېيجىڭ باھاسى بويىچە تۆت مىسقال كۈمۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ باھا ئىلگىرىكى يىللاردىكى بىر سەر بەش مىسقالدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلىدۇ. چيەنلۇڭ خاندانلىقىنىڭ 40 ـ يىلىمۇ ئۈرۈمچى تۇتۇق بېگى ئاشلىقنىڭ باھاسىنى يەنىلا كونا باھادا مەلۇم قىلىپ خە-

زىندىن پۇل ئېلىۋېرىدۇ، يىلىغا 100 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۆمۈشنى پۇف دېمەي يۇتىدۇ. دېمەك، تۆۋەندىكىلەرنى بوزەك قىلىش، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ كۆزىنى بوياش جەھەتتە ئۇنىڭ يۈرىكى قاپتەك يوغىناپ كەتكەن.

سۇنۇمسىرىن پايتەختكە سانغۇن بولۇپ يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا كۆيلىن كەلدى، ئۇ ئەسلىدە خانىش شياۋشيەننىڭ جيەنى بولۇپ، ئاتا مىراس خان ئەۋلادى ئىدى. ئۇ ئۇرۇمچىگە تۇتۇق بەگ بولۇپ كەلگەندىن كېيىنكى ئىككى يىل مابەينىدە ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاشلىق باھاسىنى پەرقلەندۈرۈپ خىيانەت قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ بىلمەسكە سېلىپ قارا نىيەتتە بولغان.

قارا نىيەتلىك ئىشلار ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن، پادىشاھ چيەنلۇڭ بۇنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ھەربىي ۋەزىر مىڭلياڭنى دەرھال ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئەسلىدە كۆيلىننىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئىدى، بۇنىڭدىن چيەنلۇڭنىڭ غەرىزىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

دەرۋەقە، ئىش چيەنلۇڭنىڭ ئويلىغىنىدەك بولىدۇ: مىڭلياڭ تۇتۇقلۇق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن چيەنلۇڭغا مۇنداق مەلۇمات سۇنىدۇ:

«ئۈرۈمچىدىن سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنىڭ دادەن باھاسى بازار باھاسىغا توغرا بولمىغانلىقىدىن باھانى پەرقلەندۈرۈپ، قارىسىغا ئۆتكۈزۈش نۇقسانلىرىنى كۆرگىلى بولىدىكەن... بۇلار سۇنۇمسىرىن، كۆيلىنلار بەگ بولۇپ تۇرغان چاغلاردا يۈز بەرگەن ئەھۋاللار ئىكەن. كۆيلىن قاپاقباشلىق قىلىپ بۇ ئەھۋاللارنى سەزمەپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى ئۇزاق ئەمەس ئىكەن».

مىڭلياڭ ئۆز ئاكىسىنى جىنايى جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئەھۋالنى سالۋات قىلىشقا ئۇرۇنغان.

پادىشاھ چيەنلۇڭ ئەھۋالنى قايتا تەكشۈرۈش ئۈچۈن يەنە دىۋان بېگى كانىنئانى «ئۆتەڭ ئاتلاپ تېز بېرىپ تەكشۈرۈش»كە ماڭدۇرغان.

كانىنئا قاتتىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان: سۇنۇمسىرىن تۇتۇق بەگ بولۇپ ئولتۇرغان ئون يىل ئىچىدە ئاشلىق سېتىۋېلىش پۇلىدىن 150 مىڭ سەر كۆمۈشنى موك سالغان؛ ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ دوتەيلىرى، ناھىيەلەرنىڭ ئامباللىرى، بەگلىرى بولۇپ 50 ـ 60 ئادەم خىيانەتكە چېتىلىدىكەن، كۆپ بولغانلىرى 100 قانچە مىڭ سەرگە، ئاز بولغانلىرى نەچچە 1000 سەرگە خىيانەت قىلغان. بۇ كوللېكتىپ خىيانەتچىلىكنىڭ يوشۇرۇن ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، بۇنىڭغا چېتىلغان ئادەمنىڭ كۆپلۈكى مىسلىسىز دەرىجىگە يەتكەن.

خان ئەۋلادى، شاھزادە، مانجۇلار، موڭغۇللار... بىر قانچە ئونلىغان ئادەم، قانۇننىڭ قوۋمنى جازالىمىقى تەس. شۇڭا چيەنلۇڭ جازانىڭ چېكىنى يۇقىرىلىتىپ، 40 مىڭ سەردىن ئارتۇق خىيانەت قىلغان ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن، 20 مىڭ سەرگە خىيانەت قىلغان ئادەم ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىپ زىندانغا تاشلانسۇن، 10 مىڭ سەردىن ئارتۇق خىيانىتى بارلار ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ سۈرگۈن قىلىنسۇن، «ئومۇمي كەچۈرۈم» قىلىنغانلار مەركىزي شەھەرلەردە ئۆز ئەركىگە قويۇپ بېرىلمىسۇن، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئەمەلدار بولۇشىغا يول قويۇلمىسۇن، دەپ پەرمان چىقارغان. سۇنۇمسىرىننىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، «ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالسۇن» دەپ بۇيرۇق بەرگەن؛ شياۋشەن خانىشنىڭ جيەنى كۆيلىنغا يېنىك جازا بېرىپ، خانزادە دەيدىغان ئۇنۋانىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

ۋەزىپە ئۈستىدە سەۋەنلىك قىلغان ۋىلايەت، ناھىيە ئەمەلدارلىرى، خىيانەتچىلەرنى پاش قىلمىغان خادىملار مەنسەپ دەرىجىسىگە، ئەھۋالغا قاراپ خىيانەت قىلغان پۇللار تۆلەتتۈرۈلدى، كۆپلىرى 20 ـ 30 مىڭ سەردىن، ئازلىرى بىر نەچچە مىڭ سەردىن تۆلىدى. پادىشاھقا ئۆز خەزىنىسىنىڭ دۇنيا ـ دەپنىسى تولىمۇ قەدىرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن قىلچە رەھىمى قىلمىدى. بىراق، ناھىيە ئامبىلىنىڭ يىللىق مائاشى 130 سەر تۇرسا، ئۇنىڭدا نەدىمۇ تۆلىگۈدەك پۇل بولسۇن؟ تۆلەش توغرا كەلگەندە ئۇنىڭدىن ئېلىپ بۇنىڭغا تۆلەپ بېرىدۇ. فېئودال خاندانلىقتا ئەمەلدارلار چىرىپ كەتكەن. سۇنىڭ بېشى لاي بولسا ئايىغىمۇ لاي بولىدۇ. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلىمۇ ئاشلىق سېتىۋېلىش پۇلىغا خىيانەت قىلغان چوڭ بىر ئەنزىنى سادىر قىلدى.

---

ۋېي دالىن ئىمزالىق بۇ ماقالە خەنزۇچە «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»نىڭ 2002 ـ يىلى 19 ـ ئۆكتەبىردىكى سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# قەدرى قىممەتلىك «ئۆزرە»

ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ بىر نەچچە يۈز دېھقان باج تۆلەش ماجراسى بىلەن بازارلىق ھۆكۈمەت بىلەن قاتتىق جېدەللىشىپ قالغاندىن كېيىن، شۇ يېزا بازىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك باج كادىرلىرى بولۇپ يەتتە كىشى ئۆيمۇ ئۆي بېرىپ، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان باج يىغىش داۋامىدا ئازار يېگەن ئاممىغا ئۆزرە ئېيتىپتۇ. بۇ ئىش شەنشى ئۆلكىسى بەيشۈي ناھىيىسى شىڭۇ يېزا بازىرىنىڭ چىشيۇ كەنتىدە بوپتۇ.

مۇشۇ ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مايىنلۇنىڭ «دېھقانلارغا ئۆزرە ئېيتىمىز» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى («جەنۇب شەنبىلىكى» گېزىتىنىڭ 8 ـ ئاۋغۇستتىكى سانىغا بېسىلغان) كۆزلىرىمگە لىق ياش تولغان ھالەتتە ئوقۇپ چىقتىم. مېنى ھەممىدىن بەك تەسىرلەندۈرگىنى مايىنلۇنىڭ كەنت ئاھالىلىرى يىغىنىدا ھەققىي يۇسۇندا دېھقانلار تەرەپتە تۇرۇپ قىلغان سۆزى بولدى.

شۇ كەنتتە دۆڭ زىخۇەي ئاتلىق بىر دېھقان بار ئىكەن، ئۆزى ئاغرىقچان، كەمبەغەل ئىكەن، يەنە تېخى 7000 يۈەن قەرزى بار ئىكەن، ئىككى بالىسى مەكتەپ خىراجىتىنى ۋە دەرسلىك پۇلىنى تاپشۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپكە كىرەلمەيدىكەن. مانا مۇشۇنداق بىر ئائىلە باج خىراجىتىنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمىگەنلىكتىن، خوتۇنى بىر باج كادىرىنىڭ تايىقىنى يەپ، ئاغزى ـ بۇرنى قانغا بويۇلۇپتۇ، ئىككى كادىر ئۇلارنىڭ ئۆيىنى پىچەتلىۋېتىپ، بالىلىرىنى تالادا قالدۇرۇپتۇ، ئۇ بالىلار قورساق باقىدىغان يەر تاپالماي قاپتۇ.

مايىنلۇ مۇشۇ ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن:

«ئەگەر تاياق يېگەنلەر بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىز، ئاچا ـ سىڭىللىرىمىز بولۇپ قالسا، پېچەتلەنگىنى بىزنىڭ ئۆيىمىز بولۇپ قالسا، بىز قانداق قىلاتتۇق؟ چىداپ تۇرالارمىدۇق؟ شۇ چاغدا شۇ يەردە تۇرغان باشقا كادىرلار، مەيلى بازارنىڭ ياكى كەنتنىڭ بولسۇن، نېمىشقا كارى بولمايدۇ؟ ئۇلارنىڭ بەزىسى تېخى ئۇرۇشۇپ بېرىپتۇ، يەنە بەزىسى ‹خوپ بولدى› دەپ دېھقانلارغا تەنە قىپتۇ. شۇ كادىرلاردا پارتىيىۋىلىك تۇرماق، ئىنسانىيلىقمۇ يوق ئىكەن!ـــ دەپتۇ ۋە يەنە مۇنداق دەپتۇ،ـــ مەسئۇلىيەت كىمدە بولسا شۇ ئۆز ئۈستىگە ئالسۇن، مەسىلە كىمدە بولسا شۇ ئۆزىنى تەكشۈرسۇن، ئاممىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۆزرە ئېيتسۇن. مەسىلىنى ئېتىراپ قىلمىغان، ئۆيمۇ ئۆي بېرىپ ئۆزرە ئېيتمىغانلارغا قاتتىق چارە كۆرىمىز. ئاممىنى ئۇرغان ئادەملەرگە ناھىيەلىك كومىتېتنىڭ ئامالى يوق دېسە ئىشەنمەيمەن».

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان پۇقرانىڭ قايسىنىڭ كۆڭلى ئېرىمەسۇن؟!

مايىنلۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ كەنتتىكى كادىرلار بىلەن ئاما ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ تۈگۈنىنى تاپقان. «ئۆزرە ئېيتىش» ياخشى چارە. خۇددى مايىنلۇنىڭ ئېيتقىنىدەك: «ئۆزرە ئېيتىشنىڭ ئۆزى بىزنىڭ كامالەت تاپقانلىقىمىزنى بىلدۈردۇ، مەۋجۇت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاسانلىشىدۇ. بىزنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىمىز بىلەن دېھقانلارنىڭ ئاچچىقى يانىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىدا، دارامەتنى كۆپەيتىشتە پۇت ـ قولىغا دەرمان كىرىدۇ».

لېكىن بىر مۇنچە كادىرلار ئىدىيىسىدە بۇ داۋاندىن ئاشالىشى مۇمكىن. ئۇلار بىرىنچىدىن، مەن بولسام رەھبەرلىك قىلىدىغان ئادەم، ئۇ بولسا ئاما، راستىنلا دېھقانلارغا ئۆزرە ئېيتساق يۈزىمىزنى نەدە قويىمىز؟ دېيىشى مۇمكىن؛ ئىككىنچىدىن، خاتالىق ئاۋۋال ئۇلاردىن ئۆتتى، ئاندىن كېيىن بىزدىن ئۆتۈپتۇ، نېمىشقا ئۆزرىنى ئۇلار ئېيتماي، مەن ئېيتىدىكەنمەن؟ دېيىشى مۇمكىن: ئۈچىنچىدىن، ۋەزىپە يۇقىرىدىن ئارتىلىپ، يوليورۇق يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن تۇرسا، ئاز ـ پاز قاتتىقراق تەدبىر بولمىسا، ۋەزىپە ئورۇندالمىسا كىمنى تاپقۇلۇق؛ تۆتىنچىدىن، ئازغىنە بىر مەسىلە چىققاندا شۇ ھەقتە ئۆزرە ئېيتىپ يۈرسەك، چوقۇم دېھقانلارنى «يامان ئۆگىتىپ» قويىمىز، ئۇ ھالدا بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئىشلىيەلەيمىز؟ دېيىشى مۇمكىن.

بۇ «سەۋەب»لەر مەلۇم دەرىجىدە ھەق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن قېنى شۇ كادىرلار ئېيتىپ باقسۇنچۇ: ھازىرقى شارائىتتا كادىر بولماق تەسمۇ ياكى دېھقان بولماق تەسمۇ؟ ھەرقانداق ئىشنى ئۆزىگە ئېلىپ ئويلاش تەس، سىزگە كەلگەن باج خىراجەتنىڭ يېرىمىنى كۆتۈرەلەمسىز، ھەر كۈنى بىرەيلەن كېلىپ سىزگە ئۆزرە ئېيتىپ تۇرسىمۇ سىز دېھقان بولۇشنى خالامسىز؟ چىن كۆڭلىمىزدىن خالاپ خەلقنىڭ توپ مەنپەئىتىنىڭ «ۋەكىلى» بولغان ئىكەنسىز، خەلق سىزدىن نارازى بولغان چاغدا، خەلققە «كەچۈرۈڭ» دېگىن دېسەك، بۇنىڭ بولمايدىغان نېمىسى بار؟

---

ـــ بۇ ۋاڭ جىنيۇ ئىمزالىق مۇھاكىمە «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2002 ـ يىلى 23 ـ سېنتەبىردىكى سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

2003

# بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ قويۇڭ

نەنچاڭ شەھرىدە «كۆكگۈلچەك» ناملىق بىر دورا دۇكىنى 31 ـ ئاۋغۇست كۈنى «ھۆكۈمەت بېكىتىپ بەرگەن پارچە سېتىش باھاسىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن% 45 ئەرزان ساتىمىز» دەپ، يەنى رېتسېپتا دوختۇرخانا يازغان دورا باھاسى 628 يۈەن بولسا، بۇ دۇكاندىن 263 يۈەنگىلا ئالالايسىز دەپ ئېلان چىقارغانىكەن. نەتىجىدە شەھەر خەلقى ئىچىدە دورا سېتىۋېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇدا ئون نەچچە كۈنگىچە ئادەملەر ئايىغى ئۈزۈلمەي بېرىپ، دەستە ـ دەستىلەپ سېتىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نەنچاڭ شەھىرىدە دورا بازىرى «باس ـ باس» بولۇپ «يەر تەۋرەپ» كېتىپتۇ: تەھدىت تېلېفونلىرى كەپتۇ، سۇخەنچىلەر پەيدا بوپتۇ، يوقىلاڭ چاتاقلارنى تېپىپ شكايەت قىلغۇچىلار چىقىپتۇ، مال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدىغان سودىگەرلەر مال بەرمەسلىككە؛ بەرگەن ماللىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر قىلىنىپتۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۆلكىلىك، شەھەرلىك ئالاقىدار تارماقلار تەكشۈرۈشكە كىرىشىپتۇ. ئۆلكىلىك تەرەققىيات ـ پىلان كومىتېتىنىڭ تاۋار باھاسى باشقارمىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بىر مەسئۇل كىشى: مال بىلەن تەمىنلىنىش ۋاستىلىرى توغرا، يوللۇق، سۈپىتى كاپالەتلىك بولسىلا ئېلىشقا ساتمىغان، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلمىغانلا بولسا «كۆكگۈلچەك» نىڭ تىجارىتىنى قوللاش كېرەك، دەپ ئېنىق ئېيتىپتۇ. («13 ـ سېنتەبىردىكى شىنخۇاشېنىڭ كۈندىلىك تېلېگراف خەۋەرلىرى»گە قاراڭ).

شۇ گېزىتنىڭ شۇ كۈندىكى «چاتما خەۋەر»لىرىدە مۇنداق گەپ بار ئىكەن:

خۇبېي ئۆلكىسىدىكى لۇگتەي ناملىق چوڭ دورىخانا ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىدا: دورىخانىمىزدىكى دورىلارنى «ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %40 ئەرزان ساتىمىز، %10 پايدا قالىدۇ» دەپ ئېلان قىلغانىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ۋۇخەن شەھرىدە 300 قانچە دورا دۇكىنى «لۇگتەي»نى دوراپتۇ؛ شۇنىڭ بىلەن دورا سېتىش جەھەتتە «تەكشى باھا بورىنى» چىقىپتۇ. نەتىجىدە شۇ دورا دۇكانلىرىنىڭ بەزىسى چېقىلىپتۇ، بەزىسى ھۇجۇمغا ئۇچراپتۇ، بەزىسىگە ھەتتا بەزىلەر ئوت قويۇۋېتىپتۇ. ۋۇخەن شەھرىدىكى ئون چوڭ دورا كارخانىسى «باھا ئىتتىپاقى» تەشكىل قىلىپ، تەكشى باھا دورا دۇكانلىرىنى جازالاپتۇ. ئۆلكىلىك، شەھەرلىك ئالاقىدار تارماقلار بۇ ئەھۋالنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك دورا ـ دەرمەككە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى ھۆججەت تارقىتىپتۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىمۇ ھۆججەت تارقىتىپتۇ. بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسى مۇنداق ئىكەن.

ۋۇخەن شەھرىدىكى ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن تەكشى باھادا پارچىلاپ دورا سېتىش بازىرى يېقىندا «پېچەت» لىنىپتۇ؛ خۇبېي ئۆلكىسى دائىرىسىدىكى پارچىلاپ ساتىدىغان دورا دۇكانلىرىنىڭ «تەكشى باھا»، «ئالاھىدە ئەرزان باھا» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەشۋىق قىلىشى مەنئى قىلىنىپتۇ.

كىشىلەرنى ئويلاندۇرماي قويمايدىغان ئىش شۇكى، ئوخشاشلا ئىككى ئۆلكىنىڭ مەركىزىي شەھرى بولغان نەنچاڭ بىلەن ۋۇخەندە، بىرلا دەريا ئايرىپ تۇرىدىغان جياڭشى بىلەن خۇبېيدا نېمە ئۈچۈن ئوخشاش بىر ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ نەتىجىسى بىر ـ بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل بولۇپ چىقىدۇ؟ بۇ ۋەقەلەردە شەھەر ئەھۋالى، ئۆلكە ئەھۋالى دەيدىغان پەرقلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. لېكىن، شۇنىسى مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتىكى، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ھۆججىتى ئېلان قىلىنىش بىلەنلا ھەرقايسى ساھەلەردە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ، سودا ـ سانائەت تارماقلىرىدىكىلەر: دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى سىياسىتىدە، قانۇن ـ قائىدىلىرىدە «تەكشى باھا»، «ئالاھىدە ئەرزان باھا» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىش مەنئى قىلىنغان بەلگىلىمە يوق دېسە، ئىقتىسادشۇناسلار: دورىنىڭ باھاسى دۆلەت بەلگىلەپ بەرگەن يۇقىرى چەكتىن ئېشىپ كەتمىسىلا، تەننەرخىدىن چۈشۈپ كەتمىسىلا ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىشى ھاجەت ئەمەس دەيدۇ؛ تەكشى باھالىق دورا دۇكانلىرىنىڭ خوجايىنلىرى بولسا، بۇ لىللا ـ توغرا رىقابەتنى ۋە بازارنىڭ ئېقىش قانۇنىيىتىنى بۇزىدىغان قىلىق ئىكەن، بازارنىڭ ئېقىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىۋاپتۇ دېيىشتى. مۇشۇنداق ئارىلىشىشنىڭ بىۋاستە ئاقىۋىتى شۇنداق بولۇپ چىقتى: ئۇ «باھانى ئاساسسىز ھالدا يۇقىرى بەلگىلەشكە مەلۇم دەرىجىدە يەل بېرىپ قويدى، بىمارلارنىڭ دورا خىراجىتىنى ئازايتىشقا پايدىسىز بولۇپ قالدى، بۇنىڭدا دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارنىڭ مونوپولىيە يولى بىلەن پايدا ئېلىشقا ۋە كەسپىي ساھە جەھەتتە نەپ ئېلىشقا ھامىلىق قىلىۋاتىدۇ دەيدىغان گۇمان بار» (ئىقتىسادشۇناسلار سۆزىدىن).

گېزىتتىكى شۇ خەۋەرلەرنى ئوقۇغاندا، ئىككى يەردىن بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان ئىككى خىل قارار چىقىرىش ئۇسۇلى، ئۇلاردىن كېلىپ چىققان ئىككى خىل ئۈنۈم، ھەتتا ئىككى خىل مۇددىئا، ئىككى خىل مەيدان ئوقۇرمەنلەرنى يېتەرلىك دەرىجىدە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە ۋە ئويلاپ كۆرۈشكە يېتەكلىمەي قويمايدۇ. شۇ تەدبىرلەرنىڭ قايسىسى يارايدۇ، قايسىسى يارىمايدۇ ۋە قايسىسى ياخشى، قايسىسى يامان، بۇ ھەقتە يەنە مۇھاكىمە قىلىش مۇمكىن. لېكىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئوقۇپ كۆرۈشكە ئىمكان بېرىدىغان مۇشۇنداق خەۋەر قىلىش ئۇسۇلى ھەقىقەتەن بارىكاللا ئېيتىشقا ئەرزىيدۇ.

---

مويىفى ئىمزالىق بۇ مۇھاكىمە «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2002 ـ يىلى 27 ـ سېنتەبىردىكى سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

**توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى**




بىرىنچىلىك سېنىڭ بولسۇن



ئاشكارىلىنىش




ئادەت



ئىشىك باقار




باتۇرنىڭ ھەيۋىسى

# يۈكسىلىۋاتقان قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى


پارتكوم سېكرېتارى: جاۋ خوڭشياڭ


مەكتەپ مۇدىرى: ئابدۇسوپۇر ئەمەت


مۇئاۋىن مۇدىر: مەمتىمىن


مۇئاۋىن مۇدىر: ئەنۋەر ئابلىمىت


مەكتەپ ئىشخانا مۇدىرى: دولقۇن تۇرسۇن


مەكتەپ پارتكوم ھەيئەت ئەزاسى: گۈلنىسا ئېلياس

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى (6 ـ ئوتتۇرا) 1956 ـ يىلى قۇرۇلغان، 1978 ـ يىلى مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن. مەكتەپنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى $83280\ m^2$ بولۇپ، ھازىر 166 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى، 3000 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچىسى بار.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قوش تىللىق ئوقۇتۇش، تەنتەربىيە ئوقۇتۇشىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان مەكتەپلەرنىڭ بىرى. بۇ مەكتەپ يۈرۈشلەشكەن ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىسىگە ئىگە بولۇپ، 141 كومپيۇتېرى بار. بۇ مەكتەپ يېقىندىن بۇيان، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، يېڭى بىر ئوقۇتۇش بىناسى سېلىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، بۈگۈنگە قەدەر جەمئىيەت ئۈچۈن نۇرغۇن ياراملىق ئىز باسارلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەر يىللىق ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش نىسبىتى 90% ئەتراپىدا بولۇپ كەلمەكتە.

---

# تەرەققىي قىلىۋاتقان ئاقسۇ شەھەرلىك 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ


مەكتەپ مۇدىرى: تۇرسۇن ھېيت


مەكتەپ پارتكوم سېكرېتارى: ئارزىگۈل توختى

ئاقسۇ شەھەرلىك 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 1981 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قۇرۇلغان.

ئاقسۇ شەھەرلىك 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغان 21 يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ مائارىپ سىياسىتى ۋە مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، يېڭىچە مەكتەپ باشقۇرۇش ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەخلاقىي تەربىيىنى يېتەكچى، ئوقۇتۇشنى ئاساس، ساپانى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئوقۇتۇش خىزمىتىدە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1996 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يولداش تۇرسۇن ھېيت مەكتەپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، خىزمەتلەرنى ئەتراپلىق ئىشلەش بىلەن بىرگە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچ چىقاردى ھەمدە ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيالماسلىقىدەك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن مەبلەغ سېلىپ 1996 ـ يىلدىن تا ھازىرغىچە 13 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ 3200 يۈەن ئوقۇش پۇلى ۋە 726 يۈەن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش خىراجىتىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا خاتىرجەم ئوقۇش شارائىتىنى ھازىرلاپ بەردى.



قورداشلار (ماي بوياق رەسىم)

ئىمىنجان ئابدۇرېھىم سىزغان

# MIRAS

# مىراس

美拉斯（维吾尔文）

2003 ـ يىل 1 ـ سان (ئومۇمىي 75 ـ سان)


«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى نەشر قىلدى.
ئادرېسى: ئۈرۈمچى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 ـ نومۇر 14 ـ قەۋەت تېلېفون: 4554017
پوچتا نومۇرى: 830001
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130/1
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 — 3829 ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58 باھاسى: 4.00 يۈەن

编辑:《美拉斯》编辑部。出版:新疆维吾尔自治区文艺家协会（乌市友好南路 22 号文联大楼 14 层）。
电话:4554017 印刷:新疆日报社印务中心 发行:乌鲁木齐邮局 订阅:全国各地邮局 国内统一刊号:
CN65—1130/1 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮编:830001 代号:58—60 定价:4.00 元